ئابلىز ئوسمان

# پۇلسىرات كۆۋرۈكى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئابلىز ئوسمان

# پۇلسىرات كۆۋرۈكى

( پوۋېست - ئەدەبىي ئاخباراتلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

鬼门关:维吾尔文/阿布利孜.吾斯曼.—喀什:喀什维吾尔文出版社,1998.8
ISBN7—5373—0658—3

Ⅰ.鬼... Ⅱ.阿... Ⅲ.①少数民族文学—维吾尔族—中篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)②少数民族文学—维吾尔族 — 作品集—中国 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I 291.5

**中国版本图书馆CIP数据核字(98)第20306号**

**喀什维吾尔文出版社出版**
**(喀什市塔吾古孜路14号 邮政编码:844000)**
**新 疆 新 华 书 店 发 行**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168**毫米** 32**开本** 8.875**印张** 2**插页**
1998**年**8**月第**1**版** 1998**年**8**月第**1**次印刷**
**印数**:1 —— 5080 **定价**:11.00 **元**



# نەشرىياتتىن

ئابلىز ئوسمان 1965 - يىل 8 - ئايدا ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇ ھازىر « ئاقسۇ گېزىتى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، ئون نەچچە پارچە ھېكايە - ئەدەبىي ئاخباراتى، بىر پوۋېستى، يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە 15 پارچە تەرجىمە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان؛ 1985 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان « ئويغاق ئەۋلاد » ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ « ساي خاتىرىلىرى » ناملىق چاتما شېئىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان؛ « تالانت، ئادەم، كېلەچەك » ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى 1990 - يىلى « تارىم » ژۇرنىلى بىلەن « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان « ئالتۇن چاغ » مۇكاپاتىغا، « ئوت ناخشىسى » ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىت ئەدەبىي بەتلىرىدىكى ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، « كەچ كۈز لىرىكىلىرى » ناملىق شېئىرى 2 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، « «پۈلسىرات كۆۋرۈكى » ناملىق پوۋېستى

« ئاقسۇ ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئوقۇرمەنلەر ئاۋاز بېرىپ ئەسەر باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ھەم 7 ـ نۆۋەتلىك « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن. ئۇ يېقىندا « ئاشۇ كېچە » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا سۇندى.

يازغۇچى ئابلىمىز ئوسمان ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


پۇلسىرات كۆۋرۈكى ( پوۋېست ) ........................ 1

تالانت ، ئادەم ، كېلەچەك ........................ 194

مۇڭتار كۈيى ........................ 218

ئوت ناخشىسى ........................ 229

يىلتىز كۆكلەيدۇ ........................ 243

# پۇلسىرات كۆۋرۈكى

## ( پوۋېست )

### 1

مەن بۇ بالىغا قاراپلا ئەندىكىپ كەتتىم: ئۇ، تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە ئايلا بولغان بوۋاقتەك، سولغۇن چىراي دادىسىنىڭ قۇچىقىدا تىپىرلايتتى. ئۇنىڭ بېشى سوقىچاق، بويىنى ئۇزۇن بولۇپ، خۇددى نوگايغىلا ئوخشايتتى. تەمەچتەك پۇت - قوللىرى تارتىشىپ قالغان بولۇپ، يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى جانسىز پىلىلدايتتى. جاۋغىيىغا تىنىمسىز سىرغىپ تۇرغان شۆلگەيلىرى بىلەن تېز - تېز نەپەسلىرىدىن چىقىۋاتقان خار - خۇر ئاۋاز ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. دادىسى بولسا كۈننىڭ تەپتىدە ئېرىپ تامچىلاشقا باشلىغان چوكا مۇز سۈيىنى ئۇنىڭ لېۋىگە تېمىتقاچ، ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەرگە سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى تولىمۇ بىچارە بولۇپ، قورۇق چۈشكەن تاتىراڭغۇ يۈزلىرىدىكى چاڭگىسىمان ساقال - بۇرۇتلىرى جۇدۇنىدىكى قىياقلاردەك ئەلەملىك تىترەيتتى. ئۇ، ئۆز يېشىدىن خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىسىمۇ، كۆزلىرىنىڭ

ئىچكىرىسىدە يالت - يۇلت چاقناپ تۇرغان بىر نۇر كىشىدە ئۆزگىچە تەسىر پەيدا قىلاتتى .

— ئەي ، ئەھلى مۇسۇلمانلار ، خۇدانىڭ پاك بەندىلىرى ، — دەيتتى ئۇ تىترەك ئاۋازدا ، — رەھىم قىلىڭلار ، بىچارە بالىغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن ...

كىشىلەر ئۇنىڭغا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل بېرىشتى . مەنمۇ بىر يۈەن پۇلنى ئۇزاتتىم ۋە كەسپىي ئادىتىمگە ئارىلىشىپ كەتكەن ھېسداشلىق ھېسسىياتىم بىلەن :

— تاغا ، ئۆزلىرى نەدىن كەلدىلە ؟ بۇ بالا نېمە كېسەللىك بىلەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى ؟ — دەپ سورىدىم .

بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، ئىستىھزا بىلەن كۈلدى . ئاندىن ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەت ×× ناھىيىسىدىن كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتكەندىن كېيىن ، بالا ھەققىدە سۆزلەپلا كەتتى :

— ھەي ئۇكام ، نېمىسىنى ئېيتىسىز ، بۇ ئەسلىدە بىر تاشلاندۇق بالا ئىدى ، ئۇنى بىر ئاق كۆڭۈل ئايال بېقىۋالغان . ئۇ مەزلۇم ئۆتكەن يىلى تۈگەپ كەتتى . شۇنىڭدىن بېرى بالىدىن مەن خەۋەر ئېلىۋاتىمەن ، بىچارە بالا بۇ يىل 10 ياشقا كىردى ، ئانا سۈتىگە قانمىغاچقىمىكىن ، كېسەلدىن خالىي بولالمىدى ، ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كۆرسەتمىگەن دوختۇر - تېۋىپ قالمىدى ، ئاخىر تاقەت قىلالماي ، تاپقان - تەرگىنىمنى يىغىپ بۇ شەھەرگە ئەكەلدىم . بۇ يەردىكى دوختۇرلار : « كۆپ مىقداردا قان بەرمىسە ، بالىنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ » دەيدۇ . مەندە نەدىمۇ ئۇنىڭغا يەتكۈدەك پۇل بولسۇن ؟ شۇنىڭ بىلەن كوچىغا چىقىپ تىلەشكە مەجبۇر بولدۇق ...

مەن ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا « قايتايلى » دېگەن ئىشارەت بىلەن ئايالىمغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتىم . ئۇ مېنى پۈتۈنلەي

ئىسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك ، جان تالىشىۋاتقان بالىغا مېھرى بىلەن تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان ئىدى . ئۇ ، بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلگەندەك ، لەۋلىرى تىترىگەن ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بوۋايدىن :

— تاغا ، بايا تاشلاندۇق بالا دېدىلىما ؟ — دەپ سورىدى .

بوۋايمۇ سەل ھەيران بولغان ھالدا ئايالىمغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە :

— شۇنداق ، سىڭلىم ، ئۇ ئەسلىدە بىر تاشلاندۇق بالا ئىدى ، ئۇنى بىر تۇل ئايال بېقىۋالغان ، — دېدى .

— ھە ، كىمدىن بېقىۋالغان ؟ — ئايالىم ياندۇرۇپ سورىدى .

— مەسچىتنىڭ ئىمامىدىن ، — بوۋاي ھەيرانلىق بىلەن ئايالىمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرىكى بىر جۈمە ئەتىگەنلىكى مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى مەسچىت ئىچىدىن يۆگەككە يۆگەلگەن ئىگىسىز بوۋاقنى تېپىۋالغان ، كېيىن بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىز - دېرىكى بولماي ، خەلىچىخان ئىسىملىك ھېلىقى تۇل ئايال بېقىۋالغان .

ئايالىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى . كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىغان ياش تامچىلىرى ئەلەملىك يالتىراپ ، كىرپىكلىرىنى نەمدىۋەتكەن ئىدى . ئۇ ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق يىللار بولغان تۇغقىنىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ تونۇپ قالغاندەك ، بوۋاي بىلەن بالىغا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ بىر نېمە دېمەكچى بولاتتىيۇ ، نېمىشقىدۇر ئاغزىدىن گەپ چىقمايتتى . مەن بىز توي قىلغاندىن بۇيان يۈرىكىمىزنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپلا ئەنسىرەشكە باشلىدىم . چۈنكى ، ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا ئايان ئىدى . بىرەر ئىشتىن

قاتتىق خاپا بولسا ياكى ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلانسا، تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ ھوشىدىن كېتىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇنى دەرھال قولتۇقلاپ، تەمكىنرەك بولۇشقا ئاگاھلاندۇردۇم. بىراق، مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇ، ئاۋۋال جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى، ئاندىن چىشلىرى كىرىشىپ، قارىچۇقلىرى تارتىشىپ، خۇددى بىر ھەيكەل ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، ماڭا يۆلەنگىنىچە يەڭدەپ قالدى. پۇت - قوللىرىنىڭ پەيلىرىمۇ تارتىشىپ قالغان بولسا كېرەك، گىپس بىلەن قاتۇرۇۋەتكەندەك تۈپتۈز ھالەتتە ئىدى. بۇ، بىزنىڭ شىمالىي شىنجاڭنىڭ چەت بىر يېزىسىدىكى 10 يىللىق سۇر گۈنلۈك ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئورنىمىزغا قايتىپ كەلگىلى بىرەر ئاي بولا - بولمايلا ئۇرۇمچىنىڭ قايناق، ئاۋات دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا بولۇۋاتقان ئىش ئىدى.

مەن ئايالىمنى خۇددى ئۆلۈكنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇراتتىم، ئەتراپىمىزغا ئادەملەر ئولاشماقتا ئىدى. مەن ھودۇققان ھەم تەمتىرىگەن ھالدا ئۇنى يەڭگىل سىلكىپ چاقىرىشقا باشلىدىم:

— سانىيە، سانىيە، كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ!

ئۇ، پۇشۇلداپ تىنىغىنىچە جىمجىت ياتاتتى. كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىۋاتقان ياش مەڭزىگىچە ئېقىپ چۈشكەن ئىدى. ئارىدىن بىر سىنىڭ ھېسداشلىقى قوزغالدى بولغاي، كىچىك ماشىنىدىن بىرنى توسۇپ توختىتىپ، مېنى چاقىردى. مەن «ئۇھ» دەپ بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، يەڭگىللەپ قالغاندەك تېز - تېز قەدەم تاشلاپ ماشىنا يېنىغا كەلدىمۇ، ئىختىيارسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. كۆزۈم ھېلىقى بوۋاينىڭ كۆزى بىلەن تەبئىي ھالدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ، تەمتىرىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى

ئۆمەللەيدىيۇ، نېمشقىدۇر قۇچقىدىكى بالىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ، ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. مەن شوپۇرنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن ماشىنىغا چىقتىم. سانىيە قۇچقىمدا ئۇخلاۋاتقاندەك ياتاتتى. ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

ماشىنا تېز كېتىۋاتاتتى. مەن جىمجىت ئولتۇرغان ھالدا خىيالغا چۆككەن ئىدىم. قەلبىم چىدىغۇسىز ئازاب ۋە ئەلەم بىلەن تولغان ئىدى: «ئاھ خۇدا، 10 يىل تارتقان جاپالىرىمىزنى ئۇنتۇپ، ئەمدى خاتىرجەم ياشارمىز دەپ ئويلىۋىدىم، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يېڭى ئۆيىمىزنى تۈزەشتۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ سىرتقىمۇ تۈزۈك چىقالمىغان ئىدۇق، بۈگۈن بازار ئايلانغاچ ھاردۇقىمىزنى چىقىرارمىز دېسەم ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى...» مەن خۇرسىنغان ھالدا شۇنداق ئويلىدىم. خىيالىمغا ئەمدى ھېلىقى نىمجان بالا كەلدى. «راستىتىنلا شۇمىدۇ؟» دەپ پىچىرلىدىمەن ئۆز-ئۆزۈمگە. شۇ ھامان ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى-دە، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. سانىيە بىر خىللا ياتاتتى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغىنىمچە تويىمىز بولۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدىم.

* * *

ئېسىمنى بىلگۈدەك بولسام، ئۆيىمىز ئۈرۈمچىدىكى بىر تېخنىكوم مەكتەپتە ئىكەن. دادام مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىمى، ئانام بولسا مەكتەپ ئىشخانىسىدا ئىشلەيتتى. دادام ئېگىز، ئورۇق كەلگەن ئادەم بولۇپ، تولىمۇ كەم سۆز ھەم خىيالچان ئىدى. كۆپ ۋاقىتلىرى كىتاب-ماتېرىيال كۆرۈش ياكى ئۇنى-بۇنى جىجىلاپ يېزىش بىلەن ئۆتەتتى. مەن ئۇنى كۆزلىرى قىزىرىپ، ساقال-بۇرۇتلىرى

ئۆسۈپ كەتكەن ھالەتتىلا كۆرەتتىم. ئانام خۇشخۇي، گەپدان ئايال بولۇپ، دائىم ئۇنى ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشكە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

ئۇ چاغدا مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. ئۆزۈم شەھەردە ئاتا - ئانامنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا خۇشال - خۇرام يېتىلىۋاتقان بولساممۇ، نېمىشقىكىن، شۇنچە تونۇش ھەم ناتونۇش بولغان يىراق بىر جاي — يېنىدىلا كۈمۈشتەك ئاپئاق قارلىق چوققىلار يالتىراپ تۇرىدىغان، قوينى سەھەر ۋە كەچلىكى قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازى بىلەن قىزىپ كېتىدىغان چەت بىر سەھرا يات - ياتلا خىيالىمغا كىرىۋالاتتى. مەن بۇ جاينى ئوڭۇمدا ياكى چۈشۈمدە كۆرگەنلىكىمنى ئاڭقىرالمايتتىم، قانداق بولۇپ شۇنداق بىر مەنزىرىنىڭ خىيال ئېكرانىمدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى تېخىمۇ دەپ بېرەلمەيتتىم. ئىشقىلىپ، بالىلىق قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزۈممۇ جاۋابىنى تاپالمايۋاتقان بىر سوئال بەلگىسىنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى شۇنچە غۇۋا ھېس قىلاتتىم. كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ماجىرا تۈپەيلىدىن بۇ سوئال بەلگىسى گويا بۇلۇتلار ئورىۋالغان ھىلال ئاي بىردىنلا زەڭگەر بوشلۇقتا يۈز ئاچقاندەك روشەنلىشىپ، مېنى تېخىمۇ ئويچان قىلىپ قويدى. بىزنىڭ سىنىپتا دادىسى دادام بىلەن تازا ئەپ ئۆتمەيدىغان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. بىر قېتىملىق تەنتەربىيە دەرسىدە ئىككىمىز ئۆرۈشۈپ قالدۇق، ئۇ دەسلەپتە تۇيۇقسىز تۇرغانلىقىمدىن پايدىلىنىپ بىر ئىتتىرىپلا مېنى يىقىتىۋەتتى. ئاچچىقىمدا ئورنۇمدىن تۇرغان پېتى بىر مۇشت ئېتىۋىدىم، ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى، ئاڭغىچە بالىلار بىزنى ئايرىۋالدى، ئۇ يىغلىغان ھالدا كېتىپ قالدى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئازازۇل ئانىسى

ئۇنى يېتىلىگەن پېتى چىقىپ مەيداننى بېشىغا كىيدى ھەم مېنى ئىككى تەستەك ئۇرغاندىن كېيىن، پېشانەمنى نوقۇپ تۇرۇپ:

— ھوي، سەھرالىق يېتىم ئوغلاق قەلەندەر، بۇ يەرگە كېلىپ دادىدىن بىرنى تېپىۋېلىپلا ئادەم ئۇرغۇدەك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ كۆتۈڭنى غىت قىسىپ يۈر، بولمىسا ماۋۇ قورايدەك قوللىرىڭنى سۇندۇرۇپ تاشلىماي يەنە، — دەپ تىل - ئاھانەت قىلىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمىدېيىشىمنى بىلەلمەي داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم، خورلۇق - ھاقارەتتىن كۆزلىرىم ئاچچىق ياشقا تولدى. يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ، ئانامغا ئېسىلغىنىمچە يىغلاپ كەتتىم، ئانام بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپلا تاتىرىپ كەتتى. ئاندىن ماڭا تەسەللى بېرىپ:

— ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرگە قۇلاق سالما، بالام، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ ئۇ زاتى پەس، سەنچۇ، مۇشۇ شەھەردە، مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلغان، — دېدى مېنى باغرىغا بېسىپ.

مەن ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر ئىچ - ئىچىدىن تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. دادام بولسا ماڭا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، تاماكىسىنى ئاچچىق - ئاچچىق شوراشقا باشلىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى نېمىشقىكىن ئۆزگىرىپ قالدى. ئىلگىرىكىدەك پات - پاتلا بېشىمنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، ئوقۇشىنىڭ، كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلەپ، نەسىھەت قىلمايدىغان بولدى. گاھىدا ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدە شۇنداق بىر سوغۇق ئۇچقۇن چاقنايتتىكى، تەنلىرىم شۈركىنىپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئانام ۋىلىلدە قىزىرىپ: «ھۇسەنجان، تولا داداڭنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، بىردەم ئويناپ كىرگىنە، بالام» دەپ ئوتتۇرىدىكى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئوڭايسىزلىقنى تۈگەتمەكچى بولاتتى. بۇنداق

ئەھۋال بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، دادام ماڭا بىردىنلا يات تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھېلىقى ئايالنىڭ «يېتىم ئوغلاق» دېگەن سۆزى بىلەن خىيالىمدىن كەتمەيدىغان ئاشۇ غۇۋا يىراق جاي ئۆزئارا گىرەلىشىپ، مېنى تېخىمۇ كۆپ ئويلاي-دىغان قىلىپ قويدى. مەن ئاخىر تاقەت قىلالماي، بىر كۈنى ئانامدىن:

— بىز يىراق بىر جايدىن كەلگەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئانام چۆچۈگەن ھەم ھەيران بولغان ھالدا ماڭا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— مەڭدەپ قالغاندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ بالام، دېدىمغۇ، سەن مۇشۇ شەھەردە، مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، — دېدى نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئازابلىنىشۋاتقانلىقى، يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. مەن يەنە كۆڭلۈمگە پۈككەن نۇر-غۇن سوئاللارنى سورىماقچى بولدۇمىيۇ، ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ھەممىنى بوغۇزۇمغا يۇتتۇم.

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتتۈۋەردى. مەنمۇ ئانامغا تۇ تۇغرۇ-لۇق ئىككىنچى ئېغىز ئاچمىدىم. دادامنىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، ماڭا يەنە كۈلۈپ قارايدىغان، ئوقۇغان كىتابلىرىدىكى ۋەقەلىكلەرنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ، مېنى كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇشقا رىغبەتلەندۈ-رىدىغان بولدى. شۇنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، مەن تېخىمۇ كىتابخۇمار بولۇپ كەتتىم. مىجەزىم چوڭ ئادەملەرنىڭكىدەك ئې-غىرلىشىپ، باللارغىمۇ ئارىلاشماي يالغۇز يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. قولۇمغا بىرەر پارچە كىتاب چۈشۈپ قالسا، ئوقۇپ تۈ-

گەتمىگۈچە بولدى قىلمايتتىم. بىراق، نېمىشقىدۇر تۇيغۇمدىكى
ھېلىقى غۇۋا جاينى — چۆلدىكى ئالۋۇندەك مېنى ئۆزىگە تىنىم-
سىز تارتىپ تۇرغان ئاشۇ ئېزىتقۇ خىيالنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ
ئۇنتۇيالمىدىم. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ھاياتىمنىڭ مۇشۇ شەھەردە
ئۆتۈۋاتقانلىقى شۇنچە ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ خۇددى بالىلىقىم-
دىن ئىلگىرىكى يەنە بىر بالىلىقتەك، مەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا
ئانامنىڭ سۈتىدە ئاپىرىدە بولۇپ، ئاندىن مېنىڭ ۋوجۇدۇمغا
سىڭگەندەك سېھىرلىك سايىسى قەلبىمدە لەيلەپ يۈرەتتى.
يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مەندىكى بۇ تۇيغۇ تېخىمۇ
كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزۈمدە ئاجايىپ بىر غەيرىي
پسىخولوگىيىلىك ھالەتنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىم-
نىڭ، روھىمنىڭ ياتىسى گويا ھېلىقى يىراق جايغا ئۇچۇپ
كەتكەندەك، ئۆزۈمنى تولىمۇ كەمتۈك ھەم ئاجىز ھېس قىلىدىغان
بولۇپ قالدىم. ئانامۇ مېنىڭ كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كې-
تىۋاتقان چىرايىمغا قاراپ ئەندىشىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇ، پات -
پاتلا مېنى يېنىغا تارتىپ پېشانەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «يېمىگەننى
يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ بېقىۋاتساقمۇ، ئەت ئالماقتا يوق
ئىستىغالىشىپ كېتىۋاتىسەن، بالام، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟» دەپ
سورايتتى. مەن مىسكىن ھالەتتە بېشىمنى چايقايتتىم. كېيىن
مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرتكەنمۇ
بولدى، ھەممىسىدە تەن سالامەتلىكىمگە نورمال دەپ دىئاگنوز
قويۇلدى. بىراق، ئانام يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ
مېنى بىرەر موللا تېپىپ ئوقۇتۇپ باققۇسى بار ئىدى. پەقەت
دادامنىڭ سوغۇق كۆلگىنىچە بېشىنى چايقاپ: «چوڭ مەسىلە
يوق، نېرۋىدىكى ئۆتكۈر سېزىمچانلىقنىڭ تەسىرىدە شەكىللەن-
گەن روھىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاستا - ئاستا ياخشى
بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن گېپى بىلەن بۇ ئىشنى ئىككىنچى تىلغا

ئالمىدى. نېمىشقىكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش
جىمغۇر ھەم ئويچان بولۇپ قالدى. مەن تېخىمۇ خامۇشلىشىپ
كېتىۋاتاتتىم. مېڭەمنى گويا پولات قالپاق بىلەن ئوراپ
قويغاندەك، ئەتراپىم شۇنچە غۇۋا تۇيۇلاتتى. بىراق، ھېلىقى
جاي — پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلىۋالغان شۇ سېھىرلىك ما-
كان كۆز ئالدىمدا شۇنچە روشەن گەۋدىلىنەتتى. بىر ئاخشىمى
مەن ئۇ يەرنى چۈشۈمدە كۆردۈم: كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زەڭ-
گەر شولا ئىچىدە ئاپئاق تاغ چوققىلىرى ھەيۋەت بىلەن قەد
كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان ئانا سۇ-
تىدەك پاك بىر دەريا يېقىنلا يەردىكى بوستانلىق ئىچىگە ئېقىپ
تۇرغۇدەك، مەن بىر توپ باللار بىلەن قىيغىتىپ قوغلاشقىنىمچە
دەريا بويىغا كەپتىمەن. ئەتراپ ياپيېشىل، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ
چايقىلىپ تۇرارمىش. بىز ئانىدىن تۇغما ھالەتتە دەرياغا ئۆزد-
مىزنى ئېتىپتىمىز. تۈرۈم - تۈرۈم دولقۇنلارنى يېرىپ، بېلىقتەك
ئەركىن ئۈزۈۋاتقۇدەكمەن. سۇنىڭ تېنىمگە، يۈرىكىمگە ئۇرۇل-
غاندىكى لەززەتلىك تۇيغۇدىن بەختكە چۆمگۈدەكمەن، بىر چاغدا
بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، قىرغاقتا ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك
ئوخشىشىدىغان بىر بالا كۈلۈپ تۇرارمىش. مەن: «ھوي، مې-
نىڭدىن يەنە بىرسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاپ
قاپتىمەن، ھېلىقى بالا گەپ - سۆز قىلماستىن كېتىپ قاپتۇ-
دەك، مەن سۇنىڭ ئىچىدىن ئۇچۇپ چىققىنىمچە ئۇنى قوغلاشقا
باشلاپتىمەن. ئۇ كەينىگە قاراپ بىر خىللا كۈلۈپ قويغىنىچە بىر
مەھەللىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولغۇدەك. مەن ئۇنى
ئىزدەپ ئۇتتۇرلا بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپتىمەن، سۇ-
پىدا بىر بوۋاي خىيال سۈرگىنىچە ئولتۇرارمىش. ئۇ، مېنى
كۆرۈپلا گەپ - سۆز قىلماستىن، باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ كەت-
كۈدەك. ئۇنىڭ يىرىك ساقال - بۇرۇتلىرى يۈزلىرىمنى

قىچىشتۇرۇۋەتكەچكىمىكىن، ھە دەپ يۇلقۇنارمىشمەن ...

چۆچۈپ ئويغانسام، ئۆيىمىزدىكى قېرى مۈشۈك ياستۇقۇمنىڭ يېنىدىلا خورقىراپ يېتىپتۇ. تۈكلىرى يۈزلىرىمگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چۈشۈمنى بۇزۇۋەتكەنلىكىگە ئاچچىقىم كېلىپ «پەش» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇنداق سەت ئەسنىدى، ئاندىن بەدىنىنى سىلكىپ، تۈكلىرىنى ھۈرپەيتكىنىچە ئايىغىم تەرەپتىكى بۇلۇڭغا بېرىپ سۇنايلىنىپ ياتتى. شۇ ھامان ئانامنىڭ: «مۈشۈك بىر ئۆيدە يەتتە يىل تۇرسا جىنغا ئايلىنارمىش. بۇ جانىۋارغىمۇ ئالتە يىل بولۇپ قالدى، ئاستا كۆزدىن يوقاتمىساق» دېگەن گەپلىرى ئېسىمگە كېلىپ تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. يېنىمدىكى كىتابنى بىر ئېتىۋىدىم، مياۋلىغىنىچە سىرتقا ئۆزىنى ئېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەن «ئۇھ!» دەپ بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىمنى ياستۇققا قويۇپ، بەھۇزۇر ھالدا ھېلىقى كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلاشقا باشلىدىم. چۈشۈمدىكى كۆرۈنۈش خىيالىمدىكى ھېلىقى يەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئويلىغانسېرى نېمىشقىكىن تېرىلىرىم كەگرىپ، روھلىرىم ئۇرغۇپ، ئۆزۈمنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. كېيىن ئانامغا دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ماڭا يەر تېگىدىن سۈرلۈك قاراپ قويۇپ: «ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، چۈشۈڭ چۈش بولغاي. بالام» دەپلا قويدى. ھېلىقى بوۋاي بىلەن ماڭا ئوخشىشىدىغان بالىغا ھېچقانداق تەبىر بەرمىدى. مەنمۇ لام - جىم دېمىدىم. بىراق، ئاشۇ يەرنىڭ، ئاشۇ دەريانىڭ كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەن تەڭ چۈشۈمدە يەنە ئايان بولۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىم. كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈۋاتاتتى. مەنمۇ تولۇقسىزنى تاماملاپ، تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنىش ئالدىدا تۇراتتىم. ئۆزۈممۇ تېگىگە يېتەلمەيتتىم، بويۇم ئۆسۈپ يىگىتلىككە قاراپ يېتىلىۋاتقان، پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك

جەھەتتىن بەزى ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بول-ساممۇ، نېمىشقىكىن ئاشۇ غەلىتە تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. ئۆزۈمنى ھامان تەنھا — چۈش ۋە خىيال ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن تۆرەلگەندەكلا ھېس قىلاتتىم. دادام بىلەن ئاناممۇ مېنىڭدىن ئاللىقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۆيلىنىغانسېرى ئاچچىقىم كېلەتتى، بوغۇلاتتىم، ئۇلارغىمۇ گەپ قىلغۇم كەلمەس بولۇپ قالغان ئىدى.

مەلۇم بىر ئاخشىمى يەنە شۇنداق بىر غەلىتە چۈش كۆر-دۇم، خىيالىمدىكى ھېلىقى يەرمىش، ئاپئاق تاغ چوققىلىرى ئوخشاشلا زەڭگەر بوشلۇقتا ئالماستەك ۋالىلداپ تۇرارمىش. بىر توپ كىشىلەر بىر جىنازىنى كۆتۈرگىنىچە قىيا - چىيا قىلىشىپ دەريا بويىدىكى قەبرىستانلىققا كېتىپ بارغۇدەك. ھەممىنىڭ ئال-دىدا بېلىگە ئاق باغلاپ، «ۋاي دادام» دەپ ھازا ئاچقىنىچە ماڭغىنى ھېلىقى ماڭا ئوخشىشىدىغان بالىنىڭ دەل ئۆزىمىش. مەن ئۇلارنى قوغلاپتىمەن، بىراق ھەرقانچە يۈگۈرسەممۇ يېتىشەلمىگۈدەكمەن... بىر چاغدا ئانامنىڭ تۇرتۇپ سىلكىشى بى-لەن ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈم ياش يۇقى، يەنىلا ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتىم.

— نېمانداق سەت يىغلايسەن، بىرىمىز ئۆلگەندەك، — دېدى ئانام ئاچچىق ئەسنەپ.

— ھېلىقى بوۋاي قازا قىلىپ كەتتى! — دەپ ۋارقىرىدىممەن باش - ئاخىرى يوقلا، ئۇنىڭ چۈشۈمنى بۇزۇ-ۋەتكەنلىكىگە راستتىنلا غەزىپىم ئۆرلىگەن ئىدى.

ئانام گاڭگىرىغان، چۆچۈگەن ھالدا ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ، خىيالىمدا ئاللىقاچان رېئاللىققا ئايلىنىپ بولغان ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن؟

— نېمە دەپ جۆيلۈيدىغانسەن، بالام، ئۆيىمىزدىكى قېرى

مۈشۈك جىنغا ئايلىنىپ ساڭا چاپلاشتىمۇ ـ نېمە ؟ — دېدى ئۇ ئەندىككەن، قورقۇمسىرىغان ھالدا.

مەن گەپ ـ سۆز قىلمىدىم، نېرۋىلىرىم چىڭقىلىپ ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى. نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتتىم. ھېلىقى ئىشلار چۈشۈمدە ئەمەس، بەلكى خىيالىمدىكى ھېلىقى يەردە راستتىنلا بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئەتىسى دادام مېنى ئايرىم چاقىرتىپ، بىر ھازاغىچە گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن تاماكىسىنى قېنىپ ـ قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگىنىچە مۇلايىملىق بىلەن:

— يۈرىكىڭنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئوغلۇم، ھەقىقەتەنمۇ ۋىجدانلىق يىگىت بولۇشقا مۇناسىپسەن، — دېدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇ مەن ھەققىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئويلىغان يۈرەك سۆزلىرىنى دەۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ھاڭۋاققىنىمچە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم، — كۆزلىرىڭدىن چېچەنلىكىڭ، ئاز ئۇچرايدىغان تۇغما سەزگۈرلۈكۈڭ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنى بىر خىل تالانت دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. بىراق، سەن بۇ خىل ئىقتىدارنى ئۆزۈڭگە يۈك، قەپەس قىلىۋالساڭ بولمايدۇ، ئۇنى قاناتلاندۇرۇشۇڭ، ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇشۇڭ كېرەك، چۈشەندىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلگىنىمچە ئۈندىمىدىم. ئۇ، دولامغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، سېنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭغا تازا باب كېلىدۇ. ئويلىغانلىرىڭنى، چۈش ـ خىياللىرىڭنى يېزىپ

باق، يەڭگىللەپ قالىسەن، روھىي كەيپىياتىڭمۇ ياخشىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مەن چۈشەندىم. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ مېنىڭ قەلبىم بىلەن مەۋھۇم رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا چىگىشلىشىپ قالغان ئاللىقانداق پاكىتنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېنى شۇ دەرىجىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلغىنىغا ھەيران قالدىم. كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇپ، ئۆزۈمنى بىر سېھىرلىك ئۆڭكۈر ئىچىدىن چەكسىز كەتكەن يېشىل دالىغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇزاقتىن بۇيان ئوقۇغان كىتابلىرىمدىكى ۋەقەلىك بىلەن چۈش - خىياللىرىم گىرەلىشىپ، مېنى تىنىمسىز ئىسكەنجىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. نېمىشقىدۇر ئازابلىناتتىم، تىت - تىت بولاتتىم. نېمىندۇر يازغۇم كېلەتتى، ئەمما يازالمايتتىم، نەگىدۇر بارغۇم كېلەتتى، بارالمايتتىم. ئەمدى بىلدىم، ئاشۇ سېھىرلىك ئۆڭكۈر — خىيالىمدىكى ئاشۇ يەر مېنى شۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئىكەن. مانا ئەمدى يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغان ئىدىم، روھىم كۆتۈرۈلۈپ، قانلىرىم ئۇرغۇيتتى. ۋۇجۇدۇمدا قۇتراۋاتقان ئاللىقانداق كۈچ - شىجائەت تۈرتكىسىدە مۇشتلىرىم تۈگۈلەتتى.

ئارىلىقتا يەنە بىرقانچە يىل كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. مەنمۇ × × تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئىدىم. باشقا ئىشلار — خىزمەت، تۇرمۇش، ئەتراپتىكى مۇھىت بىر خىللا تۇيۇلاتتى. كۆرگەن چۈشلىرىمنىڭ، سۈرگەن خىياللىرىمنىڭ، يازغان خاتىرىلىرىمنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. بىراق، ئاشۇ كۈنى — ھاياتىمدىكى پۈتكۈل بەخت ۋە بەختسىزلىكلىرىمنىڭ، خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىمنىڭ مەنبەسى بولغان ئاشۇ سېھىرلىك چۈشنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، يازلىق تەتىلنىڭ تۈگىشىگە يەنە بىرنەچچە كۈنلا ۋاقىت قالغان ئىدى. شۇ چاغلاردا روھىمدا يۈز بېرىۋاتقان كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم. ئەگەر چۈشەندۈرۈش توغرا كەلسە، شۇنداق بىر ئاسادىيپى چۈشتىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلەتتى.

ئاھ، خۇدا! يەنە شۇ ھېلىقى يەر دېگۈدەك، ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ، ئاسماندىكى تولۇن ئاي تەپتەكشى شولا تۆكۈپ تۇرارمىش. ساھىلى ياپيېشىل چىمەنلەر بىلەن ئورالغان ئاشۇ دەريا بىر خىللا يالت - يۇلت چاقناپ تۇرغۇدەك. بىر قىز — پەرىزاتلاردەك بىر ساھىبجامال قىرغاقتىلا ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرغۇدەك. مەن ئۇنىڭغا دەسسىگەندەك لەرزان قەدەم بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئېتىپتىمەن... بىر چاغلاردا ئۇنىڭ تاشنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك ئاتلىق يىغىسى دەريانىڭ يەڭگىل شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ كەتكۈدەك...

ئەتىسى ئويغىنىپلا ئۆزۈمنى باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، باشقىلار ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئانامنىڭمۇ ماڭا شۇمۇ - ئەمەسمۇ دېگەندەك ئايغىمدىن - بېشىمغىچە سىنچىلاپ قاراپ كېتىشلىرى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. ئىلگىرىكى تەنھالىقىم، ۋۇجۇدۇمنى بېسىپ تۇرغان خىيال تاغلىرى قاياقلارغا كەتتىكىن؟ بىردىنلا يەڭگىللەپ كېتىۋاتاتتىم. ئىچ - ئىچىمدىن ئاجايىپ بىر خۇشاللىق قۇترايتتى. ئۇزاق مەزگىل ھىجران جۇدۇنىدا شۇمشەيگەن ئاشىق باھارىستاندا ئۆز مەشۇقى بىلەن دىدارلىشىپ ۋىسال شادلىقىغا چۆمگەندەك ھاياجانلىناتتىم، راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم. خۇددى تۇيۇم بولىدىغاندەكلا بىر تۇيغۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرماشقا

باشلىغان ئىدى. ئاجايىپ لەززەتلىك بىر سېزىم تومۇر ـ تومۇرلىرىمنى غىدىقلايتتى. بىراق، كىم بىلەن، قاچان توي قىلىدىغانلىقىمنى دەپ بېرەلمەيتتىم. ئىشقىلىپ، ھازىر غىچە بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان روھىمنىڭ پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان قۇشتەك قانات قېقىۋاتقانلىقىنى شۇنچە ئېنىق ھېس قىلاتتىم. نېمىشقىدۇر ۋارقىراپ يۈگۈرگۈم، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغۇم كېلەتتى. ئۇچرىغانلا ئادەمگە چاقچاق قىلغۇم، ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈشكۈم كېلەتتى. بىر كۈنى خىزمەتداشلىرىمدىن بىرقانچىسى بىلەن شۇنداق قىزىق چاقچاقلىشىپ كېتىپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ:

— ئاداش، يېقىندىن بېرى باشقىچىلا بولۇپ كېتىۋاتىسەن، قىزدىن بىرەرنى كەلتۈرگەن ئوخشىمامسەن، — دېيىشتى.

— ياقەي، — دېدىم مەنمۇ ئويلانمايلا، — بىرسى مېنى كەلتۈرۈۋالغاندەك قىلىدۇ.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار تېخىمۇ قىزىقىپ.

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، — دېدىم مەنمۇ ئۇتتۇرلا.

— چاقچاقنى ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ، — دېيىشكىنچە كۈلۈشۈپ كېتىشتى ئۇلار.

مەن راست گەپنى — چۈشۈمدىكى ھېلىقى قىزنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق دېگەن ئىدىم. بىراق، ئۇ بىر چۈش ـ تە! تۇساتتىن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن چۆچۈپ كەتتىم: «ھوي، ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ ئۆيىمىزدىكى ھېلىقى قېرى مۈشۈك راستتىنلا جىنغا ئايلىنىپ ماڭا چاپلىشىۋالمىغاندۇ ـ ھە؟»

كارامەتنىڭ تېخى ئالدىمدا ئىكەنلىكىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. ئاشۇ كۈنى — ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى كۆرگەن ئاشۇ سېھىرلىك چۈش — روھىستانىمدا يۈز بەرگەن ئاشۇ رېئال

پاجىئەنىڭ ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن.

شۇ كۈنى بىر خىزمەتدىشىمنىڭ تويىدىن كەچ قايتىپ كەلدىم، بۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينىشىم ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئىدى. شارابنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ كەيپىم ناھايىتى چاغ ئىدى. قۇلاق تۈۋىمدىن شۇ كۈنى ياڭرىغان توي ناخشىسىنىڭ ساداسى كەتمەيتتى. تويى بولغان قىز - يىگىتنىڭ بەختتىكە چۆمگەن ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىشى بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز خۇرسىنىپ: «بەلكىم ئۇلار ھازىر ...» دەپ شىۋىرلايتتىم. شۇ ھامان چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى قىز خىيالىمغا كىرىۋالدى ... بىر چاغلاردا شۇنداق تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن ...

سۇلار داۋالغۇيتتى، ئاسمانى قويۇق كۈل رەڭ بۇلۇت ھەم تۈتەك قاپلىۋالغان ئىدى. ھېلىقى يالتىراپ تۇرىدىغان ئاپئاق تاغ چوققىسىمۇ قاياقلارغا كەتتىكىن؟ ئەتراپتا ئىنسۇجىن يوق، پەقەت قاق بەلگىچە سۇغا چېلىنىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئۆيلەر كۆزگە چېلىقاتتى. مەن سۇ ئىچىدىن بېشى ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاتنىڭ يايلىغا مەھكەم ئېسىلغىنىمچە تەنھا ھالدا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتىم. كۆزۈم ئەتراپىمدا داۋالغۇپ تۇرغان چەكسىز سۇ ئىچىدىن كىمنىدۇر ئىزدەيتتى، نېمىنىدۇر تەقەززا بولاتتى. تۇساتتىن بىرسىنىڭ يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك سوس ئىڭرىغان ئاۋازى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئاۋاز ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى لەيلەپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان كونا تاملىق ئىچىدىن كېلىۋاتاتتى. مەن بىردىنلا ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، ۋۇجۇدۇمدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان ئاللىقانداق كۈچ تۈرتكىسىدە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ بېلىقتەك شۇڭغۇشقا باشلىدىم. ئۆي ئىچىگە كىرىشىم بىلەن تەڭ، بۇقىنىڭ ھۆركىرىگىنىدەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز يەر - جاھاننى تىترىتىۋەتتى،

ئاندىن تۇرۇم - تۇرۇم دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىپ، شىددەت بىلەن ئۆركەشلەۋاتقان بىر قاينام ئۆي بىلەن قوشۇپ مېنى سۇ ئاستىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى...

مەن ئۆلگەن ئىدىم... تەسۋىرلىگۈسىز لەززەتلىك تۈيغۇلار قاينىمىدا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان ئىدىم... بىر چاغلاردا كىشىلەر مېنى جىنازىغا سېلىپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىشتى. مۇردام يەرلىككە قويۇلۇپ، ئىخلاس چالمىلىرى ئەتراپىمغا تىزىلدى. يەتتە كەتمەن مۇقەددەس توپا تاشلىنىپ، مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ، ئەتراپنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى. ئاندىن بىر قىزنىڭ ھازا ئېچىپ شۇنداق ئاچچىق ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى ئاڭلاندىكى، توختاپ قالغان يۈرىكىم قايتىدىن سوقۇشقا باشلىدى. مەھكەم يۇمۇلغان كۆزلىرىم ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن تۆكۈلۈۋاتقان نۇر لەھەت ئىچىنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتتى. مەن ئۇ قىزنى غۇۋا كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ، ماڭا شۇنچە تونۇش ھەم ناتونۇش، شۇنچە يېقىن ھەم يىراقتا تۇيۇلاتتى. بىراق، مەن ئۇنى ئېنىق تونۇدۇم: ئۇ، ھېلىقى چاغدا دەريا بويىدا ئۇچراتقان قىزنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ رۇخسارىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈش تەشنالىقىدا ئۈستۈمدىكى كېپەنلەرنى يىرتىپ تاشلاپ، قەبرە ئىچىدىن چىقىش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن يۇلقۇنۇشقا باشلىدىم...

شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. پۈتۈن بەدىنىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ئىدى. ئەگەر ئانام تۇتۇۋالمىغان بولسا، دومىلىغىنىمچە پەسكە چۈشۈپ كېتەركەنمەن. سىرتتا قاراسلاپ چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

— يەنە نېمە بولغانسەن، جېنىم بالام، — دېدى ئانام ماڭا تەشۋىش بىلەن قاراپ.

مەن تورۇسقا مىختەك قادالغىنىمچە ئۈندىمىدىم. ئۆگە-ئۆگىلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بەدەنلىرىم بوشىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. كالپۇكلىرىم قوقاق بىلەن تولغان ئىدى. بىر كېچىدىلا شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدىمكى، روھىم تېنىمدىن ئاجراپ يىراق بىر جايغا ئۇچۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈم تىرىك مۇردىغا — ئادەم شەكلىدىكى گۆش ۋە ئۇستىخان دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەكلا بىر تۇيغۇغا چۆممەكتە ئىدىم. قۇلاق تۈۋىمدىن سۇنىڭ شاۋقۇنى، قايىنامنىڭ شىددەت بىلەن ئۆركەشلىگەن ئاۋازى كەتمەيتتى. بۇ ئاۋاز بارا-بارا كۈچىيىپ، خۇددى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىشقا باشلىدى. ئەزرائىلنىڭ تىنىقى يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. ھېلى چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىغان ئىدىم. «ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. ئاخىر بولالماي ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، بىلىكىمدىن ئاسما ئوكۇل ئېسىشىپتۇ، ئانام بېشىمدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. كۆزۈمنى ئاچقانلىقىمنى كۆرۈپلا چىرايىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. «جېنىم بالام، ئادەمنى قورقۇتمىساڭچۇ» دېگىنىچە باش-كۆزلىرىمنى سىلاشقا باشلىدى، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ سۈس كۈلۈمسىرىدىم، بىر نەرسە دېمەكچى بولاتتىمۇ، ئاغزىمغا گەپ كەلمەيتتى. بەدەنلىرىم شۇنچە ئېغىر، قۇلاق تۈۋىمدىن سۇنىڭ شارقىراشلىرى كەتمەيتتى. بۇ خىل ھالەت

داۋاملاشـقانـسـىرى بىر سى گېلىمنى سىقىۋاتقاندەك قىينىلاتتىم، ئىڭرايتتىم...

شـۇ يـاتـقانچە بىرەر ھەپتىدەك يېتىپ كەتتىم. دوختۇرلار قـايـتـا ـ قايتا دىئاگنوز قويۇپمۇ كېسىلىمنى تاپالمايۋاتاتتى. ئەك- سىچە، ئىچكى ئەزالىرىمنىڭ تولىمۇ ساغلاملىقىنى ئېيتىشتى.

ــ كـېـسـىـلـى بولمىسا شۇنداق ئېغىر يېتىپ قالارمۇ؟ ــ دەپ قار ـ يامغۇر يىغلايتتى بىچارە ئانام.

دوخـتـۇرلارمۇ بۇ ئىشقا ھەيران قېلىۋاتقاندەك، ئۇنـدىـمەسـ تـىـن بـاش چايـقىشاتتـى. پەقەت تەجـرىـبـىـلـىكـرەك بىرسـى: «نـىـرۋىـدىكى چاتاقتەك قىلىدۇ، ئوبدانىراق دەم ئالسا ياخشىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن» دېگەندىلا مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىشتى.

تورۇسقا تىكىلگىنىمچە جىمجىت ياتاتتىم. ئانام ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ تىنىم تاپمايتتى. ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئاغزى بېسىقمايتتى:

ــ قەيىرىڭ بەكرەك ئاغرىپ تۇرىدۇ، بالام؟

ــ ...

ــ بىرەر نەرسىگە تاۋىڭ بارتامدۇ؟

ئۇنـىـڭ سـۆزلـىـرى جـاۋابـسىز قالاتتى. مەن بۇ دۇنيانى ئۇنـتـۇغان ئىدىم، ئۆزۈمنى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەندەكلا ھېس قىلاتـتـىـم. پـەقـەت ئاشۇ قىزنىڭ ــ دەسلەپتە مەن دەريا بويىدا ئۇچـراتـقـان، كـېـيـىـن قەبرەم بېشىدا ھازا ئاچقان دىلكەشىمنىڭ مـىـسـكـىـن چـىـرايـى، غـايـىـبانە، مۇڭلۇق يىغا ئاۋازى خىيالىمغا كـېـلـىـشى بىلەنلا ئىختىيارسىز روھلىناتتىم، ھاياجانلىناتتىم. شۇ ھامان كىچىكىمدىن تا ھازىرغىچە ئۆزۈلمەي يۈز بېرىۋاتقان غەلىتە ئىشلار ــ ئاشۇ سـىـھىرلىك يەر، ئالماستەك يالتىراپ تۇرىدىغان تـاغ چـوقـقـىسى، زۇمرەتتەك دەريا، ماڭا قويۇپ قويغاندەك ئوخـ شـىـشـىـدىـغـان بـالا، مـېـنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتكەن بوۋاي،

ئۈنىڭدىن كېيىن زاھىر بولغان ھېلىقى قىز ، دەھشەتلىك قاينام ھەم ھازىرقى ئەھۋالىم خۇددى چاتما سۈرەتتەك كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى . بىر -بىرىگە زەنجىردەك ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ چۈش ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . بىراق ، مەن بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرەلمەيتتىم . ئەگەر ئۆز تۇي- غۇمغا بولغان ئىشەنچىم بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان تەقدىردىمۇ ، كىشىلەرنىڭ ، ھەتتا ئاتا - ئانامنىڭ مېنى ساراڭغا چىقىرىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى . پۈتۈن روھ ، ۋۇجۇدۇم بىلەن قوشۇپ مېنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان يەنە بىر روھ ، ۋوجۇدنىڭ ماگنىتتەك تارتىشىۋاتقانلىقىنى يۈرىكىم تۇيۇپ تۇراتتى . بىراق ، ئۇ زادى نەدە ؟ ئىچ - ئىچىمدىن تىتىلدايتتىم ، ئۆرتىنەتتىم ، نالە قىلاتتىم : « ئاھ ، خۇدا ، مەن زادى سېنىڭ قانداق بەندەڭدىمەن ؟ »

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈۋاتاتتى ، ئەھۋالىمدا خېلى ياخ- شىلىنىش بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، تولىمۇ چۈشكۈن ھەم روھسىز ئىدىم . قولۇم ھېچقانداق ئىشقا بارمايتتى . خىزمەت ۋە باشقا ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدىم . تەنھالىق ھەم ئاجايىپ سېھىرلىك خىيال تۇمانلىرى ئىچىدە لەيلەپ يۈرەتتىم . ئۆزۈم چوڭ بولغان مۇھىت ــ ئەتراپىمدىكى ئىمارەتلەر ، دەل - دەرەخلەر ، ئۇچار قۇشلار ، ئەدناسى تونۇش - بىلىش ، خىز- مەتداشلارمۇ شۇنچە يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى . نېمىشقىكىن ، ئۇلارغا سوغۇق نەزەردە قارايتتىم . ئۇلارنىڭمۇ مېنىڭ بىلەن كارى بولماس بولۇپ قالغان ئىدى . چۈنكى ، مەن ئۇلار- نىڭ نەزىرىدە ئاللىقاچان روھىي كېسەلگە ئايلىنىپ قالغان ئىدىم . نېمە بولسا بولامدۇ ؟ ئۆز دۇنيايىمدا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشاتتى .

كېيىنكى يىلى سېنتەبىرنىڭ بېشىدا قەشقەردىكى چوڭ ئا-

نام ( دادامنىڭ ئانىسى ) نىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە خەت كېلىپ قالدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ كېسىلى بەكلا ئېغىر بولسا كېرەك، دادام خەتنى ئوقۇپلا جىددىيلەشكىنىدىن بىر ئورنىدا ئولتۇرالماي سەپەرنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئانام بىچارە بولسا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بىر ماڭا، بىر دادامغا قارىغىنىچە خۇرسىنىناتتى. شۇ تاپتا ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. مېنى شۇ ھالەتتە تاشلاپ كېتىشكە ئەسلا چىدىمايتتى، دادام بىلەن بارمىسا تېخىمۇ سەت بولاتتى. ئۇنىڭ پەرىشانلىق ھالىتىنى كۆرۈپ چىدىمايلا قالغان ئىدىم:

— بېرىڭ، ئانا، مېنىڭدىن كۆپ ئەنسىرەپ كەتمەڭ، — دېدىممەن ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

ئانام باش - كۆزلىرىمنى سىلاپ كۆز يېشى قىلدى. ئاندىن ئۆزۈمنى ئوبدان ئاسرىشىم ھەققىدە بىر تالاي ئىشلارنى تاپىلىدى. ئەتىسى ئۇلار مەكتەپنىڭ قەشقەر تەرەپكە ماڭىدىغان ماشىنىسى بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى.

مەن يالغۇز قالغان ئىدىم — ھېچكىممۇ مېنى ئىزدەپ كەلمەيتتى، مەنمۇ ئىزدەپ بارمايتتىم. ھاڭۋاققىنىمچە شۇنداق ئولتۇرۇپ كېتەتتىمكى، تۆت تام گويا تەنھا قولۋاقتا، خىياللىرىم توپان سۈيىگە ئايلىناتتى. بىر چاغدا «ئۇھ» دەپ تىنىغىنىمچە ئەتراپىمغا چۆچۈپ قارايتتىم: يەنە شۇ رېئاللىق — مېنى قورشاپ تۇرغان يالغۇزلۇق... مېڭەم چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىغاندا ھويلىغا چىقاتتىم. بۇلۇڭدىكى چۈمۈلىلەر ئۇۋىسى ياخشى ئەمىكىم ئىدى. مەن تىنىم تاپمايدىغان بۇ كىچىك جانىۋارلارنى تاماشا قىلاتتىم، ئۇلار بىلەن ئوينايتتىم. كەچ كىرىپ، ئادەملەر ئايىغى بېسىققاندا بولسا نېمىشقىدۇر يەڭگىللەپ قالغاندەك ئۆزۈمنى ئەركىن ھېس قىلاتتىم، تالا - تۈزگە چىقىپ ئايلىناتتىم. مەكتەپ سەيناسىدىكى گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ، زەڭگەر بوشلۇققا تىكىلگىنىمچە

قېتىپ قالاتتىم. كۆك سەتھىدە تەنھا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي يالغۇزلۇقىنىڭ ئەڭ گۈزەل ھالىتىنى نامايان قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئازابلىرى بىلەن زېمىننى يورۇتۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۇنىڭغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىغانسېرى، ئۇ گويا ۋۇجۇدۇمدىن قاڭقىپ چىققان روھ - ۋىجدانىمدەك، تەنھا ھالدا پارلىغىنىچە نېمىنىدۇر ئىزدەپ كېتىۋاتقاندەك ھېسقا چۆمۈلەتتىم.

كۈنلىرىم شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى. ئانامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، بىر چاغدا ۋۇجۇدۇمدا غايىبتىن پەيدا بولغان ھاياجانلىق تۇيغۇ يەنە قۇتراشقا باشلىدى. كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەن تەڭ يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر ئاياغ تىۋىشى يۈرىكىمگە ئۇرۇلۇپ، ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتقاندەك، ئۇزاقتىن بويان ئۆزئارا ئىنتىلىشىۋاتقان روھىم بىلەن يەنە بىر روھنىڭ گويا چەكسىز دېڭىزدىكى ئىككى يەلكەنگە ئوخشاش بىر - بىرىگە تىنىمسىز يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا چۆمۈلەتتىم. بۇ تۇيغۇ مېنى شادلاندۇراتتى، قۇلاق تۈۋىمدە توي ناغرىسىنىڭ ساداسىنى ياڭرىتاتتى. قىسقىسى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئاشۇ تۇيغۇغا بولغان ئىشەنچ بىلەن تولغان ئىدى... ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خىل ئىشەنچ پاكىتقا ئايلاندى. قەلبىمگە سىغدىلىپ قالغان ئاشۇ تۇمانلىق دۇنيا ئاخىر رېئاللىق بىلەن تۇتاشتى.

بۇ، ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدىكى بىر كەچقۇرۇن ئىدى. مەن كەچلىك تەنھا سەيلەمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقاپ ئۇخلاشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇيقۇم كەلمەيتتى، ئاللىقانداق بىر ھاياجاندىن تەنلىرىم تىترەپ، يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. ئەمدى ئويلاپ باقسام، بۇنداق تۇيغۇ پەقەت ئۆز ئاشىقى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرغان يىگىتلەردىلا بولىدىكەن. تۇساتتىن ئىشىك چېكىلدى،

مەن ھودۇققان، تەمتىرىگەن ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا
ماڭدىم. ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىمغىلا قارىلىق كىيىم كى-
يىۋالغان — بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ، بېلىگە ئاق باغلىۋالغان
ئانامغا كۆزۈم چۈشتى. «ھەي، چوڭ ئانام قازا قىلىپ كېتىپتۇ -
دە» دەپ ئويلىدىمەن، بىراق ۋۇجۇدۇمدا ئازابلىنىش
تۇيغۇسىدىن ئەسەر يوق ئىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇنى مەن بىر -
ئىككى قېتىملا كۆرگەن، ئوتتۇرىمىزدا ئەسلىگۈدەك ئالاھىدە
چوڭقۇر تەسىرات شەكىللەنمىگەن ئىدى. شۇ تاپتا مېنى
ئازابلاۋاتقىنى، ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيدىغان باشقا بىر ئىش ئىدى.
ئانام بولسا مېنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ھازا ئېچىشقا باشلىدى.
مەنمۇ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ، چاناقلىرىمدىن ياش چىقىرىشقا
تىرىشاتتىم. بىراق، ئامال بولمىدى، ئاخىر ئېچىم سىقىلىپ بې-
شىمنى كۆتۈردۈم. شۇ ھامان ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىم چەكچىيىپ
كەتتى. ئانامنىڭ كەينىدىلا ئىككى - ئۈچ مېتىر نېرىدا قولتۇقىغا
بوپا قىستۇرۇۋالغان بىر قىز بەرگە قارىغىنىچە ئېتىكى بىلەن
ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى. يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى، چىرايىنى
ئېنىق كۆرەلمىگەن بولساممۇ، ھالىتىدىن شۇنچە تونۇشتەك، بىر
يەردە كۆرگەندەكلا ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدىكى
مىسكىن، مۇڭلۇق تۇرقى بىلەن چۈش ۋە خىيالىمدىكى ھېلىقى
كۆرۈنۈشلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. «دەل ئۆزى شۇ» دەپ
ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. بىراق. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە
كەپلىشىپ قالغاندەك، مەندىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. مەن
قېتىپلا قالغان ئىدىم. ئۇزاق مۇددەت تېنىمدىن ئاجراپ يىراق -
يىراقلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن روھ - جېنىم يۈرەك ۋە
تومۇرلىرىمغا قايتىپ كېلىپ، قانلىرىم ئۆركەشلەۋاتقاندەك،
ئۆزۈممۇ يەڭگىللەپ، بارا - بارا كۈچلىنىپ كېتىۋاتقاندەك، كا-
ئىنات تېخىمۇ يورۇپ، بۇلتۇزلار ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك،

قىسقىسى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا غەرق بولماقتا ئىدىم.

قىز يەنىلا شۇنداق مىسكىن، مۇڭلۇق ھالەتتە ئوڭايسىزلانغاندەك يەرگە قارىغىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى بەئەينى سەل ئېگىلگەن مەجنۇنتالغا ئوخشايتتى. كاشكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا بولسام، دولقۇنلىرىم ئۇنىڭ يۇمران پۇتلىرىغا شوخلۇق بىلەن ئۇرۇلسا... ئىچ - ئىچىمدىن يىلىنجاپ ئۆرلەۋاتقان بىر ئوت ماڭا ئارام بەرمەيتتى، بىراق مەن نېمە دېيىشىمنى، قانداق قىلىشىمنى بىلمەيلا قالغان ئىدىم. ئانام بولسا ئاشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى سەزمىگەندەك، ماڭا ئېسىلغىنىچە ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتاتتى. توساتتىن مېنىمۇ شۇنداق تاتلىق بىر يىغا تۇتتىكى، ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ سىرغىپ ئانامنىڭ ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ، ئۇزاق مۇددەت ھىجران دەشتىدە رىيازەت چەككەن ئاشىق يىگىتنىڭ ۋىسال ئالدىدىكى شادلىق يېشى ئىدى. مەن نەچچە يىللاردىن بېرى ئارتقان دەرد - ئەلەملىرىمنى قىزمۇ بىلسۇن دېگەندەك تېخىمۇ قاتتىق ئۆكسۈشكە باشلىدىم. ئانام بولسا بىردىنلا يىغىدىن توختىدى ھەم ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ:

— قانداق قىلىمىز، جېنىم بالام، جان بار يەردە قازا بار ئىكەن، سەۋر قىلغىن، — دەپ تەسەللى بەرگىلى تۇردى. ئاندىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ، ھېلىقى قىزغا قاراپ:

— يىغا - زار قىلىشىپ سىز بىلەنمۇ كارىمىز بولماپتۇ، قىزىم، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— ياقەي، — دېدى قىزمۇ سەل قورۇنۇپ.

ئۇنىڭ ئۆزگىچىرەك تەلەپپۇزدىكى ئاۋازى نېمىشقىدۇر كۆمۈش قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغىنىدەك شۇنچە تەبىئىي، يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل هاياجان، خۇشاللىق مەۋج ئۇراتتى...

مەن سومكىلارنى قولۇمغا ئالدىم، ئاۋۋال قىز، ئانام، ئاندىن مەن هويلىغا كىردۇق. ئاشۇ قىسقا ئارىلىقتا ئانام يەنە مې‐نىڭدىن ئەنسىرەپ، يەتتە نەزىرگە قاتنىشىپلا مەكتەپنىڭ ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، دادامنىڭ قىرىق نەزىرنى بىرىپ بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى دەپ ئۈلگۈردى. بۇ چاغدا تۈن پەردىسى ئاللىقاچان كائىناتقا يېپىلغان بولۇپ، دېرىزىدىن چۈ‐شۈۋاتقان چىراغ شولىسىنى هېسابقا ئالمىغاندا هويلا ئىچى غۇۋا ئىدى. ئانام بېلىدىكى ئاق هەم رومىلىنى يەشكەچ بىر «ئۇھ» تارتىۋېتىپ:

— «يول ئازابى گۆر ئازابى» دەپ خويمۇ هاردىغۇ كىشى، كېلىنىڭ، سانىيە قىزىم، يۈز - كۆزلىرىمىزنى يۇيۇۋېلىپ بىراقلا هاردۇقىمىزنى چىقىرايلى، — دېدى. ئاندىن ماڭا ئېيتتى:

— قېنى، ئوغلۇم، تازا ئوخشىتىپ بىر چەينەك چاي دەملىگىن.

مەن «سانىيە» دەپ هۇزۇر بىلەن پىچىرلىغىنىمچە سوم‐كىلارنى ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپلا چاي قاينىتىشقا تۇتۇندۇم. ئۇلار ئۇسسىۋاشلىرىنى قېقىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كې‐يىن، مېهمانخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

ئاجايىپ تاتلىق خىيال هەم ئىنتىلىش ئىچىدە كاللام گاراڭ ئىدى. بىر چاغدا چەينەكتىكى سۇ تېشىپ «پاژ» قىلغان ئاۋاز چىققاندىلا چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم هەم قېنىق دەملەنگەن چاينى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردىم.

ئۆي ئىچىنى لامپۇچكا ئاپئاق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئانام نې‐

مىلەرنىدۇر دېگەچ، نەزىردىن ئالغاچ كەلگەن نان - توقاچلارنى داستىخانغا تىزىپ ئوشتۇۋاتاتتى. ھېلىقى قىز يەنىلا شۇنداق تار-تىنچاقلىق بىلەن تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. مەن پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ بولغۇچە ئارىلىقتا ئۇ-نىڭغا بىر نەچچە قېتىم لاپپىدە قاراپ ئۈلگۈردۈم. ئۇ، سەھرا قىزى — ئۇستىگە گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، ياغلىقىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ چىگىۋالغان بولسىمۇ، داڭگاللىقلاردا غايىبتىن ئېچىلىپ قالغان چىرايلىق بىر گۈلدەك تەبىئىي ھەم يېقىملىق ئىدى. ئۇ، ماڭا نىسبەتەن ئۇزاق مەزگىل ئايرىلىپ، تو ساتتىن ئۇچرىشىپ قالغان جاندىن ئەزىز مەھبۇب بولسىمۇ، قەلبىدە مەن توغرۇلۇق قانچىلىك تەسىرات بارلىقى نامەلۇم ئىدى. يۈرىكىمدە ھىجران ياشلىرىنى قۇرۇتۇپ، ۋىسال كۆلكىلىرىمىز ياڭرىغۇچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئەركىن بىر ئىستەك مەۋج ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى ئۇقمايتتىم... مەن تەمتىر-گەن، ھودۇققان ھالدا بىر پىيالە چاينى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم:

— چاي ئىچىڭ، سانىيە!

ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا چۆچۈگەندەك بېشىنى كۆتۈردى. ئورنىدىن تۇرۇپ قولۇمدىكى چاينى ئالدىيۇ، چىرايىمغا تىكىلگە-نىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. قولىدىكى پىيالىمۇ يەرگە چۈشۈپ، جاراڭگىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چېقىلىپ، پارە-پارە بولۇپ كەتتى. يا رەببىم! مەن ئۇنىڭ كۆزىگە نېمە بولۇپ كۆرۈنگەندىمەن؟ ئۇ، گويا ئالىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بىرسى-نىڭ روھ - ئەرۋاھىنى ياكى شۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان جىن - ئالۋاستىنى ئۇچرىتىپ قالغاندەك قورقۇش، ھەيرانلىق ئا-رىلىشىپ كەتكەن غەلىتە.مەندە قاراپ قالغان ئىدى. چىرايلىرى تاتىرىپ، لەۋلىرى نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەيۋاتقاندەك ئەنسىز مىدىرلايتتى. مەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئۇنىڭ

نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىسەممۇ، تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكىنىمىزگە قارىماي، ئوتتۇرىمىزدىكى چۈشىنىكسىز چېتىشلىقنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىدىن خۇرسەن بولماقتا ئىدىم. دېمەك، ئۇنىڭدىمۇ ماڭا نىسبەتەن تەسىرات بار ئىكەن. بەلكىم ئۇ، ماڭا ئوخشاشلا چۈشلىرىدە، ئادەم ئېپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىچكى تۇيغۇسىدا مېنى كۆرۈپ تۇرغاندۇ؟

ئۇ، سەل كەينىگە داجىغان هالدا: «سىز ... سىز» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن يۈزىنى تۇتقىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئانام بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن هېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغاندەك بىر ماڭا، بىر قىزغا قارىغىنىچە ئېسەنگىرەپ قالغان ئىدى. مەنمۇ يەنىلا نېمە دېيىشنى، قانداق قىلىشنى بىلمىگەن هالدا تۇرۇپ قاپتىمەن. پەقەت ئانامنىڭ: «چىقىپ كەتمەي نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن» دېگەن مەنىدىكى ئىشارىسىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان هالدا تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتىم.

كارىۋاتتا ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمچە تورۇسقا تىكىلىپ ياتىمەن، ئۆزۈمنى روهىي ۋە جىسمانىي جەهەتتىن بىردىنلا بەقۇۋۋەتلىشىپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلساممۇ، باللىقىمدىن تارتىپ مېنى ئازابلاپ كەلگەن تۇيغۇمدىكى ئاشۇ تۇماندەك غۇۋا يەر، چۈش ۋە خىياللىرىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ئاشۇ سېھىرلىك ۋەقە ـ مەنزىرىلەر بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە ئىدى. مېنى پۈتۈنلەي ساراڭ قىلىپ كاردىن چىقىرىشقا تاس قالغان، ئۆزۈممۇ هازىرغىچە تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان بۇ تېپىشماق مانا ئەمدى يېشىلىش ئالدىدا تۇراتتى. گەپ ئەمدى كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشتا قالغان ئىدى.

خىيال قايناملىرى مېنى تىنىمسىز ئۆزىگە تارتىپ تۇرسىمۇ، قۇلىقىم دىڭ ئىدى. ئىچكىرىكى ئۆيدىكى هەربىر

شەپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتىم . سانىيە يەنىلا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى . بىر پەستىن كېيىن ئانامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— قىزىم ، تۇرۇپلا ئۆزگىرىپ قالدىڭىز ، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟

سانىيە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىق ئارىلاش تىترەك ئاۋازدا دېدى :

— ئۆزۈممۇ ئۇقمىدىم ، بېشىم قېيىپ ، كۆزۈم قاراڭغۇلاش- قاندەك بولدى ، بەك ھېرىپ كەتكەن ئوخشايمەن .

شەك - شۈبھىسىزكى ، ئۇ گەپ ياساپ شۇنداق دەپ قويۇۋاتاتتى ، بولمىسا مېنى كۆرۈپلا شۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتەتتىمۇ ؟

— ئەمىسە ، ئارام ئالايلى ، قىزىم ، — ئانام شۇنى دەپلا ئورۇن راسلاشقا كىرىشتى بولغاي ، كارىۋات بىر پەس غىچىرلاپ ، يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى ... بەش - ئون مىنۇتتىن كېيىن ئانام ساپما كەشىنى سۆرىگىنىچە مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ كەلدى ۋە ماڭا قاراپ چۈشىنىكسىز بىر ھالەتتە باش چايقىغىنىچە پەس ئاۋازدا :

— ھەي بىچارە قىز ، خېلى دەرد تارتقان ئوخشايدۇ ، يولدا بىزگە ئۇچراپ قالمىغان بولسا ، قانداق كۈنلەرنى كۆرەتتىكىن - تاڭ ؟ — دېدى ئىچ ئاغرىتقاندەك .

شۇندىلا مېنىڭ گاراڭلىشىپ كەتكەن كاللام سەگەكلە- شىپ ، ھېلىقىغىچە ئويلاپ يەتمىگەن سوئال خىيالىمغا كەلدى . راست ، ئۇ قانداق بولۇپ ئانام بىلەن بىرگە بۇ يەرگە كېلىپ قال- غاندۇ ؟ ئانامۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ ، قىزنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېدىمۇ ياكى

ئارامى بۇزۇلمىسۇن دەپ ئويلىدىمۇ، ئاۋازىنى پەس چىقىرىشقا تىرىشاتتى :

— بىچارە، تاغىسىنى ئىزدەپ چىققان ئىكەن، زاۋالدا، تازا غىلىڭ سايىدىلا بىر قارا نىيەت شوپۇر ئۇنى بوزەك قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ، خۇدا ئەۋەتكەندەكلا بىز كېلىپ قالساق بولىدۇ، ھې-لىقى ئەبلەخ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ماشىنىغا سېلىۋالدۇق ...

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، نېمىشقىدۇر تا-تىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىمغا قاراپلا توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەۋاتقان كۆڭۈلسىزلىك غەزەپكە ئايلى-نىپ، چىرايىمغا تېپىپ چىققان ئىدى. بىراق، ئانام مېنىڭ قەلبىمدىكى ھېلىقى ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن ؟ ئۇ پەقەت ئىل-گىرى مېنىڭدە پات - پاتلا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىنورمال روھىي ھالەتنى ئېسىگە ئالغاندەك ئەندىشە ئىچىدە قالغان ئىدى. چىرايىنى بىردىنلا غەم تۇمانلىرى قاپلاپ، تەسەللى بېرىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا :

— تۇۋا، ئۇ سېنى كۆرۈپلا باشقىچە بولۇپ كەتتى، بەلكىم ساڭا ئوخشىشىدىغان ئاكىسى ياكى ئىنىسىنى ئەسلەپ قال-غاندۇ، — دېدى. ئاندىن ئاچچىق بىر ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن، — بولدى، بالام، ئۇخلايلى، ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

« راست، ئۇ نېمىشقا مېنى كۆرۈپلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ ؟ » خىياللىرىم دولقۇنلايتتى. ئۇخلىيالمىغانسېرى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتىم، نېرۋىلىرىممۇ بارا - بارا سەگەكلەشمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىمدا مانا ئەمدى چۈشۈمدە زاھىر بولغان، ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغان ھېلىقى بالا نامايان بولماقتا ئىدى. ئەجەبا، كۆز ئالدىمدىكى سانىيەمۇ دەل ئاشۇ زەنجىردەك

ئۆلـــشىپ كەتكەن چۈشلەر قايىنىمدا ئايان بولۇپ، مېنى غايىبانە ئاشـــىق قــىلــغـانـغۇ؟ بۇ، بىر قارىسا چۆچەكلەردىكى سېھىرلىك ۋەقـەلـىكـكـە ئوخـشايتتى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھەممىسى رېئاللىق ئىدى.

ئېسـىـمـگـە بـىـر چـاغلاردىـكـى ھېلىقى ساۋاقدىشىمنىڭ ئانــىسىنىڭ: «ھۇ، يېتىم ئوغلاق ...» دەپ تىللاشلىرى، ئاندىن ئانـامـنـىـڭ بـالـىـلـىـقـىـمـدىـن تـا ھازىرغىچە مەندىن نېمىنىدۇر يـوشـۇرۇۋاتـقاندەك مۇرەككەپ روھىي ھالىتى كەلدى. چۈشۈمدە يـاكـى ئوخُـۇمـدا كـۆرگـەنـلـىكىمنى ئاڭقارغىلى بولمايدىغان ئاشۇ سـېھىرلىك يەر ــــ ئالماستەك يالتىراپ تۇرىدىغان ئاپئاق تاغ چوقـ قـىـىـسى، دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان زۇمرەتتەك سۈزۈك دەريا ... بـۇ كۆرۈنۈشلەردىن مېنـى قىيـناپ كەلـگەن سىرنىڭ تەكـتـىگە غـىـل ـ پـاللا يـەتـكـەنـدەك قـىلاتـتـىـمـىۇ، كاللام يەنە بىردىنلا غـۇۋالىشىپ كېتەتتى. مەن ئاخىر چىدىيالمىدىم، غەزەپتىن بوغۇـ لـۇپ ۋارقـىـرىـۋەتـكـىلى تاسلا قالدىم. ئاھ، خۇدا، مېنى نېمانچە قـىـينايدىغانسەن؟ روھىمنىڭ ياتىسى ـــ ئۇزاقتىن بۇيان زارىقىپ كـۈتـكـەن دىل يارامغا مەلھەم سانىيەمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇغۇ؟ نـېـمـىشقا ئۇنىڭ بىلەن يۈرەك باغرىمنى يېرىپ مۇڭدىشىپ، سىرـ نىڭ تەكتىنى ئاچالمايمەن؟

گـويـا ئانـام ئارىـمـىـزغا قىستىلىپ كىرىۋېلىپ، خۇدا ئاتا قـىـلغان مۇشۇ قىممەتلىك كېچىنى ئازاب بىلەن ئۆتكۈزۈشىمىزگە سـەۋەبـچـى بـولـغـاندەك پىغانىم ئۆرلەيتتى ... ئاخىر چاچلىرىمنى قـامـالـلىغىنىمچە تۇگۈلۈپ، دومىلاپ پەسكە سىيرىلىپ چۈشتۈم. سـوغـۇق، داق يەرگە ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمچە سوزۇلۇپ ياتىمەن، تازا يۇگۈرۈپ ھېرىپ كەتكەندەك تېز ـ تېز نەپەس ئالىمەن. بىر پـەستىن كېيىن، ئەسەبىيلەشكەن نېرۋىلىرىم تىنچىپ، پەسكويغا چۈشـتـۇم. قـۇلـىـقىم، سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ھەممىسى مېھمانخانا

ئۆيدىكى شەپكە مەركەزلەشمەكتە ئىدى . ئانام قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ ماڭا تونۇش « پۇش - پۇش » تىنىق ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . كارىۋاتنىڭ ئاندا - ساندا غىچىرلاشلىرىدىن سانىيەنىڭمۇ ئۇخلىيالماي ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . ئاھ ، سانىيە ، شۇ تاپتا نې-مىنى ئويلاۋاتقانسەن ؟

ماڭا ھاردۇق يەتكەن ئىدى ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم . چېكىل-رىمنى ئۇۋۇلىغان ھالدا كۆزۈمنى مەھكەم يۇمدۇم . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇقمايمەن ، بىر چاغدا سانىيەنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئۇنىڭ تاقىتا - تۇقتا سۆزلىرىدىن جۆيلۈۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى :

— ھەسەنجان ! بالا ... بالىنى ...

بىردىنلا ئۇيقۇم قېچىپ ، نېرۋىلىرىم قايتىدىن سەگەكل-شىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاش ئۈچۈن دىققىتىمنى يىغىپ ، قۇلاق سېلىشقا باشلىدىم . بىراق ، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى ، پەقەت بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپلا جىمىپ قالدى . « ھەسەنجان؟ بالا ؟ » ئۇ زادى كىملەردۇ ؟ ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيتتىم . شۇنداقتىمۇ بۇ ئىسىملارنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى ئۆزۈمچە قىياس قىلىپ ، ئىختىيارسىز ئازابلاندىم ، ئىچ - ئىچىمدىن رەشىك - كۈندەشلىك ئوتلىرى لاۋۇلداپ ياناتتى . « ھەسەنجان؟ مېنىڭ ئىسمىمغا نەقەدەر يېقىن ئىسىم - ھە ؟ ئۇ مېنى دېمەكچىمۇ - يا ؟ » مەن شۇنداق ئويلاپ ، ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى تاپماقچى بولاتتىمۇ ، ئارقىدىنلا « بالا ... » دېگەن سادا قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ ، لاسسىدە بولاتتىم . شۇنداقتىمۇ تەن بەرگۈم كەلمەيتتى . ئىشنى ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىغا ، قەلبىمدىكى رېئاللىققا يېقىنلاشتۇرۇپ تەھلىل

قىلىشقا تىرىشاتتىم. ئويلا - ئويلا كۆز ئالدىمغا يەنە چۈشۈمدىكى ماڭا ئوخشىشىدىغان ھېلىقى بالا كەلدى ... «ھەسەن - ھۈسەن» نىڭ بىرسى سانىيە جۆيلۈپ چاقىرغان ئىسىم، يەنە بىرسى مېنىڭ ئىدى. نېمىدېگەن يېقىن ئىسىملار - ھە؟ نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بولاتتىمۇ، ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتىم. تېزراق تاڭ ئاتسا، پۇرسەت تېپىپ سانىيە بىلەن تازا ئوبدان بىر سىردىشىپ، ھەممىنى بىراقلا ئوچۇقلاشتۇرۇۋەتسەك دەپ ئويلايتتىم. بىراق، ماڭا كېچە ئۈزىرىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى، ئىچ - ئىچىمدىن تىتىلداپ بوغۇلاتتىم، ئاھ، خۇدا، تاڭنى تېزراق ئاتقۇزساڭچۇ؟

قاپاقلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى ئۇقمايمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام يەر - جاھان يورۇپ كېتىپتۇ، دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىدىن خېلى بىر ۋاخ بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىرتقا چىقتىم، ئانام ھويلا - ئارامنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ، مېنى كۆرۈپلا ئىللىق كۈلدى:

— جېنىم بالام، يولنى بىز ماڭساق ساڭا ھاردۇق يەتكىنى نېمىسى، قارا كۈنگە! — ھېرىسمەنلىك بىلەن شۇنداق دېدى ئۇ.

بىراق، ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدىغان، ئەتراپقا چاقچاقلىق بىلەن نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، جىددىي رەۋىشتە سورىدىم:

— سانىيە قېنى؟

ئانام مېنىڭدىن بۇنى كۈتمىگەندەك يەنە چاقچاققا چۈشتى:

— ئەجەب سوراپ قالدىڭغۇ؟ كېچىدىن چۈشۈڭگە كىرىپ قالدىمۇ - يە؟

تاقىتىم تاق بولماقتا ئىدى، قانداقلارچە ۋارقىراپ تاشلىغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن:

— مەن سېنىڭدىن ئۇ قېنى دەپ سوراۋاتىمەن!

ئانام ئەلپازىمنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى، چىرايىدىن كۈلكە ئۆچۈپ، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگىنىچە دېدى:

— شۇنچە تۇتسامۇ ئۇنىماي سەھەردىلا چىقىپ كەتتى.

— نەگە؟

— تاغىسىنى ئىزدەپچۇ.

— تاغىسىنى ئىزدەپ؟ نەدىكى تاغىسىنى؟

— قايسى كاندا دېدى، ئىشقىلىپ...

— ھۇ، سېنىڭدەك ئانىنى! — مەن ئەسەبىيلەشكەن ھالدا شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىمچە، ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ سىرتقا قاراپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتىم، بىچارە ئانام داڭ قاتقان ھالدا تۇرۇپلا قالدى.

يۈگۈرىمەن، ھاسىرايمەن، مەكتەپ قورۇسىدىن ئەنە شۇنداق تېز چىقىپ، كوچىدىكى ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ كەت- تىم. سانىيە ئېرىپ - تېنەپ، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن يول سوراۋاتقاندەك، بىردىنلا ماڭا يولۇقىدىغاندەك ئەتراپىمغا تېز - تېز نەزەر سالاتتىم. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم كەلگەن بۇ چوڭ شەھەردە ئاسانلا ئۇزاپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. بىراق، پە- رىزىمنى توغرا دەپ ئىشەنگەن بولسامۇ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق، سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى... ئاخىر كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، تىك قۇدۇق تەرەپكە قاتنايدىغان بېكەتكە چۈشتۈم. چۈنكى، ئۇ تەرەپتە كۆمۈر كان كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ مەركەزلەشكەن رايوننىڭ بىرسى ئىدى. سانىيەنىڭ تاغىسىنى شۇ ياقتىن ئىزدەش ئېھتىماللىقى زور ئىدى. كۆزۈم ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن پىيادىلەر يولىنى قىدىراتتى. سانىيەنى كۆز ئالدىمدىلا، لوككىدە پەيدا بولۇپ قالسىكەن دەپ خىيال قىلاتتىم. ئاپتوبۇس بېيمىندىكى ئايلانمىغا كەلگەندە تىك قۇدۇققا بارىدىغان بېكەتكە تەقەززالىق بىلەن قاراپ ئۈلگۈردۈم، بىر توپ

ئادەم ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇراتتى. سەل چەتتە گۈللۈك ئۈزۈن كۆكلەكلىك، بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان، بوغچىسىنى قول- تۇقلىغىنىچە تۇرغان بىرسىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدىم. «سانىيە دەل ئۆزى شۇ!» ھاياجاندىن يۈرەكلىرىم ئوي- ناپ كەتتى. ئاپتوبۇس ئۆز بېكىتىدە توختىغان ھامان چاققانلىق بىلەن چۈشتۈم - دە، كەينىمگە — سانىيە تەرەپكە بۇرۇلدۇم. ئارىلىقىمىز بىر نەچچە يۈز مېتىر كېلەتتى. كۈتۈلمىگەندە تېنىك قۇدۇقىقا قاتنايدىغان ئاپتوبۇس كېلىپ قالدى. كىشىلەر تۇشمۇ- تۇشتىن ئۇنىڭغا چىقىشقا باشلىدى. سانىيەمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئاپتوبۇس ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. مەن قەدىمىمنى تېزلىتىپ، يۈگۈرگەن ھالدا ۋارقىراشقا باشلىدىم:

— سانىيە، توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭ!

ھېچكىمنى تونۇمايدىغان بۇ يوچۇن شەھەردە بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقى سانىيەنى چۆچۈتۈۋەتكەن بولسا كېرەك، تەمتىرىگەن، ھودۇققان ھالدا ئەتراپىغا قارىدى. ئاڭغىچە مەن ھاسىرىغان، ھۆمۈدىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدۇم:

— خويمۇ ئەنسىرەتتىڭىزغۇ ئادەمنى، شۇنداقلا چىقىپ كەتكىنىڭىز نېمىسى؟ — مەن گويا ماي تارتىشىپ قالغان ئامراق ئەر - خوتۇنلاردەك كەيپىياتتا شۇنداق دېدىم.

ئۇ، ماڭا قارىغىنىچە ئاخشامقىدەكلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، چىرايلىرى قىزىرىپ، لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى. كۆزلىرىدىن يەنە شۇنداق گۇمان، ئېسەنگىرەش، قورقۇش ئالا- مەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، بىر قوزغىلىپ بولغان ئاپتوبۇسقا، بىر ماڭا قارىغىنىچە نېمە قىلىشىنى بىلمىگەندەك تەمتىرىگەن، ھودۇققان ھالدا تۈنجى قېتىم ئېغىز ئاچتى:

— سىز ... سىز زادى كىم؟

مەن ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى كۈتمىگەن بولسامۇ، نېمە

دېـيـىشمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم . كېچىدىن بېرى كاللامغا كەلـ-
گـەن گـەپلەرنىڭ بىرىمۇ ئېسىمگە كەلمەيتتى . ئۇ ، سۆزىنى سوئال
بىلەن داۋاملاشتۇردى :

— ھەسـەنـجـاننىڭ قوشكېزەك ئىنىسى سىز شۇمۇ - يا ؟
قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىكەنسىز ؟

مـەن چـۆچـۈپ كـەتـتـىم ، « قـوشـكـېـزەك ئىنىسى ، ئۇ
جـۆيـلـۈۋاتـمـايدىغاندۇ - ھە ؟ » خىيالىمدىن شۇ ھامان ھېلىقى
سـېـھىرلىك كۆرۈنۈشلەر ، چۈشلىرىمدە كۆپ قېتىم زاھىر بولغان
مـاكـا ئوخـشـىـشـىدىغان بالا ، ئانامنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان مەندىن بىر
نـەرسىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك مۇرەككەپ روھىي ھالىتى غىل - پاللا
ئۆتـتـى . دېـمەك ، مېنىڭ ئۆزۈم ئۇقماي يۈرگەن قوشكېزەك ئاكام
بـار ئىـكـەن - دە ! كـۆكـلـۈم پـاللىدە يورۇپ ، ئىشنىڭ تەكتىنى
چۈشەنگەندەك بولسامۇ ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم :

— ھەسەنجان دېگىنىڭىز كىم ؟ ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز ؟ —
سالماقلىق بىلەن سورىدىممەن .

سـانـىـيـە ئۆزىـمۇ سەزمىگەندەك ، ماڭا بىر پەس تىكىلىپ
قـاراپ قـالـدى . لـەۋلـىـرى تـىـتـرەپ ، چـىـرايـى ئېسىلىپ ، كۆز
چاناقلىرى ياشقا تولدى :

— مـېـنـىـڭ ئېـرىـم ، سـىزگە خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك
ئوخـشـايـتـتـى ، بـالىسىنى كۆرۈشكىمۇ نېسىپ بولماي قازا قىلدى
رەھمەتلىك .

— قاچان ، نېمە بولۇپ ؟

— ئۆتـكەن يىلى ، كەلكۈندە بىرسىنى قۇتقۇزىمەن دەپ .

يـۈرىـكـىم جـىـغ قـىلىپ قالدى ، قۇلاق تۈۋىمدە سۇنىڭ
شـاۋقـۇنـى ، قـايـنـامـنـىـڭ شـىـددەتـلىك ئۆركەشلىگەن ئاۋازى
ئاڭلانـغـانـدەك بولدى . توغرا ، دەل ئۆتكەن يىلى دەھشەتلىك قاي-
نامدا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ چۈش كۆرگەن ئەمەسمىدىم ؟ ھەتتا شۇ

چاغدا ئۇنىڭ چۈشۈم ئىككىنچىسىمۇ ئىشەنمەي قالغان، ئويغانغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالماي، بەـ ئەينى بىر مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم. دېمەك، شۇنداق بىر ۋەقە ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن، ئاندىن مېنىڭ چۈشۈمدە — روـ ھىمدا، ۋۇجۇدۇمدا ئەكس ئەتكەن. ئۇنداقتا، چۈش، خىياللىرىمدىن ئىزچىل چىقماي كەلگەن ئاشۇ بىر قاتار ۋەقەلەرمۇ مەندىن يىراقتىكى يەنە بىر رېئاللىقنىڭ قەلبىمدە ئەينەن ئەكس ئېتىشى ئىكەن ـ دە! مەن بۇ سېھىرلىك باغلىنىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلماقتا ئىدىم. تۈگۈن يېشىلىپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن بىر خىل ئەركىن تۇيغۇ مەۋج ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۆزۈمنى يەنىلا سالماق تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ساـ نىيەدىن يەنە:

— ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى دائىم يوقلاپ ياش تۆكتىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — مەن قايىنامدا ئۆلۈپ كېتىپ چۈش كۆرگەندىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ شۇنداق سورىدىم.

سانىيە ھەيرانلىق بىلەن ماڭا لاپپىدە بىر قارىۋېتىپ، مۇڭلۇق كەيپىياتتا باش لىڭشىتتى. ئاندىن:

— شۇ چاغدا ئەگەر قورسىقىمدىكى بالىغا تارتىشمىغان بولسام، بىللىلا كەتكەن بولاتتىم، — دېدى.

— بالىچۇ؟ ئۇ ھازىر نەدە؟

سانىيەنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ:

— سۆزلىسەم گەپ تولا ... — دېگىنىچە جىمىپ قالدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ناھايىتى دەرد تارتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەنمۇ يەنە كوچىلاپ سوراۋېرىشنى راۋا كۆرمىدىم.

ئەمدى گەپ تېزراق ئۆيگە قايتىپ، كۆپ يىللاردىن بېرى شۇ
قەدەر ئىشلارنى مەندىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئانام بىلەن
سۆزلىشىشتە قالغان ئىدى. شۇ چاغدىلا ھەممە ئىش زىر - زەۋەر-
لىرىگىچە ئايدىڭ بولاتتى. توۋا، ئۇ نېمىشقا بۇ ئىشلارنى مەندىن
يوشۇرۇپ كەلگەندۇ؟

يېنىمىزدىكى يولدا چوڭ - كىچىك ماشىنىلار توختىماي
ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئەتراپىمىزدا ئاپتوبۇس كۈتۈپ تۇرغان يېڭى
يولۇچىلار كۆپەيمەكتە ئىدى. مەن بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنى مۇۋا-
پىق كۆرمىدىم. كۆڭلۈم غەشلىك ھەم خۇشاللىق ئارىلىشىپ
كەتكەن مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئەۋجىدە دولقۇنلايتتى:

— سانىيە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش بىلەن تىكى-
لىپ، — يۈرۈڭ، ھازىرچە ئۆيگە قايتايلى، دېيىشىدىغان نۇرغۇن
گەپلەر بار، تاغىڭىزنى ئارامىمىزنى تېپىۋېلىپ ئاندىن
ئىزدىسەكمۇ كېچىكمەيمىز.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، بىز تېخى ئاخشاملا كۆ-
رۈشكەن تۇرساق، دېيىشىدىغان نېمە گەپ بولسۇن؟ — دېدى
ئۇ چىرايىغا سۇس تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ.

— ياق، سانىيە، سىز ئۇقمايسىز، بۇ ئىشلارغا ئۆزۈممۇ
ھەيران، مەن يولۇققان شۇ ئىشلارنى بىلسىڭىز ئىدى، ھەممىنى
چۈشىنەتتىڭىز.

— مەنمۇ ھەيران، — دېدى ئۇ سەل ئېچىلىپ، — ھە-
سەنجاندىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغان
سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ئويلىمايتتىكەنمەن. توۋا،
ئاخشام سىزنى كۆرۈپلا ھەسەنجان تىرىلىپ ئالدىمدا پەيدا بولغان
ئوخشايدۇ دەپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاسلا قاپتىمەن.

ئۇ، راست گەپ قىلىۋاتاتتى. ھەيرانلىقىنى تېخىچە
يوشۇرالمايۋاتقاندەك ماڭا پات - پاتلا قاراپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن ئاللىقاچان ئۆچەي دەپ قالغان بىر ئوتنىڭ قايتىدىن ئۇچقۇندىغانلىقىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا چۆمۈلەتتىم.

شۇنداق قىلىپ بىز ئۆيگە قايتتۇق. ئانام خىيال سۈرگەنىچە يالغۇز ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ سانىيەگە بەكلا قىزغىن مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، نېمىشقىكىن، كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، يۈزۈمگە قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ ئالدىدا شۇنداق بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى بىردىنلا ئىچىمنى سىيرىلىپ، يۈرىكىمنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى:

— ئانا، — دېدىم يېلىنغان تەلەپپۇزدا ھەسرەت بىلەن، — بىز يىراق بىر جايدىن بۇ يەرگە كەلگەن شۇنداقمۇ؟ — شۇ تاپتا بالىلىقىمدىن تارتىپلا ئۇنتۇماي كەلگەن بۇ سوئالنى ئۇزاق يىللاردىن كېيىن يەنە سورىماقتا ئىدىم.

ئانام ماڭا مېھرى بىلەن تىكىلدى، كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى:

— جېنىم بالام، مېنى كەچۈرگىن، بۇ ئىشلارنى سەندىن يوشۇرمىسام بولاتتى، بىراق ساڭا پايدىلىق بولارمىكىن دەپ... — ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ بىر پەس توختىۋالدى، ئاندىن گەپنى باشتىن باشلىدى، — بۇ يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلار، بالام، ئۇ چاغدا مەن ئۆز دادىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «ماياقلىق» دەپ ئاتىلىدىغان چەت بىر يېزىدا تۇراتتىم، تۇنجى تۇغۇتۇمدىلا قوشكېزەك ئوغۇل تۇغدۇم. ئادەت بويىچە ئاكاڭغا ھەسەنجان، ساڭا ھۈسەنجان دەپ ئىسىم قويدۇق. بىر - بىرىڭلارغا شۇنداق ئوخشايتتىڭلاركى، ھەتتا مەنمۇ تەستە پەرقلەندۈرەتتىم. داداڭ بىلەن ئىككىمىز سىلەرنى «خۇدا ئاتا قىلغان قوشماقلار» دەپ بەكمۇ ئەتىۋارلايتتۇق. سىلەرمۇ شوخ، بېجىرىم چوڭ بولۇشقا باشلىدىڭلار. قىزىق يېرى، ئاللا ئىگەم قورسىقىمدىلا سىلەرنىڭ تەن - ۋۇجۇ-

دۇگىلارنى چەمبەرچاس باغلىغۇەتكەندەك ، ھەممە ئىشتا بەكلا چېتىشلىق ئىدىگىلار ، ئاكاڭ يىغلىسا سەنمۇ يىغلايتتىڭ ، سېنىڭ قورسىقىڭ ئاچسا ، ئاكاڭنىڭمۇ تەڭ ئاچاتتى . ھەتتا ، مۇنداقمۇ بىر ئىش ھېلىغىچە ئېسىمدە : « بىر كۈنى كېچىدە ئىككىڭلار-نىڭ قىرقىراپ يىغلىشىڭلاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . ئاكاڭ دومىلاپ سۇپىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن ، چېكىسى تۇخۇمدەكلا ئىششىپ چىقىپتۇ ، ئەتىسى قارىسام سېنىڭ چېكەڭ-دىمۇ خۇددى بىر يەرگە ئۇسسۇۋالغاندەك بىر ئىز تۇرمامدۇ ، ياقامنى تۇتۇپلا قالدىم ...

مەن ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان ئىدىم ، سانىيەمۇ بۇ كۈ-تۈلمىگەن ئۇچرىشىشتىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالغان ئىدى . مانا ئەمدى ئۇ ئانامغا كېلىن ، ماڭا يەڭگە بولۇپ چىقماقتا ئىدى . كۆڭلۈم سەل غەشلىككە تولغان بولسىمۇ ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى چەكلىيەلمەي-دىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم ، ئانام بولسا تېخىمۇ قىزىپ سۆزلەيتتى :

— ئۇزاق ئۆتمەي ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى ، بەلكىم تەقدىرىمىز شۇنداق بولسا كېرەك ، داداڭلار مېنى « ئۈچ تالاق » دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى ، شۇچاغدا سىلەر ئەمدىلا ئىككى يېرىم ياشتا ئىدىڭلار ، ئاكاڭ داداڭ بىلەن ماياقلىقتا قالدى ، مەن سېنى ئېلىپ ، تۇغقانلارنى پاناھ تارتىپ بۇ يەرگە كەلدىم . نەدىن بىلەي ؟ كۈتمىگەندە ھازىرقى داداڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالدۇق . ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم ئىكەن ، ساڭا ئۆگەي بولغىنى بىلەن ئاق كۆڭۈل ، كۆيۈمچان ئىدى . سېنىمۇ ئۆز پۇشتىدىن بولغاندەكلا ياخشى كۆرەتتى . مەن بۇ تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ھەم سېنىمۇ ئۇنى ئۆز دادام دەپ بىلسۇن ، كۆڭلى توق چوڭ بولسۇن دەپ ، ھەممىنى يوشۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم ...

ئانـام « ئۇھ » دەپ بـىر تىنىۋالدى . ئۇ خېلىلا يەڭگىللەپ قـالـغـاندەك كۆرۈنەتتى . مەن ئۇنىڭغا ھېلىلا سانىيە بىلەن ئوتتۇ- رىـمـىزدا بولغان گەپلەرنى دەپ بېرىۋىدىم ، ھەيران قالدى . ئاكام ھەسـەنـجانىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىم بىلەن سانىيە ئىك- كـىـسـى بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ بىر ھازا يىغا - زار قىلىشقاندىن كېيىن جىمىقىشتى .

شـۇنـداق قـىلـىپ سانىيە بىزنىڭكىدە تۇرۇپ قالدى . بىز يـەنـە نـۇرغۇن گەپلەرنى دېيىشتۇق . ئوتـتۇرىمىزدا ھېچـقانـداق سـىر - تۇگۈن قالمىغان ئىدى . مەن ئەسلى ھالىتىمگە ـــ شوخ ، ئەركـىـن ، خـۇشخۇي تەبىئىتىمگە قايتقان ئىدىم . ئانام بۇنىڭدىن قـەۋەتلا خـۇشـال ئىدى . بىراق ، نېمىشقىكىن سانىيەنىڭ چىراي- دىكى غەم تۇمانلىرى تارقالمىدى . ئۇ ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇلۇغ - كـىـچـىـك تـىـنـاتتى . مەن ئۇنى قانداق قىلسام ئېچىلاركىن دەپ پـايـپـېتەك ئىدىم . بىر كۈنى ئۇنىڭغا تاغىسىنى ئەمدى ئىزدەپ تې- پىش تەكلىپىنى بەردىم . ئۇ ، خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى . بىز بـىرنەچچە كان رايونىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرگەن بولساقمۇ ، ئۇنىڭ ئـىـز - دېـرىكى بولمىدى . پەقەت ئەڭ ئاخىرقى چەترەك بىر كانغا بـارغـىـنـىمىزدا ، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق سانجىلغان بىر پېشقەدەم ئـىـشـچى ئەسلىدە شۇنـداق ئادەمـىنىڭ بار ئىكەنـلـىكىـنـى ، بىراق يـەتـتـە - سـەكـكـىز يىلنىڭ ئالدىدا بىر قېتىملىق ھادىسىدە قازا قـىـلـغـانلىقىنى ، ئايالىنىڭ باللىرىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەت- كـەنـلـىـكـىنى ئېيتىپ بەردى . ئاڭلاپلا سانىيەنىڭ بېشى چۆشۈپ كەتتى .

ـــ كـۆڭـلـىـڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، ـــ دېدىممەن تەسەللى بېرىپ ، ـــ تاغىڭىز بولمىسا بىز بار ئەمەسمۇ ! ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ .

سـانـىـيە ئۇنـدىـمـەسـتـىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى . بىز

ھېلىقى ئىشچى بىلەن خوشلىشىپ ئۇتتۇرلا ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. سانىيە يەنىلا شۇنداق غەمكىن كۆرۈنىسمۇ، بىزنىڭ ئائىلىگە بەكلا ئىچەكىشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ چاققان ئايىغى، چېۋەر قوللىرى بىلەن كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىشتەك ئۇششاق ئىشلار ئانامغا ئاشماس بولدى. بەزىدە ئىككىسى بۇ ئىشلارنى تالىشىپمۇ قالاتتى. شۇنداق چاغدا سانىيە قىلچە تارتىنماستىن ئەركىلىگەندەك: «تولا چىشىمغا تەگمەي ئاراملىرىنى ئېلىۋالسىلا ئانا» دېسە، ئانام خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالاتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇمۇ سانىيەنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. بۇ كەيپىياتتىن بەختكە چۆمۈلەتتىم. تېزراق تويىمىزنى قىلىپ، ھەممە ئىشنى يېڭىدىن باشلىساق دەپ ئويلايتتىم.

ئۇزاق ئۆتمەي دادامۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەندىن كېيىن ئوڭايسىزلانغاندەك ماڭا قاراپ:

— بىزنى كەچۈر، بالام ... — دەپلا توختاپ قالدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتىيۇ، دېيەلمەيتتى.

— ھېچقىسى يوق، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، — دېدىمەن ئۇنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرىغا، ھارغىنلىق يەتكەن چىرايىغا ھۆرمەت ھەم مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ، — سىز يەنىلا مېنىڭ ياخشى دادام!

مەن ئۇنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىم، ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايتتىم. ئۇ لاپپىدە ئانامغا قارىدى، ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا ئېپتىخارلىق، رازىمەنلىك كۈلكىسى يامرايتتى. مەن بۇ كۈلكىلەردىن تولىمۇ ھۇزۇرلاندىم. مانا ئەمدى ئوتتۇرىمىزدىكى گۇمان - تەشۋىشلەر تاراپ، ھەممە نەرسە ئەركىن، تەبىئىي ھالەتكە قايتقان ئىدى.

بىر كۈنى مەن پەيت تېپىپ ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلۈمگە

پۈكۈپ كەلگەن بىر ئىشنى — توي قىلىش تەكلىپىنى سانىيەگە ئېيتتىم . ئۇ ، ئاڭلاپلا ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى . كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان شېرىن نۇردىن رازىمەنلىكى چىقىپ تۇرسىمۇ ، لەۋلىرى ئەنسىز تىترەپ ، چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى . مەن ئاللىقاچان ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ - چىقىپ بولغاچقا ، تەييارلىد-قىم پۇختا ئىدى . شۇڭا ، سالماقلىق بىلەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم :

— بىلىمەن ، سانىيە ، شۇ تاپتا بالىنى ئويلاۋاتىسىز ، شۇنداقمۇ ؟ بىراق ئەندىشە قىلماڭ ، ئۇ بىزنىڭمۇ بالىمىز ، ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمىز .

سانىيەنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ ، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالغان ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ يۈرىكىدىكى گەپنى قىلغانلىقىمدىن ھاياجانلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، گۇمانلىنىش ئالامەت-لىرى يوق ئەمەس ئىدى . مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن جىددىي ، ۋەزمىن ھالەتتە گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتىم :

— ھەرگىز باشقىچە خىيالدا بولماڭ ، تويىمىزنى قىلد-مىز - دە ، ئۇتتۇرلا مايىاقلىققا بارىمىز . ئاۋۋال بالىنى تاپىمىز ، ئاندىن دادام بىلەن ئاكامنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ ، يۇرت - جامائەتكە نەزىر بېرىمىز ، سىزچە قانداق ؟

سانىيەنىڭ غەمكىن چىرايى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ ، بىردىنلا شوخلۇق بىلەن پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى، مەنمۇ كۈلدۈم...

شۇنداق قىلىپ بىز توي قىلدۇق ، توي مەرىكىمىز ئاد-دىيراق بولسىمۇ ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى . دادام ، ئاناممۇ چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇشتى . سانىيەمۇ ، مەنمۇ بەختكە چۆمگەن ئىدۇق ...

بىراق ، كىم ئويلىغان دەيسىز ؟ بىز پىلان بويىچە ماياقلىققا قىلىدىغان سەپىرىمىزنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا ، كۈتۈلمىگەن

بوران - چاپقۇن ئۈستىمىزگە يوپۇرۇلۇپلا كەلدى. ئەمدىلا كۆكلەشكە باشلىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز، شېرىن خىياللىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆيۈككە ئايلاندى.

بۇ، دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئەۋجىگە چىققان يىللىرى ئىدى. بىر چاغدا مەن سوقۇشۇپ قالغان ھېلىقى ساۋاقداشىم تازا ئاكتىپلاردىن بولۇۋالغان ئىكەن. ئۇلار بىرلا چۇقان بىلەن دادامنى تارتىپ چىقىشتى. «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇز-لۇقى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، كىتاب ۋە قوليازمىلىرىنى بويىنىغا ئارتىپ، كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى... مەنمۇ بوش قويۇۋېتىلمىدىم. «بۇرژۇئا ئىدىيىسى بىلەن زەھەرلەنگەن جاھىل گېزەندە»، «يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ ئىنقىلابقا قارشى چىققان بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەندەك بەتناملار بىلەن قارىلىنىپ، سوئال - سوراقنىڭ، دەھشەتلىك ئەلەم كۈ-رىشىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئائىلە بويىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى چەت بىر يېزىغا پالاندۇق.

بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەقلىم لال ئىدى، كاللىسى قىزىپ، قىنىغا پاتماي قالغان بىر توپ تەلۋىلەر چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋاتقاندەك، ئاق قارىغا، ئوڭ تە-تۈرگە ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي زەربىلەر تۈپەيلىدىن تەسۋىرلىگۈسىز دەرد چېكىۋاتقان بولسامۇ، مېنى ئەڭ ئازابلاۋاتقىنى سانىيەگە قىلغان ۋەدەمنى ئەمەلگە ئا-شۇرالمىغانلىقىم ئىدى. ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، قەلبىمنىڭ تەكتىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، تا ھا-زىرغىچە مېنى تەلپۈندۈرگەن، سېھىرلىگەن ئاشۇ ماياقلىقنىڭ چۈش ۋە خىياللىرىمدىكى غۇۋا مەنزىرىسى پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئاھ خۇدا، سانىيە بىلەن قولتۇقلىشىپ، خۇشال -

خۇرام ھالدا شۇ يەرگە بارغان بولساق، يۇرت - جامائەت ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالغان بولسا، بالىنى تېپىپ رەھمەتلىك ئاكامنىڭ روھىنى ئاۋۇندۇرغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟ بىچارە سانىيەگە تېخىمۇ ئېچىم ئاغرىيتتى. ئۇ، بۇ كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئايلىنىپ كەتكەندەك، خامۇشلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىر يەرگە قارىسا ھاڭۋاقىنىچە تىكىلىپ تۇرۇپ كېتەتتى. مېنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان چىرايى، بەختىنىڭ نۇرلىرى چاقناشقا باشلىغان كۆزلىرى گويا قويۇق قارا بۇلۇتلار ئىلكىدە قالغان ئاي - يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك قايتىدىن تۇتۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدا مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈتۈلمىگەن بالا - قازاغا نىسبەتەن ئېچىنىش، ھېسداشلىق، ئورتاقلىشىش ھېسسىياتى روشەن بىلىنىپ تۇرسىمۇ، بالىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئىستىكىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. مەندە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتىن، ئۈمىدۋار بولۇشقا دەۋەت قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

يېڭى تۇرالغۇمىز بىز كەلگەن يېزىدىكى چەت كەنتنىڭ كونا ماخوسىدىكى تاشلاندۇق بىر ئېغىز ئۆي ئىدى. بىر بويتاق ئات باقار بوۋايدىن باشقا قوشنىمىز يوق ئىدى. كۆز ئالدىمىزدىلا ئات - كالىنىڭ تېزەكلىرى، سامان، بېدە ۋە قوناق شادىلىرى دېگەندەك نەرسىلەر يېيىلىپ ياتاتتى. مەن كۈندۈزلىرى ئەزالار بىلەن نازارەت ئاستىدا ئىشلەيتتىم، پات - پاتلا ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەردە كۈرەشكە تارتىلىپ پىپەن قىلىناتتىم... يىغىنلاردا ئاممىغا ئىدىيىۋى ھالىتىمدىن ھېساب بېرەتتىم. بىر كۈنى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشقان پىپەن يىغىنىدىن ھارغىن ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. سانىيە بىر قاچا ئاشنى تاققىدە ئالدىمغا قويۇپلا گەپمۇ قىلماستىن بىر نۇقتىغا تى-

كىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق غەزەپلىك ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. تاماقنى يەپ بولۇشۇمغىلا ئۇ:

— قاچانغىچە بوزەك بولىمىز، ھۈسەنجان، بۇ يەردىن قېچىپ كېتەيلى، — دېدى قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ھالدا.

مەن چۆچۈپ كەتتىم:

— نەگە قاچىمىز؟

— ماياقلىققا!

ئېنىقكى، ئۇ بالىغا تارتىشۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ساددىلىقىغا، قاراملىقىغا ھەيران بولغان ھالدا بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئاندىن ئېغىر بىر تىنىۋېتىپ:

— ھازىر ھەممە يەر ئوخشاش، سانىيە، ھېلىقى سالىم دېگەن ئەبلەخ تېخىچە سىزنى ئىزدەپ يۈرىدىغاندۇ ھەقىچان، — دېدىم سوئال نەزىرىم بىلەن (بىز توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ماياقلىقتا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن ئىدى).

سانىيە گەپ - سۆز قىلماستىن قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلاپلا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. چاچلىرىنى سىلىدىم، تەسەللى بەردىم... ئاخىر مەنمۇ ئۆزۈمنى توختىتىۋالالماي يىغلاپ تاشلىدىم.

نېمىلا دېگەن بىلەن دېھقانلار يەنىلا ئاق كۆڭۈل ئىدى، ھەرقاچان ئادەمگەرچىلىكنى، مۇسۇلماندارچىلىقنى قولدىن بەرمەيتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئوبدانلا چۈشىنىش ھاسىل بولغان ئىدى. بىزگە ئىچ ئاغرىتىشاتتى، خۇپىيانە ھالدا ئۇنى - بۇنى كىرگۈزۈپ خەيرخاھلىقىنى ئىپادىلەيتتى. بىزمۇ بۇ تۇرمۇشقا ئاستا - ئاستا كۆنۈشكە باشلىغان ئىدۇق.

بۇ يەردە يەنە ماڭا ئوخشاش نازارەت ئاستىدا ياشايدى-

غانلاردىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقى فامىلىلىك خەنزۇ ۋە ئىۋان ئىسىملىك رۇس بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالغان ئىدۇق. ئۇلار ئۇيغۇرچىنى خېلى ئوبدان بىلىدىغان بىلىملىك، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ئىدى. مېنىمۇ چۈشىنەتتى، ياخشى كۆرەتتى. نېمىشقىكىن، بىر يەرگە كەلسەكلا گېپىمىز تۈگىمەيتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن روھلىناتتىم، ئۈمىدلىنەتتىم. كۆز ئالدىمدىكى بۇ قاباھەتلىك چۈش بىردىنلا ئاخىرلىشىپ، بەختلىك، گۈزەل دەۋر يۇز ئاچىدىغاندەك ھېسسىياتقا چۆمۈلەتتىم. شۇڭا، ئۆزۈمنى پات - پاتلا چۈشكۈنلەشمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇپ، پۇرسەت تاپسىلا خەنزۇچە، رۇسچە ئۆگىنىدىغان بولدۇم...

بىراق، سانىيە ھە دېگەندە بالىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ بېشىمنى ئاغرىتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئانىلىق قەلبىنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ، تەسەللى ھەم ۋەدە بېرىشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي سانىيە ئەكسىچە تېخىمۇ غەمكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى، پات - پاتلا ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن، روھىي ھالىتىدىن ماياقلىقتا قالغان ئاشۇ بالا ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى، بەك چارچاپ كەتكەن بولسام كېرەك، تۈن نىسپىگىچە پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. تۈگىمەس خىياللار ئىلكىدە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتىم. تۇساتتىن سانىيە نېمىلەرنىدۇر دەپ جۆيلۈپ، شۇنداق قورقۇنچلۇق ۋارقىراپ كەتتىكى، چۆچۈگىنىمدىن يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى. ئۇنى ھاپىلا - شاپىلا سىلكىپ، تارتقۇشلاپ دېگۈدەك ئويغاتتىم. ئۇ، كۆزىنى ئېچىپلا ماڭا ئېسىلغىنىچە يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ پەپىلەپ تەسەللى بەردىم:

— قارا بېسىپ قالدىمۇ؟ قورقماڭ، يېنىڭىزدا مەن بار.

ئۇ، بىر هازادىن كېيىن ئېسىگە كەلگەندەك «ئۇھ» دەپ بىر تىنىۋېلىپ، ھېلى چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— خۇدايا توۋا، ئانام رەھمەتلى ھايات چېغىدا ھېكايىغا بەك ئۇستا بولىدىغان، جەننەت، دوزاخ توغرۇلۇقمۇ ئاجايىپ ۋەقەلەرنى سۆزلەيدىغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەرمىش. پاك، ھالال، ئىمانلىق ياشىغانلار ئۇنىڭدىن تىنچ-ئامان ئۆتۈپ جەننەتكە كىرەرمىش؛ ئالدامچىلار، قارا نىيەتلەر، ناشايان ئىشلارنى قىلغۇچى ئىمانسىزلار ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەي دوزاختا بەند بولارمىش. توۋا، ئاشۇ پۇلسىرات كۆۋرۈكى دېگۈدەكمىشمەن. قىلدەك ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، يالت-يۇلت نۇر چاقنىتىپ تۇرارمىش. ئۇنىڭ بىر ئۇچى رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان، زەمزەم سۈيى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان، قۇشلار سايرىشىپ، ھەر خىل مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، زەڭگەر شولىلار جۇلالاپ تۇرغان جەننەتكە تۇتاشقانمىش، كۆۋرۈكنىڭ ئاستى ئوت-ماگمىلار يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان دوزاخمىش، بىر تەرىپىدە يىلان-چايانلار، قۇرت-قوڭغۇزلار لۆمۈلدەپ تۇرارمىش. مېنىڭ يۈرەك پارەم — شۇم پېشانە ئوغلۇم ئاشۇ پۇلسىرات كۆۋرۈكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمىگەن، تەمتىرىگەن ھالدا «ئانا، ئانا» دەپ توۋلاپ ئەتراپىغا قارايمىش، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بارالمىغۇدەكمەن، توۋلىسام‌مۇ ئاۋازىم چىقمىغۇدەك. توساتتىن ئۇنىڭ پۇتى سىيرىلىپ كېتىپ، پۇلسىرات كۆۋرۈككە ئېسىلىپ قالغۇدەك، مەن ئۇنى دوزاختا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ قورقۇپ، جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇدەكمەن.

ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز

مېنىمۇ سۈر باستى. گەرچە ئۇ بىر چۈش بولسىمۇ، سانىيەنىڭ بالىنى تولا ئويلاپ، روھىي جەھەتتىن قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە نېرۋىسىنى كاردىن چىقىرىپ، ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلىشقا باشلىدىم. شۇڭا، ئۆزۈمنى سالماق تۇتۇپ، تولا دېيىلگەن تەسەللى سۆزنى يەنە تەكرارلىدىم:

— ئەندىشە قىلماڭ، سانىيە، ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ. شۇ چاغدا بالىنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىمىز. ئۇبدان تەربىيىلەپ قاتارغا قوشىمىز.

بىراق، مەن ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. سانىيە بىر خىل تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى، بىر ئىش قاتتىق تەسىر قىلسا ياكى خاپىلىق تارتسىلا پۇت - قولىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى... سانىيە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. بۇ، خورلۇق - ھاقارەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان ھاياتىمىزغا تەسەللى ھەم ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن ئىدى. چوڭىغا شىرزات، كىچىكىگە مىرزات دەپ ئىسىم قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ جاپالىق باسقۇچقا قەدەم قويغان بولسىمۇ، يېڭى مەنە، مەزمۇنلار بىلەن بېيىماقتا ئىدى. سانىيەنىڭ غەمكىن چىرايىمۇ ئېچىلىپ، ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتى ۋە خۇشاللىقى قايتىدىن بەرق ئۇرۇشقا باشلىدى. مەنمۇ خاتىرجەملىككە، بەختكە چۆممەكتە ئىدىم، بىزنى ئازابلاپ كەلگەن ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئەمدى ئۇنتۇلۇپ كېتەر دەپ ئويلايتتىم. نەدىن بىلەي؟ سانىيە ئىككى ئوغلىمىزغا جېنىنى بەرگۈدەك ئامراق بولسىمۇ، پات - پاتلا باغرىغا بېسىپ، سۆيۈپ - ئەركىلىتىپ، خۇشاللىقتىن قىلمىغىنى قالمىسىمۇ، ئاخىرىدا

بىردىنلا غەمكىنلىشىپ جىمىپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىغان هالدا:

— بىچارە ئاكاڭلارمۇ يېنىمىزدا بولۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بولساڭلار نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ هە؟ — دەيتتى هەسرەتلىنىپ. مەن ئۈندىمەيتتىم.

...

قاباهەتلىك 10 يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، تاڭ ئاخىر ئاتتى. بىراق، سانىيەنىڭ بالا هەققىدە كۆرگەن هېلىقى چۈشىنى ئۇزاق يىللارغىچە ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم.

* * *

ماشىنا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. سانىيە قۇچىقىمدا يەنە شۇنداق بىر خىل ياتاتتى. شوپۇر ئۇستام بىزنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. باللار سەل نېرىدا ئويناۋاتقان ئىكەن، چۇرقىراشقىنىچە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، سانىيەنىڭ قۇچىقىمدا بىهوش ياتقىنىنى كۆرۈپ: «ئانا، ئانا» دەپ يىغا ـ زار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئانامۇ پايپاسلاپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا ئوبدانلا قېرىلىق يەتكەن ئىدى، بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۆگەي دادام ناهەقچىلىككە چىدىماي، ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى، بىز بىلەن بىللە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇمۇ كۆز يېشى قىلغىلى تۇردى.

— ئەندىشە قىلماڭ، ئانا، تېزراق ئورۇن راسلاڭ، — دېدىممەن ئۇنىڭغا، — هېلىقى كېسىلى يەنە قوزغالدى، بىردەمدىن كېيىنلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ...

سانىيە كارىۋاتتا تۆپتۈز هالەتتە ياتاتتى، هەممىمىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ئىدۇق. ئانام پۇت ـ قوللىرىنى تۇتاتتى، مەن

چېكىلىرىنى ئۇۋۇلايتتىم. قوللىرىم ھەرىكەتتە بولسىمۇ، خىيالىم
ھېلىلا بىر بازاردا كۆرگەن ھېلىقى نىمجان بالا بىلەن بوۋايدا
ئىدى. ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتى ئارىلىقىدىكى ئاشۇ خەتەرلىك
ئەھۋالى بىر چاغلاردا سانىيەنىڭ چۈشىدىكى پۇلسىرات
كۆۋرۈكىگە ئېسىلىپ قالغان قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشكە بەكلا
ئوخشايتتى. «ئاشۇ بالا راستىنلا شۇمىدۇ؟ ئەجەبا، ئۇنىڭ
تەقدىرى سانىيەنىڭ چۈشىدە ئاللىقاچان ئايان بولغان بولغىي-
مىدى؟» خىيالىم دولقۇنلايتتى. سانىيە تېزراق ھوشىغا كەلسە،
ئوبدان بىر پاراڭلاشساق دەپ ئويلايتتىم. ئۇ بىر خىللا ياتاتتى،
بۇ قېتىمقى ئىش ئۇنىڭغا بەكلا تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى. كۆز
چاناقلىرى ۋە مەڭزىدە قېتىپ قالغان ياش داغلىرىغا ماياقلىقتا يۈز
بەرگەن ئاشۇ ۋەقە، ئاچچىق كەچۈرمىشلىرى يوشۇرۇنغاندەك
تۇيۇلاتتى...

ماياقلىق! شۇنداق، مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ما-
كان. بىر چاغلاردا چۈش ـ خىياللىرىمدىن چىقماي مېنى ساراڭ
قىلىۋەتكىلى تاس قالغان سېھىرلىك يەر... مانا ئەمدى ئاشۇ يەردە
يۈز بەرگەن، سانىيە ماڭا كۆپ قېتىم ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ
ۋەقەلەر كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە ئىدى.

## 2

«ماياقلىق» × × ناھىيىسىدىكى چەت جايلارنىڭ بىرى
ئىدى. بۇ يەر ناھايىتى ئۇزاق مەزگىلگىچە توپ ـ توپ چارۋا
پادىلىرى يايلايدىغان ئوتلاق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان بولسا
كېرەك. كېيىن خەلق كوممۇناسى قۇرۇلۇپ «يېڭى يەر» دەپ
ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئەسلىدىلا مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەنلەر
«ماياقلىق» دېگەن نامغا كۆنۈك ئىدى. يېزىنىڭ شىمال تەرىپىدە

ئالماستەك چوققىلىرى كۆككە تىرەلگەن قاتمۇقات تەگرىتاغلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى. شەرقىدە ئاشۇ قارلىق چوققىلاردىن كېلىدىغان بىر دەريا جەنۇبقا قاراپ قىشۇ ياز توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ شەھەر بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولمىغاچقا، كۆپ جەھەتتە ئۆزگىچە ئىدى.

بۇ يېزىدىكى ھېلىم تەرسانى كۆپ ئادەم تونۇيتتى. تەمبەل، ئېگىز بوي، ساقال - بۇرۇتلىرى قويۇق كەلگەن بۇ ئادەم ئاچچىقى تولىمۇ يامان، چۇس مىجەزلىك ئىدى، دېگەن گېپىدىن يانمايتتى، بىر گەپ ئېغىزىدىن شۇنداقلا چىقتىمۇ ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى، ھېچكىممۇ قايىل قىلالمايتتى. «تەرسا» ئۇنىڭ كونا لەقىمى بولۇپ، ئاشۇ جاھىل تەبىئىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئائىلىسى، چىرايلىق ئايالى بار ئىدى. بىراق، ئۇ كۆندەشلىكى تولىمۇ قاتتىق ئادەم بولۇپ، ئايالىنى باشقۇرۇشنى يىگىتلىكىنىڭ، ئوغۇل باللىقىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى دەپ قارايتتى. ئەگەر ئايالى بىراۋ بىلەن مۇنداقلا كۈلۈپ سالاملاشسىمۇ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچاتتى. قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماستىن ئۇرۇپ - دۇمبالاپ، خوتۇن بولغانغا تويغۇزۇۋېتەتتى. قولۇم - قوشنىلار ئارىلىشىپ ھاي بەرسە:

— خوتۇن دېگەن توت تامنىڭ قۇلى، «قومۇشقا يۆلەنمە، خوتۇنغا ئىشەنمە» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ ھەرقايسىلىرى؟ — دەپ رەددىيە بېرەتتى. يىغىلىشلاردا، ئايەم، مەشرەپلەردە كۆپىنچە خوتۇنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە كۆپرەك گەپ ساتاتتى. ئېرىدىن ئايرىلىپ باشقا جايدا، ھەتتا ئانىسىنىڭكىدە قونۇپ قالغان ئاياللارنىمۇ ھارامغا چىقىراتتى. بەزى گەپ تېشەر ھارامزادىلەر ئۇنى گەپكە سېلىپ: «ئەگەر شۇنداق بىر ئىش

سىزنىڭ بېشىڭىزغا كېلىپ قالسا، قانداق قىلىسىز، ھېلىم ئاكا؟» دېسە، ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ: «ئۈچ تالاق دەپ كۆتىگە تېپىمەن، ئىككىنچى ئايال زاتىغا يولىمايمەن!» دەيتتى كېسىپلا. لېكىن، ئۇنىڭ مىجەزى تۈز، كۆڭلىدە يامانلىقى يوق ئىدى. ئېگىز - پەس ئىشلارنى كۆرسە، پايدا - زىيىنى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئوتتۇرىغا چۈشەتتى. شۇڭا، ئەل - يۇرت ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى، ھۆرمەتلەيتتى.

ئەلھال، ئۇمۇ ئاخىر بالىلىق بولدى، ئايالى ئۇنىڭغا قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن ئىدى. بۇنداق ئىش ماياقلىقتا ئاز كۆرۈلگەن بولغاچقا، بىردىنلا پۇر كەتتى. كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا ھەۋىسى كېلىپ، تېخىمۇ باشقىچە قارايدىغان بولدى. ئۇمۇ بەك خۇشال ئىدى. ھېلىم ئات چېپىنى چوڭ ئۆتكۈزۈپ، ئوغۇللىرىنىڭ چوڭىغا ھەسەن، كىچىكىگە ھۈسەن دەپ ئىسىم قويدى. ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق ئوخشىشاتتىكى، ھەتتا ھېلىممۇ پەرقلەندۈرەلمەي قالاتتى. قىزىق يېرى، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىمۇ، ئويغىنىشى، ھەتتا تامىقىمۇ تەڭلا بولاتتى. بىرسى كۈلسە، يەنە بىرسىمۇ كۈلەتتى، يىغلىسا تەڭ يىغلايتتى. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسىمۇ، ئەل - يۇرتمۇ ھەيران بولاتتى. بىر قېتىم تېخىمۇ غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ، ئۆرۈك پىشىشقى مەزگىلى ئىدى. كىشىلەر ئوي مەھەللىدىكى كونا ئۆرۈكلۈك باغدا سورۇن تۈزۈپ مەشرەپ ئويناۋاتاتتى، كىچىك قوشكېزەك ئاكا - ئىنىلەر سەل نېرىدا ياندىشىپ ئېسىلغان ئىككى سەگەنچۈكتە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. تۇساتتىن بىر سېرىق ھەرە ئۇچۇپ كېلىپ ھەسەنجاننىڭ لېۋىگە قوندى. ئۇ ئەندىكىپ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىۋىدى، پىژژىدە چېقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ۋار - ۋۇر يىغا ئاۋازى تەڭلا ئاڭلاندى. ھېلىم يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ قاراپ، چوڭىنىڭ كالپۇكى لۆممىدە ئىششىپ چىققانلىقىنى

كۆردى، ھەرە نەشتىرى سانجىلغان ئىزدا بىر قىزىل توچكا مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېلىم كىچىككىگە قاراپ، بىر نەرسىنىڭ ئىزى بولمىسىمۇ، كالپۇك قىسمىنىڭ سەل - پەل ئىششىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇلار تەڭلا شۇنداق ئاچچىق يىغلاۋاتاتتى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئاغزىدىكى ئىششىق بىرنەچچە كۈنگىچە يانماي دەرد قىلدى. ھەيران قالارلىق يېرى، كىچىكىمۇ تەڭ يىغلاپ، ئاكىسى ساقايغۇچە بىر نەرسە يېگىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئىش بىر مەزگىلگىچە كىشىلەرنىڭ سۆز تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا سىرلىق تۈس بېرىپ، ھەر خىل گەپ تارقاتتى...

بالىلار ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەن يىلى بۇ ئائىلە يىمىرىلدى. بۇنىڭغىمۇ ھېلىمنىڭ ئاشۇ جاھىل، تىرتەك مىجەزى سەۋەبچى ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ئوبدانلا ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئۆيدە ئۇنىمۇ، ياغمۇ تۈگىگەن ئىدى. ئايالى قوشنىلاردىن ئازراق ياغ ئۆتنە ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىنى تۈگمەندە تارتقۇزۇپ كېلىشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئايالى بىر تاغار بۇغداينى ھارۋىغا بېسىپ تۈگمەنگە ماڭدى. بۇ ئىشتىن ھېلىمنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشكەن بولسىمۇ، باشقا ئامالى يوق ئىدى. پەقەت ئايالىنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە: «بۇرۇنراق قايتىپ كەل» دەپ قايتا - قايتا تاپىلىدى.

تۈگمەن خېلى يىراقتىكى تاغنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئەگرى - توقاي ساي يولىنى بېسىپ ئاندىن بارغىلى بولاتتى. ئۇ تۈگمەنگە كەلگەندە ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. كۈن ئولتۇرغاندا ئاران نۆۋەت تەگدى. ئۇن تارتىلىپ بولغاندا بولسا، خېلىلا كېچە بولۇپ كەتكەن ئىدى. يول ئۇزۇن ھەم كېچىسى مېڭىش خەتەرلىك بولغاچقا، تۈگمەندىكى نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن، تاڭ سۈزۈلگەندە بىرگە

قايىتىپ كېتەيلى دېيىشتى. بىراق ئۇ، ئېرىنىنىڭ مىجەزىدىن قور-
قۇپ كېچىلەپ قايتىپ كېلىۋەردى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا،
يولنى پەرق قىلىشمۇ تەس ئىدى. كۈتمىگەندە يېرىم يولدا ھارۋا
بىر كاتاڭغا ئاغدۇرۇلۇپ ئوقى سۇنۇپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى
ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. بىرقانچە يېرى سۈرۈلۈپ كەت-
كەندىن باشقا ھېچنېمە بولمىدى. بىراق، ئادەمزاتسىز بۇ غىڭ
سايدا ئۆزى يالغۇز مىڭ ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلىپ بىر كېچىنى
ئۆتكۈزدى. سۈبھى بىلەن تۈگمەندىن قايتقان مامۇت ئىسىملىك
ياغاچچىنىڭ ياردىمىدە ئۇنى ئاران ئۆيگە ئەكەلدى. بىراق، «
كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال » دېگەندەك، ئۇ چۈشەندۈرۈپ
بولغۇچە، ھېلىمنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ياڭرىدى:

— كۆزۈمدىن يوقال بۇزۇق، ئۆيدىن چىق! ھازىردىن
باشلاپ ئۈچ تالاق...

ھېلىم كېچىچە ئۇخلىمىغاندەك قىلاتتى، كۆزلىرى
قىزىرىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، بىردىنلا قېرىپ كەتكەن-
دەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بىچارە ئايالى يىغلىدى،
قاقشىدى، تىزلىنىپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى.

— « خوتۇن كىشىنىڭ ھېلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك »
دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان، سېنىڭ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟
گەپ بىر، ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنمە!

بۇ قېتىم ئۇ ئايالىنى ئۇرمىدى، شۇنداق دەپلا گەپنى
ئۈزدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەل - ئاغىنىلىرى، يۇرت
ئاقساقاللىرى ئارىلىشىپ نەسىھەت قىلىپ باقتى. بىر چىرايلىق
قوشماقتەك ئوغۇللىرىنىڭ يۈزىنى قىلىشنى ئۆتۈنۈشتى.
بىراق، « تەرساغا گەپ ئۆتمەس، تاشقا مىخ » دېگەندەك،
ھېچكىمنىڭ گېپى ئۇنىڭغا كار قىلمىدى... بىر مەزگىل

ئۆتكەندىن كېيىن ئايالى كىچىك ئوغلى ھۆسەنجاننى ئېلىپ نەلەرگىدۇر كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېلىم دېگەن ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «تەرسا» لەقىمى قۇمغا سۇ سىڭگەندەكلا ئۆزلىشىپ قالدى. ھېلىم تەرسامۇ بويتاقلىق ھاياتىنى قايتىدىن باشلىدى. خېلى كۆپ لايىقلار چىققان بولسىمۇ، ئىككىنچىلەپ توي قىلمىدى. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، مۇھەببىتىنى ئوغلىغا بېغىشلاش نىيىتىگە كەلگەندەك قىلاتتى. ھەسەنجانمۇ ناھايىتى چېچەن، ئەقىللىق ئىدى. شۇنچە كىچىكلىكىگە باقماي خېلى مەزگىلگىچە ئانىسىنىڭ، ئىنىسىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ ئارام بەرمىدى... بارا-بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ، دادىسى باشلىغان يېڭى مۇھىتقا كۆنۈپ كەتتى. ھېلىم تەرسامۇ جىمغۇرلىشىپ، كىشىلەر بىلەن ئانچە ئارىلاشماس بولۇۋالدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭدا ئېتىزنىڭ تۈگىمەس ئەمگىكى بىلەن ئوغلىدىن باشقا ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندەك ھالەت شەكىللەنمەكتە ئىدى.

ھەسەنجان ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ھامان يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى. ئۇ شوخ، ئەركىن، يۈرەكلىك ئىدى. چوڭ - چوڭ قارا كۆزلىرىدىن، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر بىرەرسى ياۋاش بالىلارنى بوزەك قىلسا، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشەتتى - دە، ھېلىقى «نوچى» بىلەن تۇتۇشۇپ كېتەتتى. تونۇش - بىلىشلەر: «ھەي، بۇ بالىنىڭ مىجەزى دادىسىنىڭ ئۆزىلا جۇمۇ» دەپ ماختىسا، ھېلىم تەرسا: «خەتنىسىنى قىلغاندا كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويمىغان ئەزىمەت ئوغلۇم بۇ» دەپ پەخىرلىنەتتى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ھەسەنجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. بۇ

چاغدا يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان بولسىمۇ، بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ قالغان ھېلىم تەرسا تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. جاھىللىق جان ئازابى دەپ، ئۇ ئاللىقاچان يۇرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى.

قايسىبىر كۈنى ئۇ بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن قايتىپ كېلىپ، بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىشىغا كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلاشقىنىچە يىقىلىپ چۈشتى. ھەسەنجان بىھوش ياتقان دادىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ئاۋايلاپ كاڭغا ياتقۇزدى - دە، دوختۇر چاقىرغىلى چاپتى. چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلگەن دوختۇر ئۇنىڭ يۇرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپلا ئاستا بېشىنى چايقىدى ... بۇنى كۈتمىگەن ھەسەنجان دەسلەپتە ھەيكەلدەك تۇرۇپلا قالدى، كېيىن شۇنداق ۋارقىرىدىكى، « دادا ! » دېگىنىچە مۇردىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى ...

ئۇ، دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىشقا باشلىدى. نېمىشقىدۇر ئىلگىرىكى شوخلۇقلىرىنى يوقىتىپ، كەم سۆز ۋە خىيالچان يىگىتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ، ھەر كۈنى توخۇ چىللاش بىلەن ئورنىدىن تۇراتتى - دە، قېتىپ قالغان زاغرىنى بەلۋېغىغا قىستۇرغىنىچە ئېتىزلىققا بېرىپ ئەزالار بىلەن تەڭ ئىشلەيتتى. چۈشتە ھېرىپ - ئېچىپ ئارانلا كېلەتتى. كەلگۈچە تېرىۋالغان تەمەچ - پاسارلار بىلەن ئوچاققا ئوت ياقاتتى، ئاندىن چامغۇرنى بولۇق توغراپ، ئۇماچ ياكى يوبدان ئېتەتتى. ئېچىپ ئېشىپ قالغىنىنى بولسا كەچلىك تامىقى قىلاتتى. ئۇ، شۇ يوسۇندا ئېغىر ئەمگەك قىلىۋەرگەنلىكتىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى ... ئاخىر كېسەل بولۇپ يىقىلدى.

تۇرمۇشتا شۇنداقمۇ ئادەملەر بار، ئۇلار ئۇن - تىنسىز ئۆز

ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ـ دە ، بىراۋ بىلەن ۋاي دېيىشىپ ئاپاق ـ چاپاق بولۇپمۇ كەتمەيدۇ . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى رىتىملىق ، بۇلاق سۈيىدەك كۆڭۈللۈك ھەم ئازادە داۋام قىلىۋېرىدۇ . كىشىلەر بۇ خىلىدىكى ئادەمنىڭ كەينىدىن ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئاخىر قايىل بولماي قالمايدۇ ...

تۆۋەندە بىز گېپىنى قىلىدىغان مامۇت ئۇستام ئەنە شۇنداق كىشىلەردىن ئىدى . ئۇ ، 55 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي ، تەمبەل ئادەم بولۇپ ، قاپقارا شاپ بۇرۇتلىرى ئۆزىگە خويمۇ يارىشاتتى . ئۇنىڭ ئۆيى ماياقلىقنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭ مەھەللىدە بولۇپ ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا ، ئۇمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ياغاچچى ئىدى . ئۇ ، ئادەتتە كىشىلەر بىلەن ئاددىيلا سالام ـ سەھەت قىلىشسا ، تولا ئېچىلىپ باشنى ئاغرىتىدىغان ئالىقانداق يىغىنلارغىمۇ ئۇن ـ تىنسىزلا قاتنىشىپ قوياتتى ـ دە ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى . بىراۋ ئۇنىڭغا ئىشنى قىلدۇرسا ، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر ، «مانچەپۇل» دەيتتى ـ دە ، ئىش ھەققىنى ئېلىپ ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن قايتىپ كېتەتتى .

بۈگۈن ئۇ ، سەھەر ئورنىدىن تۇردى ، ئادەتتىكىچە گەپ ـ سۆزمۇ قىلماستىن ، ھەسەنجاننىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى ، ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىر ئۆزى بىلمىسە ھېچكىم ئۇقمايتتى . ئۇ ، ئۆيىگە كىرىپلا كۆردىكى ، تامنىڭ تورۇسلىرىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلىغان بولۇپ ، چاڭ ـ توزان دەستىدىن بوز رەڭگە كىرىپ قالغان كىگىز ئۈستىدە چىرايلىرى تاتارغان ، لەۋلىرى گەز باغلىغان ھەسەنجان ئىگرىغىنىچە ياتاتتى . ئۇ ، مامۇت ئۇستامنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتتى ھەم چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئورنىدىن

تۇرۇشقا تەمشەلدى. مامۇت ئۇستام ئۇنىڭ دولىسىنى يەڭگىل بېسىپ:

— مىدىرلىما، ئوغلۇم، مىدىرلىما، — دېدى. ئاندىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، گېپىنى داۋام قىلدى، — تونۇگۇن كەچ قوشنانىڭ بىزنىڭكىگە ساندۇق ياساتقىلى بېرىپتىكەن، ئۇنىڭدىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، كېچىچە سەن توغرۇلۇق ئويلاندىم. رەھمەتلىك ھېلىم بىلەن دېگەندەك ئارىلاشمىغان بولساقمۇ، سەن كىچىك تۇرۇپلا تىكەندەك يالغۇز قالدىڭ. بۇ، سەن ئۈچۈن تولىمۇ تەس، شۇڭا سېنى ئۆزۈمگە شاگىرت قىلىۋالاي دەيمەن، قانداق دەيسەن؟

مامۇت ئۇستامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھەسەنجان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، لەۋلىرىنى ئۆمەللىدى. كۆزلىرىدىن بولسا تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. شۇ دەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسىنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى بەرگەندە مامۇت ئۇستامنىڭ باش بولۇپ ئۆزىتىشىپ بەرگەنلىكى نامايان بولماقتا ئىدى.

* * *

تۇرمۇشتا گاھىدا يۈز بېرىدىغان كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر بىردىنلا خۇشاللىققا ئايلىنىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، دۆڭ مەھەللىدە بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىش ئىدى.

تازا چىڭقى چۈش مەزگىلى ئىدى. ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن، مەھەللىدە ئادەم شالاڭ بولۇپ، دېھقانلارنىڭ گاھىلىرى ئېتىزدا، گاھىلىرى ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. پەقەت ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يېزا بالىلىرىنىڭ قىيپالىڭاچ بولۇۋېلىپ، سۇغا چۈشكەن چاغدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى مەھەللىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

شۇ ئەسنادا قولىغا كۆك چۈش ئىلىۋالغان 40 ياشلار چا- مىسىدىكى بىر ئايال ئاستا دەسسىگىنىچە كۆل بويىغا كەلدى ـ دە، 10 ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ قولىقىدىن كاپلا ئىلىپ، ئۇنى ئۆي تەرەپكە سۆرىدى. بالا بولسا هودۇققان هالدا غىڭ قىلماستىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ...ئارىدىن مىنۇت ئۆتمەي، ئۆي ئىچىدىن كىچىك بالىنىڭ «قىر ـ قىر» قىلىپ چىرقىرىغان يىغا ئاۋازى ۋە بىر ئايالنىڭ تىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هۇ، ئۆلگۈر شۇم! كېچىسى يوتقان ـ كۆرپىنى ئۇسلايسەن، كۈندۈزى سۇدىن چىقمايسەن. گەپ ئاڭلىمايدىغان قۇلىقىڭنى ئۈزۈپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويماي يەنە!

شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە 16 — 17 ياشلاردىكى بىر قىز لەۋ- لىرى قۇرۇغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان هالدا سۇس قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ — سانىيە ئىدى. بۇ ئۇنىڭ خاماندىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىشى بولۇپ، ئىشكىنىڭ تۈۋىگە كېلىشىگىلا ئىنىسىنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئاڭلاندى. كۆردىكى، ئۆگەي ئانىسى ئالتۇنخان- نىڭ قولىدا كۆك چۈش، ئىنىسىنىڭ بەدەنلىرىدە كۆپكۆك سىزىقلار ... ئۇ، ئىسەدەپ تۇرغان ئىنىسىغا قاراپ كۆزىگە ياش ئالدى هەم نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى. كىم بىلسۇن؟ سەن دېگۈچە مەن دېۋىلاي دېگەندەك، ئالتۇنخاننىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى:

— هويت، چىرايلىق، كېلىشلىرى ئەمدى، يەنە نېمىگە بېزىرىپ تۇرىلا؟ بولسىلا، كالىنى سۇغىرىپ، هويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈپ، ئاشقا خېمىر يۇغۇرسىلا، كۆزلىرىنىڭ يۇندىسىنى تۆكۈپ بېرىدىغان ئانىلىرى مەن ئەمەس!

سانىيە تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ گەپلەرگە پى- سەنتمۇ قىلمىدى. لېكىن، ئىنىسىنىڭ بەدىنىدىكى چۈش

ئىزلىرى ئۇنىڭ مېھىرلىك قەلبىنى ئۆرتىدى. كۆز چاناقلىرىدىن ماراپ تۇرغان ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى... شۇنداقتىمۇ ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، گەپ - سۆز قىلماستىن ئىنىسىنىڭ يېنىغا باردى ھەم ئۇنىڭ باش - كۆزىنى ۋە بەدىنىدىكى يارا ئىزلىرىنى مېھرى بىلەن سىلىدى. ئاندىن كۆز-لىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇرغان ئۆگەي ئانىسىغا زەردە بىلەن ھومايغىنىچە كالىنى سۇغارغىلى ئېلىپ ماڭدى...

سانىيە ئۆستەڭدىكى لاي سۇنى ھۇزۇر بىلەن ئىچىۋاتقان كالىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئارغامچىنى قولىغا يۆگىگىنىچە ئاچچىق خىياللارغا چۆمدى: «توۋا، ئادەم دېگەن ئەجەب تېز ئۆزگىرىدىكەن، دادام رەھمەتى ھايات ۋاقتىدا ئۆگەي بولسىمۇ خېلى تۈزۈكتەك كۆرۈنگەن، مانا ئەمدى بىر زەھەرگە ئايلاندىغۇ سېسىق جادى...» سانىيەنىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى كېلىشكە باشلىدى. ھەرقاچان كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، چىرايىدىن مېھىر - مۇھەببەتنىڭ نۇرلىرى كەتمەيدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل ئانا گويا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «قىزىم، تامىقىڭنى ئىسسىقىدا يېۋال» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شۇئان سانىيەگە يىغا ياماشتى. ئۇ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ: «ئاھ، ئانا، يېتىملىكنى ماڭا مىراس قالدۇرغان بولغىيمىدىڭ، مېنىمۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىللىلا ئېلىپ كەتسەڭچۇ، كاشكى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دادىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى ئەسلەش ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر كەلمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ دادىسى ياشلىق چاغلىرىدا بۇ يۇرتقا سەرسان بولۇپ كەلگەن، بىر مەزگىل باشقىلارنىڭ كېسەكنى قۇيۇش، ئوتۇننى توشۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن جان باققاندىن كېيىن، يېتىم قىز شاھزادەم بىلەن ئاددىيلا توي قىلىپ ئۆز بەخ-

تىنى تاپقان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى نامرات بولسىمۇ، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ئىدى. سانىيە ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلى كىچىك ۋاقتىدىلا چېچەك بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. سانىيە 13 ياشقا كىرگەن يىلى بالا ـ قازا باشلاندى. ئۇنىڭ ئانىسى تۆتىنچى تۇغۇتىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، بالىسى بىلەن بىللە ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ دادىسى كەنتنىڭ ئات باقارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. بىرەر يىلدىن كېيىن، بەزىلەر ئۇنىڭغا «سۇرگۈن» كەنتىدىكى ئالتۇنخان ئىسىملىك ئايالنى سايە قىلىشتى. ئۇ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى تۇل ئولتۇرۇۋاتقان تۇغماس ئايال ئىدى. سانىيەنىڭ دادىسى بىر مەزگىل ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، تۇغماس بولسىمۇ بالىلىرىمغا مېھرى چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ قوشۇلدى. سانىيە دادىسىنىڭ بۇ ئىشىغا كۆڭلىدە نارازى ئىدى. ئۇ، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۆگەي ئانىسىنىڭ خورلۇقىغا ئۇچرىمىدى. چۈنكى، بۇنداق بولۇشىغا دادىسى ھەرگىز يول قويمايتتى. كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ سانىيە دادىسىدىنمۇ ئايرىلدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا ئۇ تاغدا ئات بېقىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز قاتتىق جۇدۇن يۈز بەردى. بىچارە، ئاتلارنى قۇتقۇزىمەن دەپ جېنىدىن ئايرىلدى...

خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان سانىيە كۆز چانىقىدا ماراپ تۇرغان ياشنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ كەتتى. قاياقتىندۇر پەيدا بولغان لالما ئىتنىڭ «ھاۋ» قىلىپ خىرىس قىلىشىدىن ئۈركۈپ كەتكەن شاش كالا ئارغامچىنى قولىغا مەھكەم يۆگىۋالغان سانىيەنى سۆرىگىنىچە 20 ـــ 30 مېتىر ئارىلىققىچە ئېلىپ قاچتى. ئالدى تەرەپتىن كىمدۇر بىرسى توسۇۋالمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ھېلىلا ساق ـ سالامەت تۇرغان سانىيەنىڭ

كىيىملىرى تىتىلىپ، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالدى. ئوك پۈتى زەخمىلەنگەندىن باشقا، بىر قولى جەينىكىدىن سۇنۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تىنچ تۇرغان مەھەللىنى بىردىنلا قىيا - چىيا قاپلاپ، قولۇم - قوشنىلار ئەتراپقا ئولاشتى ھەمدە ھوشسىز ياتقان سانىيەنى كۆتۈرگىنىچە تېزلىك بىلەن دوختۇرخانىغا چېپىشتى.

بۇ ۋاقىتتا ھەسەنجاننىڭ شاگىرتلىق قىلىۋاتقىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ھۈنەرگە ئوبدانلا كىرىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، چاققانلىقى بىلەن ئۇستىسىنى رازى قىلىپلا قالماي، ئۆيدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ، بۇ ئۆينىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەزاسىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇ، ئۇستىسى بىلەن پات - پاتلا يېزا ئارىلاپ ياغاچچىلىق قىلسا، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ھەر خىل ئۆي سايمانلىرىنى ياسايتتى. رەندە بىلەن ھەرە ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىپ، مەزمۇت بىر سالاپەت ئاتا قىلغان بولسا، قويۇق قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان چوڭ - چوڭ قارا كۆزلىرى ۋە بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا تولىمۇ ماسلاشقان يۇمران بۇرۇتلىرى ئۇنىڭغا يىگىتلىك سۈپەت بەخش ئەتكەن ئىدى. ئۇ، گاھىدا قىزلارنىمۇ چۈشەپ قالاتتى... ئاللىقانداق بىر شېرىن لەززەتنىڭ غىدىقلىشى بىلەن كىمدۇر بىرسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى - دە، كۆزىنى يۇمغىنىچە مىيىقىدا تەبەسسۇم قىلىپمۇ قوياتتى.

ئۇ، بۈگۈن بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چاندۇرۇپ قويدى: ئۇستىسى بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ياغاچچىلىقىنى قىلىۋاتقان ھەسەنجان چاسلانغان ياغاچقا رەندە سالاي دەپ تۇراتتى، دوختۇرخانا قورۇسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ئۇلار ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېسەلخانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە ئادەمدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدى. كىمدۇر بىرى

بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىنلا ئۇلار ھەممىنى چۈ-
شەندى. بۇ چاغدا ھەسەنجان بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان
ئادەمدەك تىپىرلاپ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئۇياق - بۇياققا
قارايتتى، ھەتتا تاقەت قىلالماي كېسەلخانا ئىچىگە كىرىپ كۆرۈپ
چىقماقچى بولۇۋىدى، لېكىن مامۇت ئۇستام:
— يوق، ئوغلۇم، دوختۇرلارغا كاشىلا قىلمايلى،
ئەتىگىچە يوقلاپ كىرەرمىز، — دەپ ئۇنى بۇ نىيىتىدىن يېنىشقا
مەجبۇر قىلدى، ئاندىن، — ھەي، بىچارە قىزغا راستىنلا
كەلگۈلۈك كەپتۇ، بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك يەنە شۇلارغا
كەلگىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ھېسداشلىق قىلىپ.
ھەسەنجان گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ، چۈشىن
يېپۋالغاندەك، كۆڭلى غەش ھالدا رەندىنى ئالدى - دە، ياغاچنى
رەندىلەشكە باشلىدى...
ئۇ، سانىيەنى تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىدىن
تارتىپلا تونۇيتتى. بۇ چاغدا سانىيە ئەمدىلا 5 - سىنىپقا كۆچ-
كەن بولۇپ، چىرايىدىن ۋە قىلىقلىرىدىن شوخ قىزچاق
ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن
مەكتەپ بويىچە تازىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا
مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراپ، ئالدىراپلا ئۆيىگە ماڭغان ھەسەن-
جان دوقمۇشتىن قايرىلىشقا كەينى - كەينىدىن چېچىلىۋاتقان
سۇلار ئۇستىۋېشىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇل-
گۇرمەستىن ۋارقىرىدى:
— ھوي قىز، قاراپراق چاچمامسىز؟
بۇ چاغدا ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېلىپ، ئىرىقتىكى
سۇنى چېچىۋاتقان سانىيە بېشىنى كۆتۈرۈپلا ئاچچىقىدا ھومىيىپ
تۇرغان ھەسەنجاننى كۆردى:

— سىزمۇ قاراپىراق ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟ قەستەن چاچمىسام، — دېدى ئۇ كۈلگىنىچە.

ھەسەنجان ئېغىز ئاچقۇچە سانىيەنىڭ ھەمراھلىرى چۇر-قىرىشىپ پۇرسەت بەرمىدى. ئۇ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تېزلىك بىلەن بۇرۇلدى ۋە بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا تېپى-لىپ يىقىلىپ كەتتى. قىزلارمۇ كۈلۈشكىنىچە سىنىپقا كىرىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەنجان سانىيەنى ئۇچراتسىلا ھېلىقى ئىش يادىغا كېلەتتى - دە، قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئۆتۈپ كېتەتتى. لېكىن، غورا ئاچچىق بولغىنى بىلەن، كېيىنچە تاتلىق تەم كىرگىنىدەك، ئۇنىڭ ئاچچىقىمۇ نەلەرگىدۇر كېتىپ، سانىيەگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى ئۇ سانىيەنى بېلىگە ئاق باغلاپ، قارىلىق كىيىم كىيگەن ھالەتتە ئۇچراتتى. ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بۇ مەسۇمەنىڭ سۇزۇك چىرايى غەمگە تولغان بولۇپ، يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ھە-سەنجاننىڭ ئالدىدىن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مىسكىن قەدەم بىلەن ئۆتۈپ كەتتى... شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەنجان سانىيەنى مەكتەپتە ئىككىنچىلەپ ئۇچراتمىدى. كېيىنچە ئۇنى يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىدا ياكى ئېتىزلىقلىرىدا ئۇ كىسىنى يېتىلەپ، بىرەر باغلام تەمەچىنى يۈدۈۋالغان ھالدا ياكى ئەپكەش بىلەن ئېغىر چېلەكىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھالدا ئۇچرىتىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا ھەسەنجان كىچىككىنە تۈرۈپلا بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن سانىيەگە ئىچ ئاغرىتىپ: «ھەي، بىچارە قىز» دەپ خۇرسىناتتى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، ھەسەنجان ماموت ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ كىردى. ئەنە شۇندىن تارتىپ ئۇ سانى-يەنى كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا سانىيە خېلىلا بويىغا يېتىپ قالغان بولۇپ، زىلۋا قەددى - قامى-

تىنگە، ساددىلىق بىلەن گۈزەللىكنىڭ نۇرى تېمىپ تۇرغان ئالمىدەك سۈزۈك مەڭزىگە ھەم قايغۇ بىلەن مېھرىبانلىقنىڭ جىلۋىسى يوشۇرۇنغان قاپقارا كۆزلىرىگە يىگىتلەرنى جەلپ قىلغۇچى سېھرى كۈچنى مۇجەسسەملىگەن ئىدى. ھەسەنجان ئۇنى ھەر قېتىم ئۇچراتقاندا ئىلگىرىكى ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىللىق سېزىم قاپلايتتى. كېيىنچە ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن سانىيەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارايدىغان، نېمىشقىدۇر ھودۇقىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغدا سانىيە يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن ۋىللىدە قىزىرىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ يوسۇندىكى ئۇچرىشىشنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشىگە ئەگىشىپ، ھەسەنجان سانىيەنى تېخىمۇ سېغىنىدىغان، يوشۇرۇن ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، كېچىلەرنى خېلى ئۇزاققىچە خىيال بىلەن ئۆتكۈزەتتى ـ دە، پۈتكۈل ھايات تەقدىرىنى سانىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، پەقەت سانىيەنىڭلا ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنەتتى.

* * *

سانىيە قاتتىق ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ بۇنداق ھاياجانلىنىپ باقمىغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغان ئىدى. خېلىدىن بېرى دۈچ كېلىۋاتقان ئۆگەي ئانىسىنىڭ خورلۇقى ۋە ھەر خىل روھىي ئازابلار ئۇنىڭ شوخ، ئەركىن مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ، ئېغىر تەبىئەتلىك، جىمغۇر قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. بۈگۈنچۇ؟ ئۇ گويا ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم خۇشال پەرۋاز قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۆزىنى تولىمۇ يەڭگىل ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان قولىنى ئېھتىيات بىلەن يەڭگىل تەۋرىتىپ، «تېزراق ساقايساڭچۇ؟» دەپ پىچىرلاپ

قويدى . قولى تەۋرىنىشتىن زىڭگىدە ئاغرىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ھېچقانداق ئاغرىق سەزمىدى . شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇغان بولۇپ ، يۈرىكىنى تىترەتكەن ئوتلۇق سېزىمنى قىزىللىق يۈگۈرگەن مەڭزى ۋە بەختنىڭ شېرىن نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى يوشۇرۇپ قالالمىغان ئىدى . ئۇ ، كارىۋاتقا ئاستا يۆلەنگىنىچە، خېلىدىن بېرى قاراشقا رايى بارمىغان ئەينەككە قاراپ قويدى ۋە پېشىنىسىدە كۆلگىنىچە چىرايلىق قاتلانغان بۇ خەتنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشقا باشلىدى :

« سانىيە ، ئۇزاقتىن بېرى يوشۇرۇپ كەلگەن قەلب سىرىمنى ئىزھار قىلىشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ خۇشال ھېس قىلىمەن . مەن ئالدى بىلەن بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئاتا قىلغان خۇداغا ، ئاندىن قالسا مامۇت ئۇستامغا رەھمەت ئېيتىمەن .

تۈنۈگۈن رەندىنىڭ تىغىنى بىلەۋاتاتتىم ، مامۇت ئۇستام مېنى چاقىرىپ ، پىشۇرۇلغان سېمىز رەڭ بىر توخۇ ۋە 40 — 50 تۇخۇم تەييارلاپ قويۇشۇمنى ، كەچتە سىزنى يوقلاپ كىرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى . بىلەمسىز ؟ شۇ چاغدا شۇنداق يايراپ كەتتىمكى ، قولۇمدىكى تىغنى تاشلاپلا پىنھان بىر جايغا بېرىپ ، بۇ خەتنى يېزىشقا باشلىدىم . يېزىۋېتىپ ، ئۇ يەرگە ئۇستام بىلەن بىللە كىرسەم ، خەتنى قانداقمۇ بەرگىلى بولسۇن دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم . شۇنىڭ بىلەن قېشىڭىزغا كىرگەندە ھەرنى ئالغاچ كىرىپ ، قەستەن ئۇنتۇپ قېلىش باھانىسى بىلەن خەتنى سىزگە بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم ... بىلەمسىز ؟ شۇ تاپتا سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى . نېمىشقىدۇر يۈزۈم قىزىرىپ ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ، دەيدىغان گېپىمنى تاپالمايۋاتىمەن ...

سانىيە ! مەن ئەزەلدىن شېرىن - شېكەر ، يالغان -

ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشنى ئۇقمايمەن. ھەرقانداق گەپ بولسا تۈزلا ئېيتىپ ئۆگىنىپ قالغان ئىكەنمەن. راستىنى ئېيتسام، سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، سانىيە، سىز قوبۇل كۆرەرسىزمۇ ...؟

جاۋابىڭىزغا تەلمۈرۈپ، ھەسەنجاندىن. »

ھاياجانلانغان سانىيە خەتنى كۆكسىگە مەھكەم باستى. كۆز چاناقلىرىدىن دومىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىدە گۈل بەرگىلىرىگە قونغان شەبنەمدەك ۋىلىلدايتتى ...

ئىككى يىل ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ۋاقىتتا ھەسەنجان ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ھەم دادىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىكچىلىككە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، كۈندۈزلىرى ئەزالار بىلەن تەڭ ئىشلىسە، ئاخشاملىرى ھەر خىل ئۆي سايمانلىرىنى ياساپ ئاز - ئازدىن پۇل يىغماقتا ئىدى. ھەر قېتىم ھېرىپ ماغدۇرى قالمىغاندا، سانىيە كۆز ئالدىغا كېلەتتى - دە، بىردىنلا ھېرىشىنى ئۇنتۇپ تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا سانىيە بىلەن تېزراق توي قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى مېھرىبان ئايال ھەم ئوماق پەرزەنتلەر، بۇ ئارقىلىق جىمجىتلىققا چۆمگەن ئائىلىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش ئىدى. ئۇ، ھەر قېتىم شۇلارنى ئويلىغىنىدا: « ھەي، دادام رەھمىتى ھايات بولسىچۇ، كاشكى » دەيتتى شېرىن خىيالدىن مەست بولۇپ.

*　　　*　　　*

بۇ تازا قىزىق ئورما مەزگىلى ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇنلا كەلگەن سانىيە ئېتىز بېشىغا كېلىپلا، بىلەينى ئۇنتۇپ

قالغانلىقىنى بىلدى. بۇ چاغدا قوشنا ئېتىزدىكىلەر تېخى كەلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭكىنى ئارىيەتكە ئېلىشقىمۇ ئىمكان يوق ئىدى. گاللىشىپ قالغان ئورغاقنى تۇتقان سانىيە مەيىن شامالدا ئىغاڭلاپ تۇرغان باشاقلارغا قارىغىنىچە تىت - تىت بولۇپ كەتتى. ئۇ، غەيرەتكە كېلىپ بىرقانچە سول ئورۇپلا ئورغاقنى بىلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، يەنە ئۆيگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا ھەيران قالدى. تېخى ھېلىلا ئوچۇق تۇرغان ھويلىنىڭ ئىشىكى مەھكەم تاقالغان بولۇپ، ھويلىمۇ جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. ئالدىرىغىنىدىن تىت - تىت بولغان سانىيە ئۇيان پىرقىراپ - بۇيان پىرقىراپ بىر ئاماللار بىلەن ھويلىغا كىردى - دە، داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى: ئۆي ئىچىدىن ئالتۇنخاننىڭ نازلىق ئاۋازى، بىر ئەرنىڭ ھاسىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ... ئىزا ۋە غەزەپتىن ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەن سانىيە قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپلا «ھۇ، شەرمەندە بۇزۇقلار!» دەپ تىللىماقچى بولدىيۇ، نېمىنىدۇر ئويلاپ ھويلىدىن ئاستىلا چىقىپ كەتتى. قەدەملىرى ئېغىرلاشقان، چۈشەن يېۋالغاندەك كۆڭلى غەشلىككە تولغان سانىيە ئېتىزلىققىمۇ بارماستىن، ئۆستەڭ بويىغا كەلدى - دە، چىملىق ئۇستىدە سۇنايلىنىپ ياتتى. خىيالىغا ئالتۇنخان بىلەن ھېلىقى ئەرنىڭ بۇزۇقچىلىقى كىرىۋالغان ئىدى: «ئىنسىنسىمىش تېخى، نومۇسسىز ھايۋانلار!» سانىيە ئۇلارنى شۇنداق دەپ تىللىغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. كۆز ئالدىغا چۈشتىن بۇرۇنقى ئىشلار كېلىشكە باشلىدى:

سانىيە چۈشلۈك تاماققا كەلگەندە ئالتۇنخان چىرايلىق ياسىنىپ ئېچىلىپلا كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئۆيگە كىرىشىگىلا:

— قارا، سانىيە، كىم كەلدى، مېنىڭ ئىنىم، سېنىڭ ئاكاڭ ... — دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي قالدى.

سانىيە ئەدەپ يۈزىسىدىن سالام بەرگەندە، ئۇچىسىغا ھەربىيچە سېرىق چاپان، بېشىغا سېرىق شەپكە كىيىۋالغان، قارىماققا خېلى تۈزۈك كۆرۈنىدىغان 25 ياشلاردىكى سالىم ئۇنىڭدىن بىر ھازا ئەھۋال سوراپ كەتتى. ئالتۇنخان تېخىمۇ ئەدەپ:

— قارا، سانىيە، سالىم ئاكاڭ ھازىر سۇرگۈن كەنتىنىڭ شۇجىسى، نەچچە يىللار ئىلگىرى بېيجىڭغا بېرىپ ماۋجۇشى ئاتىمىزنىمۇ كۆرگەن، يېقىندا ئۇنى كوممۇناغا ئۆستۈرىدىكەن دېگەن گەپ بار، بۇنداق ئىستىقباللىق ئاكاڭنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، جۇمۇ، — دېدى ئىلگىرىمۇ كۆپ ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى تەكرارلاپ.

سالىم ئالتۇنخاننىڭ ئىلگىرىكى ئېرىنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى كىچىككىدىلا بېقىۋالغان، ئۇ ئالتۇنخاننى ئاچا دەپ چوڭ بولغان ئىكەن. ئۇ، ئىلگىرى بۇ ئۆيگە ئانچە كەلمەيتتى. سانىيەنىڭ دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر كۆپ كېلىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. سانىيە ئۇنىڭ ئۆزىگە تولا تىكىلىپ قاراپ كېتىشلىرىدىن بەك بىزار ئىدى. شۇڭا، بايا تاماقتىن كېيىنلا ئورنىدىن ئازراق بۇغدايىنىڭ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراپلا ئېتىزلىققا كەتكەن ئىدى.

سانىيە شۇلارنى ئويلىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزلىق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. كېلىپلا پاك - پاكىز ئورۇپ تۈگىتىلگەن بۇغدايلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئەتراپقا نەزەر سېلىۋىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ، ئېغىر «ئۇھ» تارتقىنىچە، چىرايلىق تىزىلغان بۇغداي ئەنجىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. تۇساتتىن بۇغداي ئەنجىسى بوش تەۋرەپ، كىمنىڭدۇر پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ كەتكەن سانىيە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ ھامان ئەنجە دۆ-

ۋىسى بۆلۈنۈپ، ئىچىدىن ئۈستۋېشىنى توپا ۋە بۇغداي
قىلتىرىقلىرى قاپلىغان ھەسەنجان چىقتى. سانىيە ئۇنىڭ قىلىق-
لىرىدىن كۈلۈپ تاشلىغان بولسىمۇ، چىرايى تېزلا غەمكىن تۈس
ئالدى. ئۇ، بەكلا ساددا ھەم تۈز ئىدى. ھېلى بولغان ئىشلارنى
ھەسەنجانغا دەپ بەردىيۇ، نېمىشقىدۇر ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
ھەسەنجان بىر پەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن:

— تېززاق توي قىلساق دەيمەن، سانىيە، سىزمۇ ئاشۇ
خوتۇندىن قۇتۇلۇپ ئازادە ياشىسىڭىز ...

سانىيە بېشىنى تۆۋەن قىلغان ھالدا ئۈندىمىدى. شۇ
كۈنى ئۆيگە كەچ قايتتى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا كۆڭلى غەش-
لىنىككە تولدى. ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ ئۆي ئۇنىڭ
كۆزىگە چوشقا ئېغىلىدىنمۇ مەينەت ھەم ئىپلاس كۆرۈنمەكتە
ئىدى. ئۇ، ئېغىر قەدەم بىلەن ئۆيگە كىردى. سالىم يالغۇز
ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان
بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچىنى بەتبۇي پۇراق قاپلىغان ئىدى. ئۇ،
سانىيەنى كۆرۈپلا ھىجايغىنىچە ئورنىدىن تۇردى:

— كېلىڭ، سىڭلىم، ئەجەبمۇ كەچ قالدىڭىزغۇ؟

سانىيە لام - جىم دېمىدى، شۇ تاپتا سالىم ئۇنىڭ كۆزىگە
چوشقىدىنمۇ بەتتەر كۆرۈنمەكتە ئىدى. سالىم بىر ھازا گەپ
ساتقاندىن كېيىن:

— سىلەر بۇ يەردە بەكمۇ جاپا چەككىلى تۇرۇپسىلەر،
مېنىڭ يېنىمغا كەتسەڭلارغۇ ئېتىزنىڭ ئىشىدىنمۇ قۇتۇلات-
تىڭلار، — دېدى مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ.

غەزەپتىن سانىيەنىڭ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى. لېۋىنى
چىشلىگىنىچە تەتۈر قارىۋالدى. سالىم بەلكىم سانىيەنى ناز قى-
لىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى بولغاي، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى:

— سانىيە قىز، بەكمۇ چىرايلىق چوڭ بولۇپسىز، بۇنى

كېيىسىڭىز تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىسىز. چۈشتە بىرەي دېسەم ئاچامنىڭ ئىچى تارراق، شۇڭا ئايرىم بىرەي دەپ ...

سەۋر قاچىسى يېرىلغان سانىيە ئۇ سۇنغان ئەتلەس كۆڭلەكنى كاپلا قىلىپ ئالدى ـ دە، «هۇ، ئىپلاس!» دەپ تىللىغىنىچە ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى ھەم ئىشكىنى جاققىدە يېپىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

## 3

شۇ ئىشتىن كېيىن ھەسەنجان بىلەن سانىيە توينى ناھايىتى تېزلا قىلىۋېتىدىغان بولۇپ كېلىشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا سوزۇلۇۋاتقان بىر قارا قولنىڭ شەپىسىنى سېزىۋالغان ئىدى. ئالتۇنخانمۇ سانىيەگە چالۋاقاپ:

— خەپ توختاپ تۇر، جۇۋاينىمەك! سەن تېخى مېنىڭ ئىنىمنى رەنجىتىشكە جۈرئەت قىلىپسىنا، ئالدىرىماي تۇر، ئىشنىڭ سەن ئويلىغاندەك بولغىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دېگەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، توي تەييارلىقىنى يوشۇرۇن قىلىۋېرىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە مامۇت ئۇستامنى ئەلچىلىككە كىرگۈزۈپ بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئىشنى پۈتكۈزىدىغان بولۇشقان ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار غىپپىدە بىرىپ توي خېتى ئالدى. ھەممە ئىشنى ھەسەنجان ئۆزى توغرىلىغان ئىدى. ئۇ، خەت كېسىدىغان كاتىپ بىلەن ئوبدان چىقىشۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى كۆپ ئادەم بىلمەي قالدى. خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتكەن ھەسەنجان ئايرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە نېمىشقىدۇر سانىيەنى ماڭدۇرمىدى،

كۆزلىرىدە ئادەمنى مەست قىلىدىغان ئاجايىپ بىر سېھىرلىك نۇر چاقنايتتى :

— بىر گېپىم بار ، سانىيە .

— قېنى ئېيتىڭ .

— ياق ، قۇلىقىڭىزغا دېمىسەم بولمايدۇ .

ئۇ ، سانىيەنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ شىۋىرلىدى . ئاڭلاپلا سانىيە ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى ، شوخلۇق بىلەن يۇلقۇنۇپ ، « ھۇ ، قېلىن » دېگىنىچە ھەسەنجاننى مۇشتلاشقا باشلىدى . ھەسەنجان ھەييارلىق بىلەن پىخ - پىخ كۈلەتتى ...

* * *

دۇنيادا بىر - بىرى بىلەن مۇھەببەت باغلىمىغان ، بىر - بىرىنى سۆيمىگەن ، ۋىسال تەقەززاسى ۋە ئىشق كۆيىكلىرىنىڭ دەردىدە قانچە - قانچە ئۇزاق كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزمىگەن قىز - يىگىتلەرمۇ بارمىدۇ ؟

سانىيە شېرىن خىياللارغا چۆمگەن ئىدى ، ئۇنىڭ تومۇرلىرى مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئاجايىپ لەززەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن دولقۇنلىماقتا ئىدى . ئۇ ، ئىچ - ئىچىدىن قىزىپ كېتىۋاتقاندەك ، قانداقتۇر بىر ھارارەت ئۇنى تەرلىتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى - دە ، يوتقاننى قايرىۋېتىپ يەنە خىيال قاينىمىغا غەرق بولدى . تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان تارام - تارام ئاي شولىسى ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن قاپقارا كۆزلىرىگە ۋە ھاياجاندىنمۇ ، ئىشقىلىپ ، بىر پەسىيىپ ، بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇدرۇقىنە كۆكسىگە چۈشۈپ ، ئۇنى ئالدىرىتىۋاتقاندەك ، گويا ئۇنىڭغا : « ھەي سانىيە ، يەنە قاچانغىچە يېتىۋېرىسەن ؟ ئاشىقىڭ سېنى كۈتۈپ تۇرغىلى نەۋاخ » دېگەندەك قىلاتتى . ئۇ ، سەزگۈر كېيىك بالىسىدەك ، بېشىنى سەل قىيسايتىپ ، ئىككى يېنىغا

ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى . ئولڭ تەرىپىدە ئالتۇنخان پۇشۇلدىغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى . سانىيە ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىگە قارىغىنىچە ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى . ئۇ ، قورقىنىدىن تىترىگىنىچە : « مېنى يالغاندىن ئۇخلاپ كۆزىتىۋاتامدۇ - يە » دەپ پىچىرلىدى . ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ئورنىدىن تۇرسىلا : « ھۇ ، جۇۋاينىمەك بۇزۇق ، كېچىدە نەگە ؟ » دەپ ۋارقىرايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . سول يېنىدا كونا يوتقاننى بېشىغا چۈمكەپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىنىسى ياتاتتى . ئۇ ، سەل ئىككىلەندىيۇ ، كۆڭلىدە : « توي خېتىمۇ ئېلىپ بولدۇق ، بەرىبىر تويىمىز بولىدىغۇ ؟ يەنە نېمىدىن قورقىمەن » دېگەنلەرنى ئويلىغۇالدى - دە ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى . يۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى . ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى . ھويلىدىكى شالاڭ باراڭنىڭ ئاستىغا سېلىنغان كونا كىگىز ئۈستىدە يوغان بىر پاقا دىك - دىك سەكرەپ يۈرەتتى . سانىيە ، ئېچىلسىلا غىچىرلاپ ، غەلىتە ئاۋاز چىقىرىدىغان كونا ئىشىك يېنىغا كەلدىيۇ ، نېمىنىدۇر ئويلاپ ، دەرھاللا ئارقىغا ياندى - دە ، ئۇدۇللا ئۆينىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە باغنى قورشاپ تۇرغان سوقما تامنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن يېرىدىن ئۆتۈپ ، مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى سۆگەت بىلەن قورشالغان ئۆستەڭ بويىغا چاققانلىق بىلەن يۈرۈپ كەتتى .

سانىيە ئۆستەڭ بويىغا كېلىپلا ، قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ۋە غاردەك قاپقاراڭغۇ سۆگەتلىكلەر ئارىسىغا شۇڭغۇدى . ئۇ ، ھەسەنجاننىڭ مۇھەببەت خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۇشۇ يەردە تۇنجى قېتىم خۇپىيانە ئۇچراشقان ئىدى . كىم بىلسۇن ؟ كېچىدە سۆگەتنىڭ بادرىلىرىنى ئوغرىلاشقا چىققان بىر ئالىقانات ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ ، ھەر خىل بولمىغۇر

سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقاتقان ئىدى . شۇڭا ئۇ ، بۇ يەرنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايتتى .

— سانىيە ! — تۇيۇقسىز چىققان ھاياجانلىق ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سۆگەتكە يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرغان ھەسەنجان ئۇنىڭ شەپىسىنى سېزىپلا چاقىرغان ئىدى ، — خويمۇ ساقلاتتىڭىز ئادەمنى !

— كەلگىنىمگە خۇش بولسىڭىزچۇ ، چىقمىسام قانداق قىلاتتىڭىز ؟

— ئەتە مۇشۇ كەمگىچە ساقلاۋېرەتتىم .

— ...

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى . گەپ ـ سۆز قىلىشماستىن بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇشتى . پۈتى بىلەن يەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئوينىغىنىچە تۇرغان سانىيەنىڭ پۈتىغا توساتتىن يۇمشاق بىر نەرسە ئۇرۇلدى . ئۇ ، نېمە ئىكەنلىكىنى سەزمەيلا دەسسەپ سالدى ـ دە ، « پاق » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ « ئاپەي » دېگىنىچە ئۆزىنى ھەسەنجانغا ئاتتى . ئۇ ، يوغان بىر پاقىغا دەسسەپ سالغان ئىدى .

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن سانىيە ئىسگە كېلىپلا ئۆزىنى ھەسەنجاننىڭ قۇچىقىدا كۆردى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىگىت يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ ، ئۇيالدى بولغاي ، ھەسەنجاننىڭ قوينىدىن بوشىنىش ئۈچۈن يەڭگىل يۇلقۇنۇپ كۆردى . لېكىن ، قىمىر قىلالمىدى . ئۇنىڭ كۈچلۈك بىر جۈپ قولى سانىيەنى ئۆزىگە مەھكەم چاپلىۋالغان ئىدى .

— سەت بولىدۇ ، مېنى قويۇۋېتىڭ ، — دېدى سانىيە ھاسىرىغىنىچە يېلىنىپ .

ھەسەنجان ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى :

— نېمىدىن قورقىسىز ، يەنە 10 كۈندىن كېيىن تويىمىز بولىدىغۇ ؟ — دېدى ئاستا پىچىرلاپ .

ئۇنىڭ ئاغزى سانىيەنىڭ مەڭزىگە ، ئاندىن لېۋىگە تەگدى . سانىيە بىردىنلا خۇدىنى يوقاتقان ئىدى ، ھەسەنجاننى قانداق قۇچاقلىغانلىقىنى ۋە سۆيگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ...

بىر پەستىن كېيىن ئاجايىپ تاتلىق بىر يىغا ئاۋازى شىر - شىر ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى . ئاي نۇرىدا يالت - يۇلت چاقناپ تۇرغان كۈمۈشتەك سۈپسۈزۈك سۇ مۇنچاق - مۇنچاق مەرۋايىتلارنى ھاسىل قىلىپ ، چىمەنلىك قىرغاق بىلەن سۆيۈشكىنىچە بوستانلىق ئىچىگە توختاۋسىز ئاقماقتا ئىدى ...

## 4

بۇنداق بولۇشىغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى ، كونىلارنىڭ « يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ » دېگەن ھېكمىتى بىكار بولمىسا كېرەك . ھەسەنجاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى . ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى بۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك ، بىر - بىرىگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىشسە ، ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىتلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ :

— خۇدايا تۇۋا ، تېخى تۈنۈگۈنلا ساق - سالامەت تۇرغان بالىنىڭ بۈگۈن قازا قىلغىنىنى ، ئۆلۈم دېگەننىڭ كۆزى قارىغۇ ، ياش - قېرى دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىكەن ، ئۆزۈڭ بار ئۇلۇغ ئىگەم ، — دەپ ھەسرەت چېكىشتى .

سانىيەچۇ ؟ ئۇ ، بۇ شۇم خەۋەرگە دەسلەپتە ئىشەنمىدى ،

پەقەت ھەسەنجاننىڭ مۇردىسى يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەم بەختىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا دەپنە قىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىمۇ ئۆلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

سانىيەنىڭ ئىچ سىرىنى بىلىدىغان دوستلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن تەسەللىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچىلىك كار قىلمىدى. ئۇ، ئۆزىنى تۇتالماستىن چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ قانغۇچە يىغلىدى، ھەتتا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدى. لېكىن، شۇ ھامان تېخى نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدىلا ھەسەنجان بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن كېچە كۆز ئالدىغا كەلدى - دە، ئىختىيارسىز قورسىقىنى سىلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچىدىن غايىبانە بىر ئاۋاز چىقىپ «ئانا، ئۆلمىگىن، ھەرگىز ئۆلۈۋالمىغىن، مېنى يورۇقلۇققا چىقار، دادامنىڭ روھىنى خۇش قىلغىن» دەپ خىتاب قىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ، ئەنە شۇنداق شېرىن خىيال بىلەن ئۆزىنى ئۇمىدلەندۈرەتتى، ھايات قېلىشقا ئىنتىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە جىمغۇر، كەم سۆز بولۇۋالدى. ھېچكىم بىلەنمۇ ئارىلاشمايتتى. بوش ۋاقتى چىقسىلا ئۆستەڭ بويىغا كېلەتتى - دە، قۇم ئارىلاش ئېقىۋاتقان لاي سۇغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. گاھىدا بولسا، ئۆزىمۇ سەزمەستىن ھەسەنجاننىڭ قەبرىسى يېنىغا كېلىپ، ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە ياش تۆكەتتى. ئاندىن بىرئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك «ئۇھ» تارتاتتى. ھاياتىدىكى بەختسىزلىكلەرنى ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تەقدىرىدىن رەنجىيتتى...

كېچىلىرى خېلى ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ، چۈشىدە

ھەسەنجان بىلەن ئۇچرىشاتتى، ئۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزەتتى.

تۇۋا، بىر قېتىم ئۇ ھەسەنجاننىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراش جەريانىنى چۈشىدە ئەينەن كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. دېمىسىمۇ، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ چۈشىدە ئەينەن تەكرارلىنىشى غەلىتە بىر ئىش ئىدى.

ئۇ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا پىچىرلىدى: «ئاھ، ھەسەنجان، سىز كىچىككىنىزدىنلا ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، كۆيۈمچان ئىدىڭىز، يۈرىكىڭىز ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئاقىۋەتتە باشقىلارغا ياردەم قىلىمەن دەپ ھاياتىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. ئېيتىڭە، نېمىشقا سىزگە ئوخشاش ياخشى ئادەملەر ئاسانلا بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ؟ قارا نىيەت نائەھلىلەرگە، ھەر خىل بۇزۇقچىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەسكەش ئادەملەرگە ئەزرائىلنىڭ نەزىرى چۈشمەيدۇ؟»

ھەسەنجان سانىيە بىلەن ئۇچراشقان كېچىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپلا توي تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇچىنچى كۈنىلا بىرنەچچە تاغار يېڭى بۇغدايىنى ھارۋىغا بېسىپ تۈگمەنگە باردى. يېرىم كۈن كۈتۈپ، نامازشام بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا نۆۋەت تەگدى. ئۇ، ئۈگۈتنى سۇكەنگە قۇيۇۋېتىپ يەڭگىل بىر تىندى ـ دە، بىرئاز سەگىدەش ئۈچۈن تۈگمەن بىلەن ياندىش دەريانىڭ قىرغىقىغا كەلدى. بۇ چاغدا مەھەللىنىڭ ئاسمىنى ئوچۇق بولسىمۇ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىنى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىۋالغان ئىدى. بىر قاراپلا تاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى. دەريادىكى سۇمۇ خېلىلا ئۇلغىيىپ قالغان بولۇپ، قىرغاقتىن بىر غېرىچ تۆۋەن دېگۈدەك ئېقىۋاتاتتى. ھەسەنجان ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنى ئەس-

لىدى - دە: «خۇدايىم، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دەپ پىچىرلىغىنىچە تۆگمەن ئىچىگە قايتىپ كىردى. تۆگمەن ئىچىدە بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە مۆگدەپ ئولتۇرغان بىرنەچچە ئادەمدىن باشقا، ئۈستىۋېشى ۋە ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئاپئاق ئۇن توزانلىرى قاپلىغان تۆگمەنچىلا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بېسىلىپ قالغان ئۆگۈتلەرگە تىككىنىچە، سۆكەن ئىچىدىكى بۇغدايلارنى قولى بىلەن قوچۇپ تۇراتتى. ھەسەنجان ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق بىر كۆلدى - دە، بىر بوش ئورۇننى تېپىپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە لەززەتلىنىش خىيالغا چۆمدى. تۆگمەن تېشىنىڭ رىتىملىق ئايلىنىشىدىن چىققان يېقىمسىز ئاۋاز شۇ تاپتا ئۇنىڭغا توي ناغرىسىدەك تۇيۇلۇپ، گويا ئۇنىڭ بولغۇسى توينى تەبرىكلەۋەتقاندەك بىلىنىپ كەتتى...

— ھەسەن، ھوي ھەسەن!

ئۇ، كىمدۇر بىرسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. بۇ، باش توخۇ چىللىغان ۋاقىت بولۇپ، ئورۇندىن تۇرۇشقا خېلىلا بالدۇر ئىدى. ھەسەنجان شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتكەن تۆگمەنچىنى نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللاپ غودۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆلۈكتەك ئۇخلايدىغان نېمە ئىكەنسەنغۇ، نەۋاخ مەن سېنى چاقىرغىلى، ئاڭلىمىدىڭمۇ سۇنىڭ شارقىراشلىرىنى! — تۆگمەنچى ۋارقىراپ سۆزلەپلا كەتتى.

ھەسەنجان سەگەكلەشتى. ئۇ، سىرتقا چىقىپلا داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. قىرغاقتىن تېشىپ كەتكەن سۇ شارقىرىغىنىچە چوڭ بىر ئېقىن ياساپ، مەھەللە تەرەپكە شىددەت بىلەن ئاقماقتا ئىدى. ئۇ، قىرغاقنى بۇزۇپ تېخىمۇ ئۇلغىيىۋاتقان سۇغا قاراپ، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى - دە، گەپ -

سۆزمۇ قىلماستىن، تۈگمەننىڭ ئالدىدىكى سۆگەتكە باغلاقلىق ئاتنى يېشىپ، مەھەللىگە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

مەھەللىنىڭ ئىچى بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىيا - چىيا بىلەن تولدى. قوي - كالىلارنى ھەيدىشىپ، ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋېلىشقان ئادەملەر دۆڭ مەھەللىنىڭ كەينىدىكى تۆپىلىككە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ھەسەنجان كىشىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ چاغدا كەلكۈن ئوي مەھەللىگە يامراشقا باشلىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تېشىپ ئۆتۈپ، چوڭ يولنى بىر دەرياغا ئايلاندۇرغان ئىدى. قولىغا يوغان بىر تاياقنى ئېلىپ، بېلىگىچە سۇ كېچىپ، ئۆز ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن ھەسەنجان تېشىلىپ، ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن تامغا ۋە سۇدا لەيلەپ قالغان نەرسىلەرگە قاراپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، قېرى - چۆرىلەرگە ياردەملەشكىنىچە دۆڭ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، يان تەرەپتىكى ئۆيدىن بىر ئايالنىڭ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىپ ۋارقىراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ھەسەنجان بۇنىڭ كېسەلچان بىر تۇل ئايالنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالغاندەكلا تۇرغان كونا تامغا قاراپ سەل ئىككىلەندىيۇ، ھېلىقى مەزلۇمنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالمىدى. داۋالغۇپ تۇرغان سۇدا ئۈزگىنىچە چەبدەسلىك بىلەن ئۆي ئىچىگە كىردى ھەم سۇغا چىلىشىپ قالغان، كاڭنىڭ ئۇستىدە ئۆمىلىگىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئىنتىلىۋاتقان كېسەلچان مومايىنى يەلكىسىگە ئالدى. تۇيۇقسىز يەر تەۋرىگەندەك تام - تورۇسلاردىن توپا توزۇپ، «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى...

# 5

سۈرگۈندە① ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تولىمۇ شالاڭ ئىدى. قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى ئائىلىنىڭ ئارىلىقىمۇ كەم دېگەندە بىرەر چاقىرىم كېلەتتى. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى كەنتنىڭ ئېتىزلىقلىرى بولۇپ، بېرىش - كېلىش قىلىش توغرا كەلسە ئېتىز ياكى ئېرىقنىڭ قىرى بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ يەردە خەلىچىخان ئىسىملىك بىر موماي بار ئىدى. ئەمدىلا 60 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، بەللىرى مۈكچەيگەن، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولۇپ، ئۆز يېشىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ كۆرۈنەتتى. قارامتۇل چىرايى مودۇر - چوقۇر قورۇقلار بىلەن تولغاننىڭ ئۈستىگە، گېلىدا ساڭگىلاپ تۇرغان قوش مۇشتەك بىر جۈپ پوقىقى ئۇنى كۆرۈمسىز كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى كەنتنىڭ چېتىدە بولۇپ، ئۆزى يەككە - يىگانە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئىشىكىنىڭ ئالدىدا يوغان ئىككى تۈپ ئۈجمە دەرىخى كۈنلۈكتەك سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۆيىنىڭ كەينىدە بولسا كىچىككىنە ئۆرۈكلۈك باغ بار ئىدى. يان تەرىپى دۆڭلۈكلەر بىلەن قاپلانغان ئۆيدىن ئۆتسىلا چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايلىققا چىققىلى بولاتتى. ئۇ، «بەشتە كاپالەتلىك» ئائىلىنىڭ بىرى بولۇپ، كۈنلىرىنى بىر قوزىلىق قويى ۋە تۆت - بەش توخۇسى بىلەن زېرىكمەي ئۆتكۈزەتتى. گاھى كۈنلىرى ئۇ ئەتىگەنلىك نامىزىنى ئوقۇيتتى - دە، ناشتا قىلىۋېلىپلا مۈكچەيگىنىچە جاڭگاللىقلاردا ياكى سايدا تەمترەپ يۈرەتتى. ئاندىن ئېتىكىنى قۇرۇپ كەتكەن كالا تېزىكى ۋە تەمەچ بىلەن تولدۇرۇپ، تەرلەپ - تەپچىرىگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ

---

① سۈرگۈن — جاي ئىسمى.

ئەنە شۇنداق مۇكچەيگىنىچە كېلىپلا ئۇچمە تۈۋىدە سايىداپ ئول-تۇرغان ئىككى كىشىنى كۆرۈپ :

— ھوي ، مامۇتمۇ سەن ؟ تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن ، كېچىدىن بىر دەستە نان چۈشەپتىكەنمەن ، قايسى مېھمان كېلەركىن دېسەم ، سەن كەپسەن - دە ! — دېدى ھەم تېزەك-لەرنى ھويلىدىكى ئوچاقنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋېتىپ ، قولىنى چايقىدى . ئاندىن ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ ، تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ، — ماۋۇ قىزىم كىم بولىدۇ ؟ ئاي - كۆنى يېقىنلىشىپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدىغۇ ؟ — دېدى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ .

مامۇت ئۇستامنىڭ يېنىدا تۇرغان قىز خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالدى .

— نېمىگە ئالدىرايدىغانسەن ، ھاماچا ، — دېدى مامۇت ئۇستام نارازى بولغاندەك قىياپەتتە ، — ئاۋۋال ئۇسسۇلۇق بولغۇ-دەك نەرسەڭ بولسا ئەكەلمەمسەن، ئاندىن پاراڭلاشمامدۇق...

موماي پايپاسلىغىنىچە بىر كونا كىگىزنى ئېلىپ چىقىپ سايىغا سالدى . ئاندىن داستىخاننى ئېچىپ قېتىپ قالغان زاغرا بىلەن ئىككى چىنە سوغۇق سۇ كەلتۈردى . مامۇت ئۇستام دۇئادىن كېيىن :

— ھاماچا ، بۇ سىڭلىمنىڭ ئىسمى سانىيە ، مەن پەقەت مۇشۇ بالىنىڭ ئىشىنى دەپ سىنى ئىزدەپ كەلدىم ، — دېدى سىناش نەزىرى بىلەن .

موماي تېڭىرقىغاندەك غەمكىن ئولتۇرغان سانىيەگە ، ئان-دىن مامۇت ئۇستامغا كۆز يۈگۈرتۈپ :

— ھوي ، توختاپ قالدىڭغۇ ؟ نېمە ئىش بولسا تېز ئېيتىمامسەن ، — دېدى خىرقىراپ .

مامۇت ئۇستام گېلىنى بىر قىرىۋىدى ، سانىيە : « باغنىڭ

ئىچىنى ئايلىنىپ چىقاي » دېگەننى باھانە قىلىپ ، ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى .

مامۇت ئۇستام ھەسەنجان بىلەن سانىيەنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بولۇپ :

— ئەھۋال مانا مۇشۇنداق ، ھامماچا ، ئۇلارنىڭ تويى بولىدىغانغا بىرنەچچە كۈنلا قالغاندا رەھىمسىز پەلەك ئۇلارنى ئادا - جۇدا قىلدى . لېكىن ، قىزنىڭ بويىدا قاپتۇ . بىراق ، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ ؟ ئۇ چاغدا ئۇلار توي خېتى ئېلىپ بولغان تۇرسا ، لېكىنزە ، « يېڭى ياندىن قوپار ، بالا - قازا قېرىنداشتىن » دەپ ، ئۆگەي ئانىسى بۇنى بىلگەندىن كېيىن ، پۈتۈن مەھەللىگە يېيىپ ، قىزنى بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس قىلىپ قويۇپتۇ . ئۆي ئىچىدە ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپ تۇرغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ . ئويلاپ باقسىنا، ھامماچا ، ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر قىز ياردەمگە ، كۆيۈنۈشكە قانچىلىك موھتاج - ھە ؟ لېكىن ، ھېلىقى بېشەم خوتۇن بار ئىشنى ئۆزى قىلىپ ، ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ئازابىنى ساپتۇ . ئۇ مەينەت ، سانىيەنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، دەخلىسىز ئويناي دېدىمكىن - تاڭ ؟ بىچارە قىز سىرتقا چىقسا چوڭ - كىچىك ھەممىسىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ، ئۆيگە كىرسە شۇ خوتۇننىڭ تىل - ئاھانىتىنى ئىشىتىپ ، ئامالسىزلىقتىن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ . بىراق ، ھەسەنجانغا بولغان ساداقىتى ۋە ئانىلىق مېھرى سەۋەبىدىن قورسىقىدىكى بالىغا چىدىماپتۇ . ئويلاپ باققىنا، ھامماچا ، مەن بۇ ئىشلارنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپ قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالاي ... — مامۇت ئۇستام سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ ، ئۆزىنى باسالماي قالغاچقىمۇ ، ئەيناۋۇر ، كۆز چاناقلىرى غىل - غىل ياش تامچىلىرى بىلەن تولغان ئىدى .

ئېگىلكىنى تۇتقىنچە ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان مومايمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ھالدا :

— خۇدايا تووۋا ، ماۋۇ پاسىق خوتۇننىڭ قىلغان ئىشىنى ، بۇ يەردىكى چېغىدا ئوڭلۇقتەك قىلىدىغان ، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ سالىم دېگەن نېمىسىمۇ بىر نوخۇ پوقى چىقتى ! — دېدى غەزەپ-تىن بوغۇلۇپ .

مامۇت ئۇستام كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى :

— ھەممە ئەھۋالنى ئۇقتۇك ، ھاماچا ، ئەمدى ئۇنىڭ بى-لەن كارىمىز بولمىسا خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ، دېمەكچى بولغىنىم ، بۇ يەر چەت ھەم ھاۋالىق بولغاندىكىن ، سانىيە ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي بولۇپ ، تىنچ - ئامان بوشىنىۋالغۇچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسا ، كېيىنكى ئىشلارنى ئايرىم مەسلىھەتلەشسەك ...

شۇنداق قىلىپ سانىيە خەلچىخان ئانىغا ھەمراھ بولۇپ بۇ يەردە قالىدىغان بولدى . مامۇت ئۇستام ئىككىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي 50 يۈەن پۇلنى داستىخان ئۇستىگە قويۇپ ، پات - پات يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى .

*        *        *

سانىيە بۇ خىلۋەت جايدا قالغاندىن كېيىن تېرىلىرى كەگرىپ ، بىردىنلا ئۆزىنى جەننەتتە ياشاۋاتقاندەكلا ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ، ئۆز مەھەللىسىدە تارتقان بارلىق ئازاب ۋە خورلۇقلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتەي دېدىمىكىن - تاڭ ، ئۆگەي ئانىسى ۋە ھېلىقى سالىم دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قوي-مايدىغان بولدى . بەلكىم ئۇ ، ئۆزىنىڭ دىل يارىلىرىنى قايتىدىن تاتىلاپ ، رىتىملىق سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى پاراكەندە قىلىشنى خا-

لىمىغاندۇ ياكى پاك مۇھەببەتنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورسىقى ئۇنىڭغا غايىبانە شادلىق ۋە ئۈمىد بېغىشلاپ، دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەندۇ ۋە ياكى بولمىسا چىرايى كۆرۈمسىز، سۆز ـ ھەرىكىتى قوپال بولسىمۇ، قەلبى مېھىر ـ شەپقەتنىڭ قىيامى بىلەن تولغان خەلچىخان ئانىنىڭ خەير خاھلىقى ئۇنىڭ دىل يارىسىغا مەلھەم بولغاندۇ ؟!

ئۇ، ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، خەلچىخان ئانا نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە ھويلا ـ ئارامنى پاكىز سۈپۈرۈپ، قاچانلاردىندۇر ساقلىنىپ قالغان كونا مىس چۆگۈن بىلەن تەكشى سۇ سېپىپ چىقاتتى. ئاندىن مۇزدەك سوغۇق سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، غۇر ـ غۇر سوقۇۋاتقان تاڭ شامىلىدا راھەتلىنىشنىڭ ئاستىدا ئۆزى مەڭزىدىكى ئىككى تامچە ياشنى ئاستا ئالاتتى. ئۆزىنىڭ يېنىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ، پايانسىز سايلىققا نەزەر سالغىنىچە تۇرۇپ كېتەتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردا نېمىشقىدۇر مامۇت ئۇستام ۋە خەلچىخان ئانا كۆز ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، ئۇلارغا غايىبانە تەشەككۈر بىلدۈرەتتى. گاھىدا ئىختىيارسىز ھالدا قورسىقىدىكى بالا مىدىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى ـ دە، گويا قۇچىقىدىكى بالىنى پەپىلەۋاتقاندەك قورسىقىنى سىلىغىنىچە، نېمىشقىدۇر ھو-دۇقاتتى، ھاياجانلىناتتى، ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا ھەسەنجاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. پەقەت خەلچىخان ئانا پايپاسلىغىنىچە چىقىپ:

— ھوي، سانىيە، بۇ نېمە قىلغىنىڭ قىزىم، سېنى كىم ھويلا سۈپۈرسۇن دەپتۇ ؟ ئۆزۈڭگە ئېچىلىك ئاغرىمىسىمۇ، قورسىقىڭدىكى بالىغا ئېچىلىك ئاغرىسۇن، — دېگەندىلا ئېسىگە كېلەتتى.

موماي يەنە نېملەرنىدۇر دېگىنىچە ئۇنى ئۆيگە ئەكىرەتتى ـ دە، ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان توخۇ گۆشى بىلەن

ناشتا قىلدۇراتتى. سانىيە كۆزىگە ياش ئېلىپ بىر نەرسە دېسە، ئۇ گەپنى چورتلا ئۈزۈپ:

— قوي ئۇنداق گېپىڭنى، تۇغۇتقىچە كۈچ - قۇۋۋەت كېرەك، كۈچ - قۇۋۋەت، توخۇ گۆشى بەدەننى بوشىتىدۇ، يەپ بەرسەڭ تۇغۇتۇڭ ئاسان بولىدۇ، — دەيتتى كۆيۈنگەن ھالدا.

ئۇلار ئاندىن گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭداشقاچ، ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلاتتى. كۈن سەل قىزىشقا باشلىغاندا سايىغا كېلىپ بىر - بىرىنىڭ بېشىنى باققاچ پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. چۈش بولۇش بىلەن تەڭ بۇ ھويلا بازارغا ئايلىناتتى. نەدىندۇر يىغىلىپ كەلگەن بالىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە تۈزۈتمۇ قىلماستىن ئۈجمە دەرىخىگە مايمۇندەك يامىشىپ چىقىشاتتى. كىچىك شاخلارغا ئەپچىللىك بىلەن قونۇۋېلىپ، ھۇزۇر بىلەن ئۈجمە يەيتتى. ئەنسىرەشتىن كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتكەن خەلچىخان ئانا ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرغاندا، سانىيە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتەتتى. شوخ، ئوماق بالىلاردىن زوقلانغىنىچە ئىنىسىنى ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئالتۇنخاننىڭ زورلىشى بىلەن ئوقۇشتىن توختاپ، تېخى يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىلا تاغقا مال بېقىشقا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇ ھازىر نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟

— ئىڭە، ئىڭە، ئىڭە!

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى مەلۇم جۈمە كۈنى ئەتىگەنلىكى سانىيەنىڭ كۆزى يورۇدى. ئۇ، قارا كۆزلۈك چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغدى. بىر كېچىلىك ئاچچىق تولغاقتىن ھالى قالمىغان سانىيە «ئۇھ» دېگىنىچە بېشىنى ياستۇققا يەڭگىل قويدى. ئۇنىڭ سۈزۈك پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى بىر جۈپ كۆزىدىن ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

خۇشاللىقىدىن ئولتۇرالماي قالغان خەلچىخان ئانا خۇداغا يۈز مىڭ شۈكۈرلەرنى ئېيتىپ، سانىيەنى تەبرىكلىدى. ئەپلىك قولى بىلەن بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كېسىپ، بويىنى ئىلمان سۇ بىلەن يۇدى. ئاندىن يۇمشاق يۆگەك بىلەن زاكىداپ، سانىيەنىڭ يېنىدا ياتقۇزۇپ قويدى. ماغدۇرسىزلانغان سانىيە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بېشىنى سەل كۆتۈرگىنىچە بالىغا مېھرى بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ سەل ئاقىرىپ قالغان يۈزىدە دەسلەپتە سۇس كۈلكە پەيدا بولدى، ئاندىن قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. ئۇ، بەلكىم سۆيگۈ كۆچىتىنى تىكىپ، مېۋىسىنى كۆرەلمەي كېتىپ قالغان بەختسىز ھەسەنجان بىلەن غايىبانە پاراڭلىشىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ روھىنى ئۆز ئوغلىنى كۆرۈۋېلىشقا چاقىرىۋاتقاندۇ؟

* * *

بۇ، دەل ئۆرۈك پىششىقى مەزگىلى ئىدى. خەلچىخان ئانا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا تەمەچ ۋە قۇرۇق كالا تېزىكى تېرىپ كېلىش ئۈچۈن جاڭگاللىققا كەتتى. سانىيە كونىراپ كەتكەن بۆشۈككە بۆلەنگەن ئوغلىنى تەۋرەتكىنىچە قاچانلاردۇر ئۆگىنىۋالغان ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولى ھەرىكەتتە، ئاغزى ناخشىدا بولسىمۇ، توختىماي خىيال سۈرەتتى. خىيال، خىيال، يەنە خىيال! ئۇ خىيال دەرياسىغا شۇنداق چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن ئىدىكى، گاھىدا ئوغلىنىڭ يۈز - كۆزىگە قونۇۋالغان چىۋىنلەرنى قانداق قورۇغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە باللىق دەۋرلىرى كەلگەندە، ھېلىقى ۋاقىتتا كۆرمەستىنلا ھەسەنجانغا سۇ چېچىۋەتكەنلىكى، ھەسەنجاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى غەزەپلىك قىياپىتى ۋە تېپىلىپ يېقىلىپ كېتىشلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدا

نامايان بولاتتى ـ دە ، ئۆزىمۇ سەزمەستىن كۈلۈپ كېتەتتى . ئانـ
دىن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى — ھەسەنجان بىلەن بولغان
مۇھەببەتلىك ھاياتىنى ، ھېلىقى ئۇنتۇلماس شېرىن كېچىنى ئەسـ
لەپ ، لەززەتلىنەتتى . ئارىلىقتىكى بەختسىزلىك ۋە
كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنى ئىختىيارسىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندۇراتتى .
ئويلاپ ـ ئويلاپ ھازىرقى ئەھۋالىغا كەلگەندە : «ئۆمۈر بويى
بۇنداق ئۆتۈپ كەتكىلى بولماس ، بەنە تۇرمۇش قۇرۇشقا توغرا
كېلەر ؟ » ئۇ ، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۆزىگە لايىق كەلگۈدەك بىرەر
يىگىتنى ئېسىگە كەلتۈرەلمەي : « ھەي ، مۇنۇ خەلىچېخان
ئانامنىڭ بىرەر ئوغلى بولۇپ قالسىچۇ كاشكى ! تاز ياكى ئەيىبناق
بولسىمۇ مەيلىتىغۇ ، ئىلاھىم » دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە چاقچاق
قىلغىنىچە .

بۆشۈك توختىماي غىچىرلايتتى . بالىنىڭ بېشىغا تۇمارچە
لاتىغا ئوراپ ئېسىپ قويۇلغان بۆرە ئوشۇقى بۆشۈك بىلەن تەڭ
پۇلاڭلاپ تۇراتتى . سانىيەنىڭ قولى بۆشۈكتە ، مېڭىسى تېگى
يوق خىياللار بىلەن تولغان ئىدى . شۇ ئەسنادا ئىشىك تاراققىدە
قىلىپ ئېچىلدى . بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ھەيكەلدەك قېتىپ قالـ
غان سانىيە چۆچۈپ ئىشىككە قارىدى . دەسلەپتە سانىيەنىڭ
قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ ، يۈزلىرى غەزەپلىك ئوت ئالدى ، كېيىن
بارا ـ بارا ئۆزىنى بېسىۋالدى ھەم بوسۇغىدىلا ھاڭۋاققىنىچە
تەكلىپسىز تۇرۇپ قالغان مېھمانغا ئورۇن كۆرسەتتى . قۇلاقلىرىدـ
غىچە قىزىرىپ كەتكەن ھېلىقى مېھمانمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا
تىرىشىپ ، سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى . گېلىنى بىر قىرىپ قويۇپ
چاقىرىۋىدى ، سىرتتىن قولتۇقىغا چوت ۋە قېلىن بىر دەپتەرنى
قىستۇرۇۋالغان ۋىجىكرەك كەلگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى . بىر
پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ھېلىقى مېھمان سۆز باشلىدى :
— سانىيە قىز ، تونۇشۇپ قويۇڭ ، بۇياق بىزنىڭ

كەنتىنىڭ بوغالتىرى، كىشىلەر ئۇنى ھاشىم كۆسەي دەپ چاقى-
رىشىدۇ، ئۆزى ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ئوبدان ئادەم. ھە، ھاشىم،
سەنمۇ بىلىپ قوي، بۇياقنىڭ ئىسمى سانىيە، ھازىرچە سىڭلىم
دەپ قويساممۇ بولىدۇ.

ھېلىقى مېھمان بىرەر قۇر تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن،
سانىيەگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. سانىيە ئۇنىڭغا ئېرەن
قىلمىغان ھالدا: «قېنى، نېمە دەيسەنكىن» دېگەندەك قاراپ
تۇراتتى. ھېلىقى مېھمان سانىيەنىڭ ئۆزىگە قانداق ھېسسىياتتا
بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك، پات ـ پاتلا ئۇنىڭ
كۆزىگە قاراپ قوياتتى ھەم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. ئۇ، ئاغزى
ئاغزىغا تەگمەي بىر ھازا سۆزلىگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا:

— ھەي، سانىيە قىز، نېمە دېسەم بولار، ئاشۇ چاغدا سىز
رەنجىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شۇنداق بىئارام بولدۇمكى،
نەچچە كۈنگىچە تاماق يېگۈممۇ كەلمىدى، كېيىن تويى بولىدى-
كەن دەپ ئاڭلىدىم. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي كىمدۇر بىرسى:
«تويى بولماقچىكەندۇق، يىگىتى كەلگۈندە قازا تېپىپ كېتىپتۇ-
دەك» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. كېيىن ھەرقانچە
سۈرۈشتۈرۈپمۇ، يىراقتىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ دې-
گەندىن باشقا دېرىكىڭىزنى ئالالمىدىم. قارىمامسىز، بۈگۈن بۇ
يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى، يېنىمىزغا كېلىۋالسىڭىزمۇ كۆر-
مەپتۇق، چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ دېگەن شۇ ـ دە...

ئۇنىڭ ئاغزى بېسىقاي دېمەيتتى، ھاشىم كۆسەي ئۆز
باشلىقىنىڭ بۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كېتىشىگە ھەيران بولغان
ھالدا قۇلىقىنى دىڭ تۇتقىنىچە قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇراتتى.
سانىيە ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە، ئۇلارنى داستى-
خاندىكى ئۆرۈككە تەكلىپ قىلدى. دەل شۇ چاغدا بۆشۈكتە
ئۇخلاۋاتقان بوۋاق ئويغىنىپ، قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. سا-

نىيە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، بالىسىنى پەپىلەپ ، يىغىدىن توختاتتى ھەم سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى . ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى شۇنداق تەمكىن ، شۇنداق تەبىئىي ئىدىكى ، كىشىگە ئاجايىپ يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى . ھېلىقى مېھمانمۇ بالا ئېمىتىۋاتقان سانىيەنىڭ بۇدرۇقىنە كەلگەن ئاپئاق كۆكسىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى . پە-قەت كۆزى سانىيەنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىلا ھۆپپىدە قىزارغىنىچە باشقا ياققا قارىۋالدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ ، تولىمۇ قولاشمىغان ھالەتتە بىلىكىدىكى سائەتكە بىر قاراپ قويۇپ :

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ ، سانىيە قىز ، بىز ئەمدى قايتايلى ، يەنە ئايرىم يوقلاپ كېلەرمىز ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى .

سانىيە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپلا « ئۇھ » دېگىنىچە ئىشىككە يۆلەندى . ئۇ ، سالىم بىلەن بۇنداق ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدى . شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى ۋاقىتتا كۈپكۈندۈزدىلا يۈز بەرگەن شەرمەندىچىلىك كەلدى -دە ، ئىختىيارسىز تەنلىرى شۈركىنىپ ، يۈرىكىگە چۈۋىن ئولىشىۋالغاندەك بىئاراملىق ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ، ئالتۇن-خان ۋە سالىم دېگەنلەرنى مەڭگۈ كۆرمىسەم دەپ خىيال قىلاتتى . قىرىشقاندەك ، تەقدىر ئۇلارنى يەنە ئۇچراشتۇردى . بۇ ، ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىگە تۇز سەپمەي قالامدۇ ؟ ئۇ ، كىمگىدۇر قېيىدىغاندەك ، يىغلاۋاتقان بالىسىغا پەرۋامۇ قىلماستىن ، بۆ-شۈكنى قوپال تەۋرىتىشكە باشلىدى . ئۇ ، بەلكىم خۇداغا قېيداۋاتقاندۇ ؟ تەقدىرگە دوق قىلىۋاتقاندۇ ؟

بۆشۈك ئەنسىز غىچىرلايتتى . بالىنىڭ بېشىغا تۇمارچە لا-تىغا ئوراپ ئېسىپ قويۇلغان بۆرە ئوشۇقى بۆشۈك بىلەن تەڭ

پـۇلاڭلايـتتى. بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. سانىيە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. بالىنىڭ يۈزىگە مەڭزىنى ياققىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

## 6

بىرنەچچە كۈندىن بېرى خەلىچىخان ئانا ناھايىتى خۇشال ئىـدى. ئۇ، تـۇرۇپ بـىر نېمىلەرنى دەپ سانىيەگە چاقچاق قىلسا، تـۇرۇپ ئاللىقانداق كونا ئاھاڭلارغا غىڭشىپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇ بـۇنـداق قـىـلـىـقـلـىـرى بـىـلـەن يېڭى كېلىنلەرگىلا ئوخشىشىپ قـېـلـىـۋاتاتتى. بىراق، ئۇ ناھايىتى ھوشيار ئىدى. بىردەمدىلا قىـلـىـقلىرىنىڭ سانىيەگە ياقمايۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماستىن، چاقچاقلىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا:

— ۋاي بـىـچارە بايـقۇش، ھەسەنـجان ئېسىڭـگە كېلىپ قـاپـتـۇ ـ دە، تـۇرۇلـۇۋالـغـۇچـە تـارتـىـنـماي ئېـيـتـىـۋەرسەڭ بـولـماسمىدى؟ — دېدى خىر ـ خىر كۈلۈپ. موماي كۈلگىنىدە گېلىدىكى بىر جۈپ قوش مۇشتەك پوقىقى تەڭ مىدىرلايتتى.

سانىيە ئۇنىڭ گېپىنى ياقتۇرمىغان ھالدا:

— تـولا چـىـشـىـمـغا تەگمىسەڭچۇ؟ — دېدى چىرايىنى ئاچماي.

مـومـاي بـولـسـا ئۇنىڭ تۇرۇلۇشىگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا چاقچىقىنى داۋاملاشتۇردى:

— ۋاي نـازۇك چـىـرايـلـىقەي، قويساڭچۇ نازلىرىڭنى، چـوڭ ئانـاڭـنـى بـاش قاتۇرمىدى دەمسەن، لېكىن بۇ كىچىككىنە يـەردىـن سـاڭـا لايـىـق كـەلـگـۈدەك يـىگـىت چىقماي قالارمىكىن دەيـمـەن، شـۇنـداقـتـىمۇ چوڭ ئاناڭنى سەل چاغلىمىغىن، گۈل كەلتۈرۈۋېتىمەن، گۈل ...

ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا سانىيە ئىشكنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. قىزىپ سۆزلەۋاتقان موماي قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىم بولۇپ قالدى. ھېلىقىچە سانىيە ئۇنىڭغا مۇنداق قوپاللىق قىلىپ باقمىغان ئىدى.

— جىنى تۇتۇپ قاپتىغۇ بۇنىڭ! — دەپ غۇدۇڭشىدى موماي كۆزلىرىنى چىمىلداتقىنىچە، ئاندىن پايپاسلىغىنىچە ئىشىكنىڭ يېپىلىشىدىن ئويغىنىپ كېتىپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، — يا رەببىم، ئوتتەك قىزىپ كېتىپتىغۇ، قاراڭ ئۇنىڭ خۇيىنى. بالىسى ئاغرىپ قالسا ئاچچىقىنى مەندىن چىقىرىدىكەن تېخى، — دەپ غۇدۇرىغىنىچە يانچۇقىدىن قېتىپ قالغان ئالقاندەك زاغرىنى ئېلىپ يەتتە پارچە قىلىپ ئۇشتۇدى. كەلىمەتەمجۇتنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ بالىنى سۇخلاشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. بىراق، بوۋاق دۇئالىرىنى نەزىرىگە ئىلمىغاندەك تېخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. موماي نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىغىنىچە سانىيەنى چاقىردى:

— بول، سانىيە، بالىنى قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاغزىنى قوقاق بېسىپ كېتىپتۇ، تېزراق ئوتلاق سالايلى!

ئۇلار بوۋاقنى بۆشۈك بىلەنلا سىرتقا ئېلىپ چىقتى. خەلچىخان ئانا بىر تۇتام زىغىر پاخلىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئايەت ئوقۇدى. يېلىنجاپ تۇرغان ئوتنى بوۋاقنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئوتلاق سېلىشقا باشلىدى.

ئەلىياتقۇ مەھەل، خەلچىخان ئانا ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولغان ئىدى. ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ غازاڭلىرى ياز شامىلىنىڭ ئۇرۇشى بىلەن شىلدىر - شىلدىر ئاۋاز چىقىرىپ

تۇراتتى. ئۇيقۇسى قاچقان سانىيە تۈگۈلۈپ تۇرۇپ چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسىغا تىكىلگىنىچە تۈگىمەس خىياللارغا چۆكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى شېرىن كېچە زادىلا نېرى كەتمەيتتى. تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ مۇشۇنداق سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە ئۆگەي ئانىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ھەسەنجان بىلەن ئۇچراشمىغانمىدى؟ ئاھ، ئاشۇ كېچىلەر، ئاي نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ يالتىرىغىنىچە ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك ئۆستەڭ سۇلىرى... قانماستىن سۆيۈشۈۋاتقان ئوتلۇق لەۋلەر، گىرەلىشىپ كەتكەن بىر جۈپ تەن.

سانىيەنىڭ ۋۇجۇدىنى شېرىن بىر سېزىم غىدىقلاپ يەڭگىل تولغاندى. ئۇنىڭ ھېسسىيات دولقۇنلىرى ئۆركەشلەمەكتە ئىدى. ئۇ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىچە ھاياجىنىنى بېسىپ، قوينىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى. ئۇ، ساپ مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى، سانىيە ئۇنى پەرۋىشلەپ قاتارغا قوشۇشى كېرەك. مانا بۇ، ھەسەنجاننىڭ ئۈمىدى. سانىيە شۇلارنى ئويلىغىنىدا ھايات ئۇنىڭغا قايتىدىن كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ، ئەنە شۇنداق شېرىن ئەسلىمىلەردىن مەست بولغان ھالدا شۇ ھالەتلەرنىڭ چۈشىدە يەنە ئايان بولۇشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتەتتى. بىراق، قېرىشقاندەك ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. ھەرقانچە خىيال قىلماي دېسىمۇ، ئاللىقانداق كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر ئۇنىڭ نېرۋىسىنى ئەگىپلا يۈرەتتى. بولۇپمۇ سالىم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش ئۇنىڭ رىتىملىق سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى يەنە تەشۋىشكە سېلىپ، كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇرلايتتى. سانىيە سالىمنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزىگە راستتىنلا ئاشىق - بىقارار بولغانلىقىنى ھەم قولغا چۈشۈرۈش كويىدا يۈرگەنلىكىنى بايقىغان بولسىمۇ، ئۆلۈشكە

رازى ئىدىكى ، ئۇنىڭ مۇدىئاسىنى قوبۇل قىلالمايتتى . ھېلىقى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن كۈپكۈندۈزدىكى شەرمەندىچىلىكتىن كېيىن ، سانىيە سالىم دېسىلا ھاياسىز بىر ئېشەكنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . ئالتۇنخانمۇ ھەرقانچە ئۆگەي ئانا بولغان بىلەن سانىيەنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ ئايالى - دە .

ئىشلار سانىيەنىڭ پەرىزىدەك بولۇۋاتاتتى . ھېلىقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ، ھاشىم كۆسەي بىر پۈت قوي گۆشىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن ھەم خەلىچىخان ئانىغا :

— بۇنى ئاز بولسىمۇ ئىشلىتىپ تۇرسۇن ، دەپ سالىم شۇجى ئەۋەتتى ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىيىنچىلىق بولسا تارتىنماي ئېيتىڭلار . ھە راست ، ھېلىقى قەرزلەرنى بىكار قىلىۋەتتۇق . باشقىلارغا يېيىپ يۈرمەڭ ، — دەپ ئالدىراپ خوشلىشىپلا كېتىپ قالغان ئىدى . بۇ كۈتۈلمىگەن ئىلتىپاتتىن ھەيران بولغان خەلىچىخان ئانا دەسلەپتە نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان ، كېيىن سانىيەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ :

— قىزىم ، سېنىڭ ئايىغىڭ ياراشتىمۇ - نېمە ، سەن كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار قەرز سۈيلەپ ئارام بەرمەيتتى ، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئەكسىچىلا ئىش بولۇۋاتىدىغۇ ، خۇدايىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىۋاتامدىغاندۇ - يە ؟ — دېگەن ئىدى كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ .

بۇ ساددا موماي ئۇنىڭ تېگىدە نېمە ئويۇن بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن ؟ بىراق ، سانىيەگە شۇ چاغدا ھېلىقى بىر پۈت گۆش ئۆزىنى قارماققا ئىلىشتىنكى يەمچۈكتەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى .

سانىيە ئېغىر تىندى . باش - ئايىغى يوق چىگىش خىياللار ئۇنى چارچىتىۋەتكەن بولۇپ ، مېڭىسى يىڭنە سانجىل-

غانـدەك زىـڭـىـلـداپ ئاغرىـيـتـتـى . ئۇ ، ئاخىر چىدىيالماي بىر نـىـمـىـلـەرنـى دەپ پىچىرلاشقا باشلىدى ... كۆزىگە ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇ ئولاشتى .

دەل شۇ چـاغـدا كـىـمـدۇر بىرسى ئاتقان چالما ئۆگزىگە تـوكـكـىدە چۇشكەندەك بولدى . سانىيە چۆچۈپ كۆزنى لاپپىدا ئېچـىـپلا بـېـشـىـنـى پـۇركـۈۋالـدى . ئۇنـىڭغا گويا تۇڭلۇكتىن چـۆچەكتەك بىر جۈپ كۆز ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلـۇپ كـەتـتـى . ئۇ بىر قولىنى يوتقاندىن ئاستا چىقىرىپ ، بېشىغا قـويۇۋالغان قىڭراقنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتتى . يۈرىكى بولسا ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك گۈپ ـ گۈپ سوقاتتى . قۇلىقىغا گويا سىرتتىن شـىـپـىـر ـ شـىپىر ئاياغ تىۋىشى كېلىۋاتقاندەك ، كىمدۇر بىرسى ئىـشـىـكنى ئاستا چېكىۋاتقاندەك سېزىلەتتى . بىراق ، بۇ راستىنىلا شـۇنـداقمۇ ياكى ھودۇقۇشتىن كېلىپ چىققان خىيالىي تۇيغۇمۇ ، ئۆزىـمـۇ ئاڭـقـىرالماي قالدى . ئۇ ، ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باققان بولسىمۇ ، لېكىن كىمدۇر بىرسى ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئىمىسقىلاپ يۈرگەندەكلا بىلىنەتتى .

سـانىيە ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئېغىر بىر تىنىدى ـ دە ، ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ ، قاتتىق چارچىغان ئىدى ...

يـوغـان دەم بىلەن تاقالغان ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كـەتـتى . سانىيە بېشىنى كۆتۈرۈپلا سالىمنىڭ تۇمانغا دەسسىگەندەك يـەڭـگـىـل قـەدەم بـىـلـەن ئۆزىـگـە قـاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كـۆردى . ئۇنـىڭ يۈزى قىپقىزىل بولۇپ ، ھېلىلا قان بىلەن بويالغـانـدەك ئىـدى . كـۆزلـىـرىـدە ئەسـەبـىـي تـەقـەززالىق نۇرلىرى چـاقنايتتى . سانىيە ھودۇقۇش ئىچىدە قاتتىق ۋارقىرىدى . بىراق ، كۈچلۈك بىر قول گېلىنى بوغۇۋالغاندەك ئاۋازى چىقمىدى . سالىم ئۇنـى ئاسـتـىـغـا مەھكەم بېسىۋېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ ـ يـالاشـقـا باشلىدى . بەتبۇي پۇراقلاردىن سەسكەنگەن سانىيە ۋار-

قىرىغىنىچە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. پەقەت كىمنىڭدۇر قولى بىلىكىنى تۇتۇپ سىلىكىگەندىلا ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئېچىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۆي ئىچى دەسلەپتە ئۇنىڭغا پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بارا - بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. خەلىچىخان ئانىنىڭ قولى ھېلىمۇ ئۇنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى. سانىيە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ھېلى كۆرگەنلىرىنىڭ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. چۈشىمىكىن دېسە، خۇددى ئەمەلىيەتتە بولغاندەكلا، ئوڭمىكىن دېسە، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر بۇرۇنقىدەك جاي - جايىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خەلىچىخان ئانا قېشىدا ئىدى. سانىيەنى سەل ۋەھىمە باستى. كۆز ئالدىدىن ھېلى زاھىر بولغان بەتبەشىرە كۆرۈنۈشلەر كەتمەيتتى. خەلىچىخان ئانا ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى سانىيەگە تىككىنىچە:

— شۇنداق سەت چىرقىراپ كەتتىڭ، چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچسام ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كېتىپسەن، بۇ كېچىدە نەگە ماڭغاندۇ، دەپ كاپلا قىلىپ بىلىكىڭنى تۇتۇۋالدىم، — دېدى

سانىيەنى قاتتىق قارا باسقان بولۇپ، يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. ئۇ، ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ، سەل ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ھەم ھېلى كۆرگەنلىرىنى خەلىچىخان ئانىغا سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ، مومايىنىڭ ئۇيقۇ باسقان كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، سوغۇق سۇ چېچىلغاندەك ئەندىككىنىچە دېدى:

— نېمە دەيدىغانسەن، قىزىم، كۆزۈڭگە بىر نەرسە كۆرۈنگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئاللا ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، جىن - شاياتۇنلارنىڭ كۆزى ساڭا تېگىپتۇ - دە! بۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق ئېھتىيات قىل، بولسا بېشىڭدىن قايچىنى نېرى

قىلما، ئەگەر يەنە كۆزۈڭگە كورۈنىدىغان بولسا بىر تۇتام چىچىنى كېسىۋالساڭلا يەتمىش پۇشتۇڭغىچە چىقىلىشقا جۇرئەت قىلالمايدۇ.

ئۇلار بىر هازاغىچە جىن ـ شاياتۇنلار ھەققىدىكى خىلمۇ خىل ھېكايىلار — كىمدۇر بىرسىنى جىن ئېلىپ قېچىپ كېتىپ ساراڭ قىلىۋەتكەنلىكى، يەنە كىمدۇر بىرسىنى بولسا باخشى، موللا تاپقاق قىلىپ قويۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ سېلىشتى. بۇنى ئاڭلىغانسېرى سانىيەنى سۇر بېسىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۆزىمۇ سەزمەستىن خەلچىخان ئانىغا يېپىشىۋالدى. خەلچىخان ئانا ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، بېشىنى سىلىغىنىچە دېدى:

— هاي، بىچارە بايقۇش، قورقۇپ يۈرىكىڭ چىقىپ كېتەي دەپتۇ ـ دە؟ خاتىرجەم بول، چوڭ ئاناڭ ئۆزى ياقتۇرغانلاردىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ. ئىشەنمىسەڭ قارا، — موماي جىلىتكىسىنىڭ سول مەيدە تەرىپىنى يىرتىپ، چىمچىلاق قولىنىڭ يېرىمىدەك چوڭلۇقتىكى پارقىراق بىر نېمىنى چىقىرىپ سانىيەگە سۇندى. سانىيە « بۇ نېمە » دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن خەلچىخان ئانىغا تىكىلدى، موماي ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قارا، سېنىڭ دۆتلۈكۈڭنى، مۇشۇنداق ئېسىل نەرسىنىمۇ بىلمىدىڭ، بۇچۇ، بۇ دېگەن يىلان مۇڭگۈزى، كەم ئۇچرايدىغان ئەڭگۈشتەر، مۇشۇلا يېنىڭدا بولىدىكەن زەھەر يېسەڭمۇ تەسىر قىلمايدۇ، ھەرقانداق قەست ئۆتمەيدۇ، بېشىڭغا بەخت قۇشى قونىدۇ، قىزىم...

سانىيە خۇددى چۆچەك ئاڭلاۋاتقان ساددا بالىدەك ھاڭۋاققىنىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان ئىدى. خەلچىخان ئانا

بولسا تېخىمۇ مەغرۇرلانغان ھالدا ھېلىقى يىلان مۆڭگۈزىنىڭ كېلىش تارىخىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەن ئۇقمايسەن قىزىم، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز موللىلار ئەۋلادىدىنكەن، مېنىڭ بوۋامىمۇ كاتتا موللا بولۇپ، يېزىمىزدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى قىلىدىكەن. ئۇ، شۇنداق يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنكى، يۈزىگە قونۇۋېلىپ، قېنىنى شوراۋاتقان پاشىنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ كۆزى قىيمايدىكەن، شۇڭا چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى ئەۋلىيادەك چوڭ بىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئەمدىلا جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇشىغا، يايلىسى بار، بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى ئۇزۇن بىر يىلان «پۇش - پۇش» قىلىپ ئاۋاز چىقارغىنىچە بوسۇغىدىن ئارتىلىپ ئۆي ئىچىگە كىرىشكە باشلاپتۇ. بوۋام بولسا كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويماستىن، پۈتۈن ئېتىقادى بىلەن نامىزىنى ئوقۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى يىلان بوۋامنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆيدىن چىقىپتۇ - دە، غايىب بولۇپتۇ. بوۋام شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى يىلان بولماستىن، بەلكى يىلانلار پادىشاھى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. چۈنكى، ئادەتتىكىلىرىنىڭ يايلىسى بولماسمىش. ئەتىسى شۇ مەھەلدە ھېلىقى يىلان يەنە كەپتۇ ۋە بوۋام نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جايناماز ئۈستىگە چىقىپ ئۇخلاپتۇ. بوۋام ئۇنىڭغا ئازراقمۇ كاشىلا قىلماپتۇ. بۇ ئىش بىر مەزگىل شۇنداق داۋام قىلىپتۇ. بىر جۈمە كۈنى خۇپتەن بولغاندا ھېلىقى يىلان يەنە كەپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تولىمۇ غەمكىن كۆرۈنەرمىش. ئۇ، خۇددى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك بوۋامغا سۈركىلىپ يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلىپتۇ. ئاندىن مۆڭگۈ-

زىنى جايناماز ئۈستىگە تاشلاپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمەپتۇ.

سانىيە بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ خۇددى ئۆزىدە غايىبانە كۈچ پەيدا بولۇپ قالغاندەك يەڭگىل تىندى. قولىدىكى يىلان مۇڭگۈزىگە قىزىقىش بىلەن تىكىلدى. بۇ چاغدا يىراقلاردىن خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرى كېلىشكە باشلىغان ئىدى.

## 7

ئۈنىڭ ئىسمى سىدىق، لەقىمى «مۇدىر» ئىدى. سۇرگۈنلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى سىدىق «مۇدىر» دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ، تولىمۇ قىزىق بىر بەندە ئىدى. قىلىقلىرى گاھىدا ساراڭدەك تۇيۇلۇپ ئىچىگىزنى ئېلىشتۇرسا، گاھىدا يۇمۇرلۇق بىر كومېدىيە ئارتىسىنىڭ نېمىنىدۇر ھەجۋىي قىلىۋاتقىنىدەك ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. ئۇ، ئەتىدىن - كەچكىچە مەھەللە يوللىرىنى، دېھقانلارنىڭ ئېتىز - قىرلىرىنى ئايلىنىپلا يۈرەتتى. قولىدىن ئاچچىق موخۇركا چۈشمەيتتى. ئۇ، گويا راستتىنلا مۇدىردەك دېھقانلارغا ئۈزاقتىن - ئۈزاق «نۇتۇق» سۆزلەپ، سالىم شۇجىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى پاكىتلىرى بىلەن چۈشەندۈرەتتى. گاھىدا غەزەپتىن بوغۇلۇپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چوڭ بىر مەكتەپتە ئوقۇغانىكەنمىش. دادىسى ئاغرىقچان بولغاچقا، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مۇئەللىم بولغان ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى پالاكەت بېسىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئون نەچچە مو كەلگۈدەك كونا بېغى بار ئىكەن. باغدا ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەر بولۇپ، ھەر يىلى كۆز كېلىشى بىلەن

تۆكمە ـ تۆكمە بولۇپ كېتىدىكەن . سىدىق ۋە ئۇنىڭ دادىسى باغدىكى مېۋىلەرنى مۇئەللىملەرگە، ۋە باللارغا ئۇلەشتۇرۇپ بېرىدىكەن ، ئاشقىنىنى ئانچە ـ مۇنچە قاق سالىدىكەن .

بىر كۈنلەردە ، ئېتىزلارنى سالالاشتۇرىدىكەن ، باغلارنىڭ ھەممىسى تېرىلغۇ ئېتىزى قىلىنىدىكەن دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان سىدىق بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك چۆچۈپ كېتىپتۇ . دەرھال كەنت باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ھازىر بار بولغان باغلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ، ئىقتىسادىي قىممىتى ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا كۆرسىتىدىغان تەسىرى دەمدۇ ، ئىشقىلىپ ئادەم چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن گەپلەر بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلماقچى بولۇپتۇ . كەنت باشلىقلىرى ئۇنىڭ « ئەخمىقانە » سۆزلىرىگە ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈشۈپتۇ ھەم ئۇنى « ئالجىپ قاپسەن ، ماڭ ، ئىشىڭنى قىل » دەپ ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ . سىدىق ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىقىنچە قايتىپ چىقىپتۇ . راست دېگەندەك ئۇزاق ئۆتمەي ئەزالار سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ، سالالاشتۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپتۇ . سىدىقنىڭ بېغى ھەممىدىن ئاۋۋال ۋەيران قىلىنىپتۇ . سىدىق كېسىلىۋاتقان دەرەخلىرىگە قارىغىنىچە لەۋلىرىنى چىشلىگەن ، قوشۇملىرىنى تۈرگەن ھالدا بىر نېمىلەرنى يېزىپتىمىش . سىدىق بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر سىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە : « سىلەرنىڭ دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ نابۇت قىلغىنىڭلار ئادەم ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر ، بۇ جىنايىتىڭلار ئۈچۈن جازايىڭلارنى تارتماي قالمايسىلەر » دېگەن قۇرلارمۇ بار ئىمىش ...

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سىدىقنىڭ كالللىسىغا نېمە جىن كىرگەن ، تۇرۇپلا كېسىۋېتىلگەن دەل ـ دەرەخلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆلەم بېرىش ھەققىدە ئەرز سۇنۇپتۇ . كۈندە

دېگۈدەك كوممۇنا دەرۋازىسىدىن كەتمەيدىغان بولۇۋاپتۇ .

بىر كۈنى ئۇ يەنە كەپتۇ . قولتۇقىدا كەتمەنگە ساپ قىلىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان بىر كالتەكمۇ بار ئىكەن . بۇ چاغدا كوممۇنادىكى ئاكتىپلار يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان سالىم بۇنى كۆرۈپ قېلىپ :

— سىدىق پارتكومغا كالتەك بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ ، كىمنى ئۇرماقچى ، — دەپ داۋراڭ ساپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش چوڭ بىر سىياسىي مەسىلىگە ئاي- لىنىپ ، ئۇنىڭ ماتېرىيالى جىددىي هالدا ناهىيىگە يوللىنىپتۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭغا « پارتىيىگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابچى » دېگەن جىنايەت ئارتىلىپ ئۈچ يىل قامىلىپتۇ . مۇددىتى توشۇپ قايتىپ چىققاندا دادىسى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن . ئۇ ، خېلى ۋاقىتلارغىچە هېچ كىشى بىلەن ئارىلاشماستىن ، دادىسىدىن قالغان غېرىبانە كۈلبىدە يەككە - يېگانە ياشاۋېرىپتۇ . ئۇزاق ئۆتمەي سىدىق هەققىدە مۇنداق خەۋەر تارقىلىپتۇ :

ئۇ ، ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆستەڭگە چاقپىلەكتەك بىر نەرسە ئورنىتىپ ، ئۆزىنىڭ ۋە يېقىن ئەتراپتىكى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىنى توك چىراغ بىلەن يورۇتقانمىش .

بۇ خەۋەر ناهايىتى تېزلا پۈتۈن يېزىغا ، ئاندىن ناهىيىگە تارقىلىپتۇ . بەزىلەر سىدىقنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ، ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش كېرەك دېيىشىپتۇ . بەزىلەر ، ئۇ دېگەن شەيتاننىڭ ئىشى دەپ ئەيىبلەپتۇ . يەنە بەزىلىرى بولسا : « ئۇ كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى ، ئۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك » دەپ جار ساپتۇ . بۇ ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئەۋجىگە چىقىۋاتقان چاغلىرى بولۇپ ، سالىمنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقان مەزگىللىرى ئىكەن . ئۇ ، يېزىدىكى ياشلاردىن تەشكىللەنگەن بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچىلارغا باش بولۇۋېلىپ ، سىنىپىي كۈرەشنى

قانداق قانات يايدۇرۇش ھەققىدە جىددىي ئويلىنىۋاتقان ئىكەن. ئۇ، ئوتتۇرىغا چىقىرىپ دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان ئادەم تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سىدىق ھەققىدىكى خەۋەر قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇ ھامان سالىمىنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ: «توۋا، ئالدىمدىكى دۈشمەننى كۆرمىگىنىمنى قارىمامدىغان، ئۆز ۋاقتىدا سالالاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە قارشى چىققان؛ كوممۇناغا باستۇرۇپ كىرىپ، تۈرمىدە ياتقان نەق ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئۆزى شۇ ئەمەسمۇ! بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنە قىلمىشىغا توۋا قىلماي، بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىسى بىلەن خەلقنى ئالداپ يۈرسە، شۇنى كۆرەشكە تارتماي كىمنى تارتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئەتىسى ئۇ بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچىنى باشلاپ سىدىقنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ ھەم ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىمۇ قويماي ئاختۇرۇپتۇ، ئاندىن بىر تاغار كىتابنى سىدىقنا يۈدۈتكىنىچە ئىشخانىغا ئەكىرىپ سوراق قىپتۇ. سىدىق ئۇنىڭ ئەخمىقانە سوئاللىرىغا ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلگەن ئىكەن، ئاغزى - بۇرنىدىن قان كەتكۈچە تاياق يەپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ بېشىغا قەغەزدىن ياسالغان ئۇزۇن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىپتۇ. بىر مەزگىل داۋام قىلغان ئەلەم كۈرىشىدىن كېيىن بەدىنىنىڭ كۆكەرمىگەن يېرى قالماپتۇ. سارغۇچ يۈزلىرىدىكى شالاڭ بۇرۇتلىرى تىرتىيىپ، قوۋۇز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىقىپ قاپتۇ. بىر كۈنى كەچتە ئەلەم كۈرىشىدىن چارچاپ ھالى قالمىغان سىدىق سولاقخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى پاخالغا ئۆزىنى لايدەك تاشلاپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئالا - تاغىل ۋارقىراپ جۆيلۈگىنىچە سالىمنى تىللاشقا باشلاپتۇ. سىرتتا كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان بىر قىزىل قوغدىغۇچى بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئېتىلىپ كىرگىنىچە ئۇنىڭ بېشىغا

مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ ھەم « تۇر
ئورنۇڭدىن !» دەپ ۋارقىراپتۇ . نېمە ئىش بولغانلىقىنى
ئاڭقىرالمىغان سىدىق دەسلەپتە يۈزلىرىنى ئاچچىق يۈرۈشتۈرۈپ ،
ئىگىرىغىنىچە دوملاپتۇ . ئاندىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھې-
لىقى قىزىل قوغدىغۇچىغا قاراپ شۇنداق ھىجىيىپتىكەن ، ئۇ
قورقىنىدىن ئالمان - تالمان ئىشكنى يېپىپ چىقىپ كېتىپتۇ .
سىدىق بولسا ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ . ئەتىسى
كىشىلەر يۈزلىرى تىرناق ئىزلىرى بىلەن جاراھەتلەنگەن سىدىق-
نىڭ قىيپالىڭاچ ھالەتتە قۈيۈندەك پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە
كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلى-
شىپتۇ . قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇنى يەنە تۇتۇپ بىر مەزگىل
كۈرەشكە تارتقان بولسىمۇ ، تىل - ھاقارەت ۋە تاياق - دۇمبا
ئۆتكۈزەلمەي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپتۇ . سىدىق شۇنىڭدىن كېيىن
ئۆزى بەگ ، ئۆزى خان ھالدا ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ ، گاھ
ئۇ مەھەللىدە ، گاھ بۇ مەھەللىدە يۈرىدىغان بولۇپتۇ . ھەش -
پەش دېگۈچە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ . سىدىقمۇ ساقال -
بۇرۇتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ بەئەينى بىر دەرۋىش قىياپىتىگە
كىرىپ قاپتۇ . ئۇ ، قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن تىركىشۋاتقاندەك ،
قىش كۈنلىرى يېلىڭ كىيىنىپ ، تۈكلۈك مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ ،
ياز كۈنلىرى بولسا ئۆڭ جۇۋىغا يۆگەنگىنىچە ياشاۋېرىپتۇ . دەس-
لەپتە ئۇ ئۆزىنى مازاق قىلغان كىشىلەرنى چوڭ - كىچىك دېمەي
قولىغا نېمە چىقسا ئېتىپ - ئۇرۇپ قوغلايدىكەن . ھەتتا بىر قېتىم
سالىمغىمۇ تۆمۈر ئارىنى تىقىۋەتكىلى تاس قاپتىكەن . كىشىلەرمۇ
« ساراڭغا سوت يوق » دەپ ئۇنى كۆرسىلا ئۆزلىرىنى چەتكە ئې-
لىشىدىكەن . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇمۇ بەزى خۇي -
مىجەزلىرىنى تاشلاپ ، كىشىلەرنى كۆرسە مۇجمەل ھىجىيىدىغان ،
« ھە ، پالاناخۇن ، قانداق ئەھۋالىڭلا ؟ » دەپ ئەھۋال سورايدىغان

بولۇپتۇ. كىشلەرمۇ ئۇنى ئانچە ـ مۇنچە گەپكە سېلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان، سۆزلىرىدىكى بەدەۋى تىللارنىڭ بارا ـ بارا مەنىلىك تۈس ئېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشىدىغان بولۇپتۇ. ئۇ، بىرنەچچە ئادەم يىغىلغان جايغا بارسىلا ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان تارىخىي ۋەقەلەرنى، بولۇپمۇ بىرىنچى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلارنى، تۇرۇپلا دارۋىن، ئېينىشتېين دەمدۇ، ئىشقىلىپ «ياتلا» بىر ئادەملەرنىڭ نەزەرىيىلىرىنى سۆزلەپ ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىكەن. ئاندىن ماركسنى تىلغا ئېلىپ: «ھەي، مېنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيۋاتىدۇ. مەن دېگەن ماركسنىڭ قىزىنى ئالغان. رەھمەتلىك قېيناتام ھايات بولىدىغان بولسا كۈيئوغلىنى ھەرگىز بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويمىغان بولاتتى» دەپ باش چايقايدىكەن. ئەتراپىدىكى كىشلەر «توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ قولىنى چۈشۈرۈپ بولغۇچە، ئۇ يەنە: «نېمە توۋىكەن ئۇ؟ مېنى يۇقىرىدىن ئەۋەتكەن، مەن ھازىر بۇ يەرنىڭ ھەقىقىي مۇدىرى» دەپ ۋارقىرايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى كىشلەرگە بولۇپ بېرىپتۇ. ئۇنى يولدا ئۇچرىتىپلا قالسا «ھوي، سىدىق مۇدىر» دەپ چاقىرىشىدىكەن. سىدىقمۇ گويا راستتىنلا مۇدىردەك گاللىرىنى قىرىپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە: «ھە، نېمە گەپ؟» دەيدىكەن. گەپ شۇنىڭ بىلەن تېشىلىدىكەن:

— ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان ئازراق ئەرزىمىز بار ئىدى...

— بۇ دېگەن كوچا!

— ئەمىسە...

— ئىشخانامغا بېرىڭلار، ئىشخانامغا!

— ئىشخانىلىرى...؟

— ئىشخانام شاڭخەيدىكى 15 قەۋەتنىڭ ئۈستىدە.

— ھا... ھا... ھا...

— ھى ... ھى ... ھى ...

ئۇلار ئۇنى ئەنە شۇنداق گەپكە سېلىپ كۈلۈشىدىكەن. سەل چىدىماسلىرى ئۆزىچە غىدىقى كەلگەندەك بولۇپ تىل ياغ-دۇرىدىكەن. پەقەت ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسى بىلەن يېقىن ئۆتكەنلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى ئۇنى ئاقلىغاندەك:

— ھەي، ئۇ ساراڭ ئەمەس، جاھان سارىڭى بولۇۋالغان بىچارە، — دەپ باش چايقىشىدىكەن ئۇھ تارتىپ.

* * *

مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا ياغاچلىرى پورلىشىپ كەتكەن بىر كونا كۆۋرۈك بار ئىدى. كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا شاخلىرى ئاندا - ساندا قۇرۇشقا باشلىغان بىرنەچچە تۈپ قېرى قارا تېرەك بار بولۇپ، ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئېرىقتا ياز كۈنلىرى توختىماي سۇ ئېقىپ تۇرغاچقىمۇ، سالقىن ھەم ھاۋالىق ئىدى. بۇ يەر مەھەللىدىكى ئىگەمبەردى گاس، تۇراق كاسكى، سېتىۋالدى توكۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىرنەچچە بەڭگىنىڭ دائىملىق ئارامگاھى ئىدى. ئۇلار ياش جەھەتتە تەڭ دېمەتلىك، ئەمما مىجەزلىرى كېلىشمەيدىغان ئۈلپەتلەردىن ئىدى. ئۇلارنى دوست قىلغىنى بەڭگىلىك خۇمارى بولسىمۇ، تازا چېكىپ چىلگە بولغاندا نېمىندۇر تالىشىپ تىللىشاتتى، بىر - بىرىنى يېۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ياقا سىقىشاتتى. بىراق، بىردەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇشۇپ ئۈلپەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى. ئىگەمبەردى گاس دېگىنى جىمغۇر، مۆڭ بولۇپ، ئاسان گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز گەپ ئېلىش ئامبۇر بىلەن مىخ سۇغۇرغاندەك ئىش ئىدى. پىنەكنى بىر يۆگىۋالسا لام - جىم دېمەستىن، ھەتتا بىرەر قېتىم ئۆھۈ دەپ يۆتىلىپمۇ قويماستىن ھەممىنى ئىچىگە تارتىپ تۈگىتىپ بولاتتى. ئەگەر بىراۋغا گېپى بولسا جېنىنىڭ بارىچە

ۋارقىراپ سۆزلەيتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ، ۋارقىراپ جاۋاب قايتۇرمىسا، ئاڭلىيالمايتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆتمۈشتە كاتتا بىر باينىڭ بەگزادىسى ئىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن بىرنەچچە قېتىملىق دولقۇندا كۈرەشكە تارتىلىپ تاياق زەربىسىدىن گاس بولۇپ قالغان ئىكەن. سې-تىۋالدى توكۇرمۇ قىزىق ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا يانچۇقىنى ئۈچكىدەك چوڭلۇقتىكى تاشلار بىلەن توشقۇزۇپ، رەڭگەتكىسىنى بەتلىگىنىچە دىڭگوكىشىپ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىكى قۇش-قاچلارنى مارايتتى ياكى بولمىسا سىم تاناپ تۈۋرۈكىنىڭ ئۈستىدىكى قۇيما چەينەكلەرنى قارىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ مەرگەنلى-كىنى كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. بۇ قىلىقلىرى ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىسىمۇ، باشقىلار بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ئاتقان بىر تاش كەنتنىڭ تېمىدىكى ماۋجۇشى-نىڭ سۈرىتىگە تېگىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كوچىمۇ كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ، سازايى قىلىنغان ھەم ئەتىسى ھاسىسى تارتىۋې-لىنىپ يېرىم كۈن بىر پۇتلاپ تۇرغۇزۇلۇپ سوئال ـ سوراققا تارتىلغان ئىدى. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ: «بۇرنىغا سۇ كىرمەي» رەڭگەتكىسىنى تاشلىمىغان ئىدى. ئەگەر تازا چېكىپ كەيىپ بولغاندا بولسا باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىناتتى. كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇچرىغانلا ئادەمگە: «ھۇ، ياپتۇايمات خاۋارىچلار، ئەمدىزە سېتىۋالدى توكۇر بولۇپ قالدىممۇ؟ ئىست رەھمەتلىك پۇتۇم، گومىنداڭغا يەم بولۇپ كەتكەن پۇتۇم! قېنى سەن ياشلىقىم، قېنى مېنىڭ پىلىموتۇم؟ تا ـ تا ـ تات» دەپ ۋارقىرايتتى. ئاندىن يانچۇقىدىن دائىم ئايرىمايدىغان خاتىرىسىنىڭ قېتىدىن بەش يۇلتۇز شەكلىدىكى مېدال بىلەن كونا سۈرەتنى كۆرسىتىپ: «كۆردۈڭلارمۇ، بۇ مەن پۇتۇمغا تېگىشكەن مېدال، ماۋۇ

رەسىمدىكى ئاپتومات ئاسقان سېتىۋالدى توكۇر، يېنىدىكى مائۇزۇر ئېسىۋالغىنى مېنىڭ پولكوۋنىكىم» دېگىنىچە ياش تۆكەتتى. تۇرۇپلا يەنە ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلەتتى. تۇراق كاسكى دېگىنى باشقا بىر دۇنيا ئىدى. ئۇ، ھەممىشە كۆۋرۈك بېشىغا بىرىنچى بولۇپ كېلەتتى - دە، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە مەھەللىدىكى يېڭىلىقلارنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئاڭلىغانلار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. كۈلكىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ بولغۇچە ھاياجانلىنىپ كەتكەن تۇراق تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ:

— ھېلىقى كادىر سوۋېت پارتىراپ يۈرىدىغان كامالنىڭ خوتۇنىنىڭ نېمىشقا يامانلاپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بىر قېتىم سۆزنەك بولۇپ قاپتۇ. بىر ھارامزادە ئۇنىڭغا «دورا» ئېيتىپ بېرىمەن دەپ قىزىقچىلىق قىپتۇ. ئايالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ كۈندەشلىكى تۇتۇپ يامانلاپ كېتىپتۇ، — دەيتتى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگەش بىلەن يەنە ئالىتاغىل كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى، بەزىلەر: «ھەي، زاڭ كاسكىنىڭ ئاغزىنى، يەنە شۇ گەپلەر كەنغۇ؟» دېيىشكىنىچە تارقىلاتتى. ئاخىرىدا بەڭگىلەر ئېشىپ قېلىپ ھۈنىرىنى باشلايتتى. قالغانلىرى ئەمدىلا چىلىگە بولغاندا، تۇراق كاسكى غەرق مەست بولۇپ ئولتۇرغان يېرىدىلا قىڭغىيىپ، ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇيقۇغا كېتەتتى. گاھى چاغلاردا شۇ ياتقىنىچە داق يەردىلا تاڭنى ئاتقۇزۇۋېتەتتى. يېقىندا ئۇ يەنە شۇنداق سىرتتا يېتىپ قېلىپ، ئۇيقۇچىلىقتا ئىشتىنىغا چىقىرىپ تاشلاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بىرسى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ: «قىزىقچىلىق دېگەن مۇنداق بولىدۇ، كاسكى!» دېگىنىچە بۇ سەتچىلىكنى مەھەللىگە يېيىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى بۇ بەڭگىلەرنىڭ ئارىسىغا سىدىق «مۇدىر»مۇ قوشۇلغان ئىدى. ئىلگىرى ھەممىسى ئۇنى ساراڭ دەپ قارىغاچقا، ئارىغا ئېلىشمايتتى. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ راستىنلا

مۇدىردەك سۆزلەپ كىشىلەرنى ئاغزىغا قارىتىۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، دەسلەپتە ئۇنى كولدۇرلىتىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولۇشتىيۇ ، بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇزاق يىللىق قەدىناسلاردەك بولۇپ كېتىشتى . ئەمما ئۇ نېمىشقىدۇر ، ھە دېگەندىلا تۇراق كاسكى بىلەن گەپ تالىشىپ قالاتتى .

بۇگۈنمۇ ئۇلار ئاش ۋاقتى بىلەن تەڭ ئادىتى بويىچە كۆۋرۈك بويىغا يىغىلىشتى . بىر پەس ئەسنىشىپ تاغدىن - باغدىن پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن ، تۇراق كاسكى بىردىنلا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ گەپ باشلىدى :

— ھە راست ، ئاغىنىلەر ، ئاڭلىدىڭلارمۇ ، كەنتىمىزگە بىر بۇزۇق خوتۇن كەپتۇ . ئىسمىنى سانىيە دەمدۇ ، ساينىڭ يېنىدا ئۆيى بار ھېلىقى خەلىچەك پوقاقنىڭ ئۆيىدە تۇرارمىش .

— چۇشۇڭدە كۆرگىنىڭنىمۇ راست دەپ سۆزلەيدىغان كاسكى - دە ، سەن ! — دېدى پىنەكنى ھۇزۇر بىلەن شوراۋاتقان سېتىۋالدى توكۇر مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ .

— سەن توكۇر نېمىنى بىلەتتىڭ ، — دېدى تۇراق كاسكى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ، — ئۇ بۇزۇقنىڭ قورسىقىدا ھارامدىن بولغان بالىسىمۇ بار ئىكەندۇق ، شۇ دەللال پوقاقنىڭ ئۆيىدە كۈچۈكلەپتۇ . سالىم شۇجى ھازىر كېچىنى شۇنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزىدىكەن ، ھاشىم كۆسەي ھەر ھەپتىدە بىر قويىنىڭ گۆشىنى ئاپىرىپ تۇرىدىكەن .

نېمىشقىدۇر سىدىق «مۇدىر»نىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، بۇرۇتلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى :

— راستىنلا پوق ئىشتانكەنسەن - دە ، خوتۇنتالاق گۆي ، ئەمدى تاپمىغان مۇشۇ گېپىڭ قالدىمۇ ؟

— گۆي دېمە ، ھۇ ساراڭ ، خۇددى مۇدىردەك يوغان گەپ قىلىسەنغۇ ، سەنمۇ تېتىپ باققانمۇ - يا ... ؟

غەزەپتىن بوغۇلغان سىدىق «مۇدىر» ئېگىشىپلا قوش مۇشتەك چوڭلۇقتىكى بىر تاشنى قولىغا ئالدى، سېتىۋالدى توكۇر ئارىغا چۈشتى. خۇدا بەردى گاس بولسا ھېچ ئىشنى كۆر-مىگەندەك بىر قولىدا پىنەكنى شوراپ، بىر قولىدا ئېگىكىنى يۆلىگىنىچە بىر نۇقتىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولۇشتۇڭلار، ھوي بىغەرەزلەر، — دېدى سې-تىۋالدى توكۇر ھەر ئىككىسىگە ھاسىسىنى دېۋەيلەپ، ئاندىن بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، — نېمانچە قىلىپ كېتىلا سىدىق «مۇدىر». مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ تاش ئالغانلىرى نېمىسى؟ «مۇدىر» دېگەن ئۇنداق ئالدىراڭغۇ بولمايدىغان...

— ياق، سەن ئۇقمايسەن ئاداش. بىر بىچارە مەزلۇمنىڭ كەينىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىۋاتقىنىنى ماۋۇ نامەرد خۇمسىنىڭ، — دېدى سىدىق «مۇدىر»، ئاندىن تۇراققا قاراپ ھۆركىرىدى، — ھەي پوق ئىشتان، ئاڭلاپ تۇر، ئۇ سەن دېگەندەك بۇزۇق خوتۇن ئەمەس، قورسىقىدىكى بالا ھالال ئېرى-دىن بولغان. ئۇنىڭ ئېرى دادامنىڭ سىڭلىسى ئايىسخان ئانامنى قىياندىن قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— بولدى، تالاشماڭلار، — دېدى سېتىۋالدى توكۇر ھىجىيىپ، — ئەنە، ھاشىم كۆسەيمۇ كېلىپ قالدى، شۇنى گەپكە سالساقلا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

قارامتۇل كەلگەن ھاشىم كۆسەي قولىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. بېشىدا ھەللىرى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىزناك قادالغان كونا ھەم كىرلىشىپ كەتكەن سېرىق شەپكە بار ئىدى.

— ھە، ھاشىمكا، كىمنىڭ ئوچىقىدىكى ئوتنى كوچىلاپ كەلدىڭ، — دەپ چاقچاق قىلدى سېتىۋالدى توكۇر.

— ئاناڭنىڭ ئوچىقىدىكى ئوتنى ، توكۇر ، — دەپ گۆ-
لەيدى هاشىم كۆسەي .

پاراققىدە كۇلكە كۆتۈرۈلدى . سىتۋالدى توكۇر هۇپپىدە قىزارغىنىچە ئۇجۇقۇپلا كەتتى . سەل كەيىپ بولۇپ قالغان تۇراق كاسكىنىڭ جىم تۇرغۇسى كەلمىدى :

— هىلىقى بۇزۇقا گۆش ئاپارغىلى بارغاندۇ شۇ ...

— نىمە دىدىڭ ، — دىدى سىدىق «مۇدىر» بىلەن هاشىم كۆسەي تەڭلا ئۇنىڭغا قاراپ .

شۇ ئەسنادا هىلىدىن بىرى هەيكەلدەك قىتىپ قالغان خۇدابەردى گاس :

— ۋاي كادىر كەلدى ، تىز قىچىڭلار ، — دەپ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى .

بەڭگىلەر چۆچۈگىنىچە يولغا قارىدى . ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتقان بىرنەچچە ئاتلىقنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا غىپپىدە تىكىۋىتىشتى . پەقەت سىدىق «مۇدىر»لا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ، تاماكىسىنى پۇرقىتىپ چەككىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى . هەممىنىڭ ئالدىدا بوز ئاتقا مىنىپ كىلىۋاتقان ئاق كۆڭلەكلىك ، چىغ قالپاقلىق ئادەم كوممۇنانىڭ يىڭىدىن كەلگەن كادىرى ئىدى . پات - پاتلا كەنتمۇ كەنت ئارىلاپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم كوچىدىكى لاغايلاپ يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرسىلا :

— ئۇلار نىمىشقا ئىتىزدا ئىشلىمەي بىكار يۈرىدۇ ، — دەپ ئاچچىقلاپ كىتەتتى . تىخى يىرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ بۇ كەنتكە كەلگەندە كۆۋرۈك بىشىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ چىكىشىۋاتقان بەڭگىلەرنى كۆرۈپ قاتتىق خاپا بولغان ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقا ئەزالار بىلەن تەڭ بىرنەچچە ئاي ئىتىزدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان ئىدى . شۇنىڭدىن كىيىن ، بۇ بەڭگىلەر ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرگەن هامان ئۆزلىرىنى چەتكە ئىلىشاتتى .

# 8

كېچە ياكى كۈندۈز ئىكەنلىكىنى ئاڭقارغىلى بولمايتتى. ئاسماندا قۇياشمۇ، ئايمۇ كۆرۈنمەيتتى. پۈتۈن كائىنات كۈل رەڭ پەردە بىلەن قاپلاپ قويۇلغاندەك شۇنچە تۇتۇق ۋە غۇۋا كۆرۈنەتتى. پەقەت چەكسىز سامانىڭ زېمىن بىلەن تۇتاشقاندەك بىر يېرىدە تۈرۈم - تۈرۈم ئاپئاق بۇلۇتلار دولقۇنلاپ تۇراتتى. نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقى نائېنىق بولغان بىر دەريا پايانسىز جەزىرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈس جىمىرلايتتى. يەنە قەيەردىندۇر تاقىرباش تاغلارنىڭ قىزغۇچ كۆلەڭگىسى كۆزگە چېلىقاتتى. تۇساتتىن ئەتراپنى قىيا - چىيا، ئۇر - چاپ ئاۋازى قاپلىدى. سۈتتەك ئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئاق رومال ئارتىۋالغان بىر ئايال ئەمدىلا تەمتىرەپ مېڭىشقا باشلىغان ئوغلىنى يېتىلىگىنىچە جان - جەھلى بىلەن قاچماقتا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچ - نەيزە بىلەن قوراللانغان نەچچە مىڭ ئاتلىق لەشكەر توپا - چاڭ توزۇتۇپ، ئۇچقاندەك قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئانا بالىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە دەريادىكى كۆۋرۈككە قاراپ ئىنتىلەتتى. بىراق، يول ئۇنى ئارقىسىغا سۆرەۋاتقاندەك، ھەرقانچە يۈگۈرسىمۇ كۆۋرۈككە يېتەلمەيتتى. ئاتلىقلار بولسا يېقىنلاپلا قالغان ئىدى. يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھېلىقى تۈرۈم - تۈرۈم ئاپئاق بۇلۇتلارمۇ دەل مۇشۇ تەرەپكە ئاستا - ئاستا سۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ، مىڭ بىر جاپادا كۆۋرۈككە ئۇلاشتى. ھەسەن - ھۈسەندەك تار ھەم يايسىمان كۆۋرۈكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئالدى تەرەپتىن يەنە بىر توپ ئادەم چىقىپ كەلدى - دە، قىلىچ - نەيزىلىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. بىچارە ئانا بالىسى

بىلەن قورشاۋدا قالغان ئىدى. «جېنىم بالام، ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدۇق» دېدى ئۇ بالىسىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، شۇ ئەسنادا دەھشەتلىك چاقماق چېقىلىپ، ئەتراپ يالت - يۇلت يورۇپ كەتتى. ئارقىسىدىنلا ئۈستىگە لالەرەڭ شايىدىن بەقەسەم تون كىيىپ، بېشىغا زەر تاج تاقىغان رۇستەمدەك ساھىبقىران بىر يىگىت سۈتتەك ئاق تۇلپارغا مىنگىنىچە بۇلۇتلار ئارىسىدىن پەرۋاز قىلىپ كۆۋرۈك ئۈستىگە كەلدى - دە، ئانا - بالىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئېلىۋالدى. تۇلپار دەھشەتلىك كىشنىگىنىچە گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا چاپچىپ، قوغلاپ كەلگەنلەرنى ئېغىر تۇياقلىرى بىلەن چەيلەپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى. ئەتراپنى بىر پەسلىك ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى. ئارقىدىنلا نەگىدۇر غايىب بولغان قۇياش كائىناتقا يۈز ئېچىپ، زېمىننى پاللىدە يورۇتۇۋەتتى. يىگىت ئەتراپقا تەبەسسۇم بىلەن نەزەر تاشلاپ، تۇلپارىنى دېۋىتىۋىدى، كۈن نۇرىدا قىزغۇچ رەڭگە پۈركەنگەن بۇلۇتلارغا قاراپ پەرۋاز قىلدى. بىردىنلا ئەتراپنى يەنە قارا تۈتەك قاپلاپ دەھشەتلىك بوران ئاۋازى ئاڭلاندى. قەيەردىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر قارا قول تۇلپارنىڭ تۇيىقىغا قاراپ سوزۇلۇشقا باشلىدى. تۇلپارنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان يايلىدىن تاراۋاتقان سۈت رەڭ نۇر چەكسىز بوشلۇقنىڭ بىر بۇرجىكىدە چاراقلاپ يېنىۋاتقان يۇلتۇزلارغا تۇتىشىپ، ئۆزگىچە زەڭگەر جۇلا ھاسىل قىلاتتى، تۇلپار قاتتىق سىلكىندى، قارا قول ئۇنى ھە دەپ تۆۋەنگە تارتماقتا ئىدى. تۇساتتىن ئانىنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، قۇچىقىدىكى بالا مۇئەللەقتىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. «ئانا!» دېگەن ۋەھىملىك ئاۋاز بورانىنىڭ گۈركىرىشىگە قوشۇلۇپ چەكسىز بوشلۇقتا تاراپ كەتتى...

سانىيە قاتتىق سىلكىنگىنىچە ئويغاندى. ئۇ، گويا

راستتىنلا مۇئەللەقتىن زېمىنغا قاڭقىپ چۈشكەندەك ئۆزىنى تولىمۇ ئېغىر ھەم ھارغىن ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان بالا دومىلاپ سۇپىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، تاپسىدا قىرقىراپ يىغلىغىنىچە ياتاتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئاچچىق ھۇۋلاۋاتقان بوراننىڭ ھويلىدىكى ئۈجمە شاخلىرىغا ئۇرۇلغاندىكى شار - شۇر ئاۋازى ئۆيگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى، سانىيە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، يەردە ياتقان بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۈستىدىكى توپا - چاڭنى قاقتى ھەم يۈزىنى يۈزىگە ياققىنىچە مەھكەم باغرىغا باستى. كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش بالىسىنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى، « جېنىم بالام، داداڭ بىزنى سېغىنىپتۇ، ئۇ ھېلىلا ئاق تۇلپارغا مىنىپ يېنىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ روھى ساڭا يار بولغاي ». سانىيە ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھېلىقى قاراقول كۆزئالدىغا كەلدى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى، شۇ تاپتا بۇ ئۇنىڭغا ئاللىقانداق بىر يامانلىقنىڭ شەپىسىدەك تۇيۇلاتتى: « خۇدا، ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، ئادەمنى بۇنداق قىيىنغىچە ياراتمايلا قويساڭ بولماسمىدى ؟ » ئۇ ئېغىر تىنىدى. مامۇت ئۇستامنىڭ ياردىمى، خەلىچخان ئانىنىڭ خەيرخاھلىقى بىلەن ھەسەنجان قازا قىلغاندىن كېيىن تارتقان خورلۇقلارنى، ئىشىتكەن تىل - ھاقارەتلەرنى ئۇنتۇپ، ئەمدى بىر خاتىرجەم ياشارمەن دەپ ئويلىۋىدى، تەتۈر پەلەك يەنە سالىم بىلەن دوقۇرۇشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ قەلبىنى يەنە قارا بۇلۇت قاپلاپ، ئوڭمۇ، چۈشمۇ دەككە - دۈككە ھەم ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ، لېۋىنى چىشلەپ، بېشىنى قىيسايتقىنىچە مۇڭلاندى. پېشانىسى كۆكسىنى تەشنالىق بىلەن شوراۋاتقان ئوغلىنىڭ بېشىغا تېگىشى بىلەن تەڭ ھەسەنجاننىڭ ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈررىدە ئېرىپ

كـەتـتى : « قانداق قىلساق بولار ، جېنىم بالام ؟ بىراقلا داداڭنىڭ يېنىغا كېتىمىزمۇ ـ يا ؟ ياق ... ياق ! ئەزرائىل نېمىشقا مېنىڭدىن بـىـسوراق بۇ يەرگـە كـەلـدىـڭلار دېـسـە نېمە دەيمىز ؟ ئۇنداق قىلمايلى ، بالام ، جەننەتتىكى داداڭنى تەڭلىكتە قويغۇدەكمىز » . سانىيەنىڭ كۆزىدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش مەڭزىدە توختىدى . نەچچە ئايدىن بېرى ئۇ بۇ خىيالنى قانچە قېتىملاپ قىلمىدى دەيسىز ؟ هەر قېتىم ئەتراپىدىكى رېئاللىق ـــ ئۆزىنى قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىۋاتقان ، قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بېسىم كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ رەھمەتلىك ئانىسى ، دادىسى ۋە ھەسەنجان خىيالىغا كېلەتتى ـ دە ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ، بىراقلا خاتىرجەم بولغۇسى كېلىپ كېتەتتى . بىراق ، شۇ هامان ھەسەنجاننىڭ مۇڭلۇق ، خىيالچان بىر جۈپ كۆزى ئۇنىڭغا جىددىي ئۆتۈنۈش بىلەن تىكىلىپ : « ئۇنداق قىلما ، سانىيە ، چىداملىق بول ، بالا بىزنىڭ چىرىغىمىز ، ئۇنى ئۆچۈرۈپ قويما ، ئەجىر قىل ، يانسۇن ، ئۇلغايسۇن ، كۈندەك نۇر چاچسۇن » دەپ شىۋىرلايتتى . سانىيەمۇ بىردىنلا ئۈمىدلىنىپ ، غايىبتىن كۈچلىنىپ قالغاندەك ، ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە بىر ئۆزىنىڭ رايىغا قاراپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى ـ دە ، « بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك ، كېتىشىم كېرەك . خەلىچىخان ئانىنىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن » دەپ پىچىرلايتتى ئىچىدە . بىراق ، ئۇ نەگە بارىدۇ ؟ بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆز مەھەللىسىگە ـــ ئۆگەي ئانىسىنىڭ يېنىغا بارسۇنمۇ ؟ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى ، ئالتۇنخاننىڭ مۇدهىش چىرايى ، كۈندە نەچچە قېتىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان : « خەپ جۇۋاينىمەك ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ ، ئەمدى قورسىقىڭنى پومپايتىپ يۈرگۈچە بوغۇلۇپلا ئۆلۈۋالساڭچۇ ، نومۇسسىز » دەپ تىللاشلىرى ؛ قورسىقىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئېغىر قاپاقنى ئۆشنىسىگە ئارتقىنىچە ئۆستەڭگە سۇ

ئەكەلگىلى ماڭغاندا مەھەللىدىكى بىر توپ بەڭۋاش بالىلارنىڭ
ئۇنى ئاغزىغا كەلگىنىچە قوشاققا قېتىپ چۇرقىراشلىرى؛ ئىلگىرى
ئۆزى بىلەن «ۋاي» دەپ ئاپاق - چاپاق ئۆتىدىغان قىز -
چوكانلارنىڭمۇ ئۇنى كۆرسىلا نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇلدىشىپ
كۇلۇشلىرى؛ يەنە كىمدۇر بىرلىرىنىڭ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك
ئالماي «تۇفى» دەپ تۇكۇرگىنىچە تەتۇر قاراپ ئۆتۈپ كېتىش-
لىرى قورقۇنچلۇق چۈشتەك كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئادەم
ئۇچۇن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ، قووم - قېرىنداش-
لىرىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولامدۇ؟ سانىيە
ئۇچۇن ئۆز يېرىگە قايتىپ ئۇنداق خورلۇق تارتقۇچە، بالىسىنى
قۇچاقلىغان پېتى دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ غەرق بولۇشى
كۆڭۈللۈكرەك ئىدى. ئەمىسە نېمە بولسا بولمامدۇ دەپلا مۇنۇ سا-
لىمغا تېگىپ، كۇن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشسۇنمۇ؟ بۇ،
ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئاسان يول ئىدى. ئەگەر ئۇ ماقۇللا دېسە، تازا
دەۋر سۈرۈۋاتقان سالىم شۇجىنىڭ خانىمىغا ئايلىنىپ، راھەت -
پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مۇشۇ ئىشقا ئۇنى ئىزچىل
تۈردە زورلاپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي كېلىۋاتقان ئۆگەي ئانىسى
ئالتۇنخانمۇ ئەمىن تاپاتتى. بىچارە خەلچىخان ئانىمۇ ئاخىرقى
ئۆمرۈمدە بىر ساۋابلىق ئىش قىلدىم دەپ، ئۇ دۇنيالىقىدىن خا-
تىرجەم ياشايتتى. سانىيە نەچچە قېتىم شۇنداق قىلاي دەپمۇ
ئويلىدىيۇ، ناھايىتى تېزلا يالتايدى. ئۇ، پەقەت بېشىغا ئېغىر كۈن
كەلگەندە ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆزىگە ئانىسىدەك بولۇپ قالغان
خەلچىخان ئانىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا شۇنداق ئويلىغان ئىدى.
بىراق ئۇ، سالىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆكسىنى شۇنداق
بىر سىلاپ بېقىۋىدى، يۈرىكى بىر پارچە مۇزغا ئايلىنىپ
قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇ چاغدىلا ئۇ ھېلىقى ۋاقىتتىكى
كۈپكۈندۈزدىلا يۈز بەرگەن شەرمەندىچىلىك پەيدا قىلغان

جاراھەتنى ساقايتىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن بۇيان ، ھەسەنجان تولا چۈشىگە كىرىپ ، ئۇنىڭغا گويا ھاياتتەك ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىمۇ ئۇقمايدىغان بىر يەردە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى . ئۇ ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇنداق تۇيغۇغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىسىمۇ ، قانداقتۇر بىر غايىب كۈچنىڭ روھىي دۇنياسىنى مەھكەم قا-ماللاپ ، ئۇنى سەۋر - تاقەتكە ، چىداملىق ھەم جاسارەتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلاتتى . ئۇ ، ئا-خىر قەتئىي قارارغا كەلدى : « ئۆلۈۋېلىشقا ، يىراق جايلارغا قېچىپ كېتىشكە رازىمەنكى ، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز توي قىلماي-مەن ! » شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلچىخان ئانا بىلەن سانىيە ئوتتۇرىسىدا ئادەمنى ئەيمەندۇرىدىغان قارا تۇمان پەيدا بولدى .

سالىم سانىيەنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا خەلچىخان ئانىنىڭ بېشىغا شاپائەت يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى . دەسلىپىدە بىر پۇت قوي گۆشى كىردى ، ئار-قىدىنلا ئۇنىڭ گەدىنىدىكى كونا - يېڭى قەرزلەرنىڭ ھەممىسى خۇپىيانە يوق قىلىۋېتىلدى . سالىم شۇجىمۇ ھەپتىدە بىرنەچچە قېتىم « يوقلاپ » تۇرىدىغان بولۇۋالدى . كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئىلتىپاتتىن گاڭگىراپ قالغان خەلچىخان ئانا سا-نىيە تۇغقان بالىنى تولىمۇ ئامەتلىك ، پېشانىسى ئوچۇق بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى ، كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇرراق كاللا قاتۇرۇپ بېقىۋىدى ، بىر كۈنىمۇ قازا قىلماي ئوقۇۋاتقان نامىزىنىڭ خاسىيە-تىدەك تۇيۇلدى . « نېمە بولسا بولمامدۇ ؟ ئىلگىرى ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان خىلۋەتتىكى بىر تۇل موماي ئىدىم ، مانا ئەمدى سالىم شۇجى تۆت - بەش قېتىم ئاياغ بېسىپ قويۇۋىدى ، ھەممىسى باشقىچە نەزەردە قارايدىغان بولۇشتى . ھېلىقى ھاشىم

كۆسەينى دەيمىنا ، نەچچە قېتىم قەرزنى سۆيلەپ قىلمىغان ئاھانىتى قالمىغان ، مانا ئەمدى ... ھىم ! »

خەلىچىخان ئانا ئۇيلىغانسېرى ئۆزىنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ئاللانىڭ ئۆزىگە سالىمدەك كېلىشكەن ھەم ئامەتلىك ئوغۇل ئاتا قىلمىغىنىغا ئۆكۈندى . نەچچە يىللاردىن بېرى « خەلىچىخان پوقاق » دەپ ئاتىلىپ كەلدى . ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ھەممىسى « ۋاي خەلىچىخان ئانا»دەپ 10 مېتىر يەردىن سالام قىلىپ ئۆتسە ... نېمىدېگەن پەيزى ...

ئۇيلىغانسېرى خەلىچىخان ئانىنىڭ قەلبى شادلىققا تولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان ئىدى . تۇساتتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقماق چېقىلغاندەك ، ھازىرغىچە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر سېزىم يالت قىلىپ خىيالىدىن كەچتى : « ھوي ، مۇنۇ سالىم شۇجى دېگەن كاساپەتنىڭ كۆزى سانىيەگە چۈشتىمۇ ـ يا ؟ سانىيەغۇ بىر ئوبدان قىز ، ھەي ، بۇ پاسكىنىخانىمۇ بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدۇ ، توي خېتى ئالغان بولسىمۇ ، نىكاھ قىلماي تۇرۇپلا تۇغۇپ قويغان ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر ئىككىسى ئېچپەش تارتىشىپ قالغان بولسا ؟ » ئۇ ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا بېشىنى چايقىدى ، گېلىدىكى قوش مۇشتەك يوغانلىقتىكى بىر جۈپ پوقىقى بېشى بىلەن تەڭ مىدىرلىماقتا ئىدى ، ئۇ بىردىنلا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئالدىنىپ ، باشقىلارغا يامان ئوي ـ خىيالدا بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى ھەم ئىچىدە تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ ، ئاللادىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىدى .

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈۋەردى . بىر كۈنى ھاشىم كۆسەينىڭ خوتۇنى ــ ئايال ئاكتىپ ئالمىخان خەلىچىخان ئانىنى ئىزدەپ كەلدى ، بۇ چاغدا سانىيە ئۆيدە يوق ئىدى . ئۇ ، تېخى ھېلىلا ياغقان يامغۇردىن كېيىن مەشرىق ئاسمىنىدا پەيدا بولغان

ھەسەن ـ ھۆسەننى ئوغلىغا كۆرستىش ئۈچۈن ئۆينىڭ يېنىدىكى قىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئالمىخان ئۆيگە كىرىپ، بىرەر قۇر تىنچلىق ـ ئامانلىقتىن كېيىنلا، بىر گەپنى توككىدە ئاغزىدىن چىقىرىۋىدى، خەلىچخان ئانا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ھەم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئۈندىمەستىن سوئال نەزىرى بىلەن ئالمىخاننىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇۋەردى. ئالمىخان بولسا گېلىنى بىر قىرىپ قويۇپ، خۇددى يىغىندا سۆزلەۋاتقاندەك سالماق ئاۋازدا:

— نەچچە يىللاردىن بېرى ئىنقىلابىي خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدىن سالىم شۇجىنىڭ ئۆز تۇرمۇش ئىشىنى ئويلىشىغا چولىسى تەگمىدى. بۇ قېتىم سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن بىر يېتىم قىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئىنقىلابىي كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك كوممۇنىستىك خىسلەت بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ سىزگە ئايان، سالىم شۇجى ئىستىقبالى بار ياش رەھبەر، ئەگەر ئۇ ھايتلا دېسە نى ـ نى قىزلار مانا مەن دەپ تەييار بولىدۇ. بىراق... — ئالمىخان يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، مۇۋاپىق بىر سۆز تاپالمىدى بولغاي، لېۋىنى بىر يالاپ قويۇپ، غاچچىدە گەپنى ئۈزدى، — سىلەر مۇشۇنداق ئېسىل كادىرنى تەربىيىلىگەن پارتىيىگە رەھمەت دېسەڭلار بولىدۇ.

— ۋاي، شۇنداق بولمامدىغان ئالمىخان كادىر، — خەلىچخان ئانا ئويلىمايلا ئۇنىڭ «كادىر» دېگەن لەقىمىنى قوشۇپ دەپ سالغىنىغا ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى ھەم ئالمىخاننىڭ چىرايىدا خاپا بولۇش ئەمەس، بەلكى مەمنۇنىيەت تەبەسسۇمىنىڭ جىلۋىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاللا ئەگەم سالىم شۇجىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزاق قىلسۇن، بېشىمىزنى سىلاپ

ئاتىدارچىلىق قىلىمەن دەۋاتسا، يەنە نېمە دەيتتۇق، — خەلچەخان ئانا بۇ ئىشقا بىر ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك تەلەپپۇزدا كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈۋەتتى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئالىمخان كادىرمۇ ئېرەن قىلمىغاندەك، — ھازىردىن باشلاپ جىددىي تەييارلىققا چۈشىمىز، بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئىشنى پۈتكۈزمىسەك بولمايدۇ.

ئەلچى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، خەلچىخان ئانا بىر پەس گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھېلى بولۇنغان گەپلەرگە يەنىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ئىشەنمەي نېمە ئامال؟ تېخى ئالىمخان كادىر ئۆز ئاغزى بىلەن: «ئىشنى بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە پۈتكۈزمىسەك بولمايدۇ» دېدىغۇ. ئۇنىڭ كۈلگۈسى كەلدى: «ۋاي سالىم شۇجى، ۋاي سالىم شۇجى، ئاللا ئىگەمنىڭ قۇدرىتى شۇنداق چەكسىز، ئۆزۈڭنى بىر چاغلاپ، تېرە تاراقشىتىپ، ھەممىنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ يۈرەتتىڭ، مانا ئەمدى تۇغۇپ قويۇپ، مېنىڭ قوينۇمدا مۆكۈپ ياتقان بىر يېتىمگە باش ئەگدىڭمۇ؟» شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سالىمنىڭ ئىلگىرىكى كۆرەڭ ھالىتى بىلەن كېيىنكى يېقىنچىلىقلىرى بىر - بىرلەپ كېلىپ، بىر خىل ھۇزۇرلۇق سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىدى: «شۇنداق قىلىپ ماڭا كۈيئوغۇل بولىدىغان بولدۇڭ، سالىم شۇجى، رازى بولغىن، بۇمۇ ئاللا ئىگەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» ئۇ ئىچىدە شۇلارنى دەپ، ئۆزىچە خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىڭىز؟ — ھېلىدىن بېرى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان سانىيە كۈلۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

ئىشىكتىن كىرىپلا قارىسام، ئۆزىڭىز بىلەن گەپلىشىپ شۇنداق كۈلۈپ كېتىپسىز، جىن چاپلىشىپ قالغانمىكىن دەپ قورقۇپ كەتتىم...

— ۋاي شەقىقە، قارا گېپىڭنى، نېمشقا كۈلەتتىم، سېنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن، خۇش خەۋەر، قېنى ئېيتە، چوڭ ئاناڭغا بېرىدىغان قانداق سۆيۈنچەڭ بار؟

— سۆيۈنچە سىزدىن ئايلانسۇن، — دېدى سانىيەمۇ ئويلانمايلا، — بوپتۇ، ئوغلۇم بىلەن ئۆزۈمنى سىزگە ئۆمۈرلۈك تەقدىم قىلاي.

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا، دېمەك ھازىردىن باشلاپ مەن سېنىڭ ئۆز ئاناڭ، شۇنداقمۇ؟ ھىم، سالىم شۇجىنىڭ مېنى قېينانام دېمىگىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — خەلچىخان ئانا ھەيـ يارلىق بىلەن خىر - خىر كۈلدى.

سانىيە خىيالەن تۇرغاندا توساتتىن بىر ئىت «ھاۋ» قىلىپ ئېتىلىپ كەلگەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇ- جۇدىنى سوغۇق بىر ئېقىم قاپلاپ، تومۇر - تومۇرلىرىدىن ئېقىشقا باشلىغان ئاچچىق سېزىم مانا مەن دەپلا چىرايىغا چىقتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ، چاندۇرماسلىققا تىرىشتى ھەم نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خىيالىدىن كەچكەن ئىشنىڭ ئاخىر يۈز بەرگەنلىكى، ھازىر بولسا ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ، خەلچىخان ئانىـ نىڭ قىلىقلىرىغا دىققەت قىلمىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئىختىيارسىز ئۆكۈندى. خەلچىخان ئانىغا ھەممە نەرسە كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلـ غاچقا، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزمىدى. ئۇ، ھېلى بولغان گەپلەرنى سانىيەگە بىرەر قۇر بايان قىلغاندىن كېيىن، سالىمنى بىر پەس ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بولغۇسى ئائىلىسى ھەققىدە ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى ھەم ئىچ -

ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان خۇشاللىقنى باسالماي قالغاندەك، سانىيەنى بىر نوقۇپ قويۇپ:

— ھە، جىمىپلا كەتتىڭغۇ، خۇشاللىق ئېغىر كېلىۋاتامدۇ - نېمە؟ ھېچ بولمىغاندا چوڭ ئاناڭنى چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويايمۇ دېمەيسەنغۇ؟ دېمىگەنمىدىم ساڭا، گۈل كەلتۈرۈۋېتىمەن دەپ...

سانىيە يا ئاق، يا كۆك دېمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا سوغۇق ھەم ئاچچىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، بولۇۋاتقان گەپكە قۇلاق سالمىغاندەك، پەرۋاسىزلىق بىلەن بالىسىغا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، مېھرى بىلەن يۈزىنى يۈزىگە ياقتى. ئاندىن سۈپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مۇڭلۇق بىر ھالەتتە ئېمىتىشكە باشلىدى. قىن - قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقان خەلىچىخان ئانىمۇ ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قارىغىنىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى ھەم ئىچىدە سىقىلغان ھالدا: «تازىمۇ چىگىشلىشىپ كەتكەن بىر كاللەك يىپىكەنغۇ بۇ، يا خۇشال بولغىنىنى، يا خاپا بولغىنىنى بىلمىگەن كىشى» دەپ ئويلىدى. ئۆيىنى بىر پەس سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىدى. سانىيە لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە بالىنىڭ بېشىنى سىلىغان بولۇپ ئولتۇرۇۋەردى. پەقەت خەلىچىخان ئانىنىڭ ئېغىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى قۇلىقىغا كىرگەندىلا يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولۇپ، بۇ بىچارە مەزلۇمغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— بىر ئوبدان سۆزلەۋېتىپلا توختاپ قالدىڭىزغۇ، ئانا؟ — دېدى چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، شۇ تاپتا ئۇ، ئۆزىنىڭ يالغان كۈلگەنلىكىدىن خىجىللىق ھېس قىلدىمىكىن، يۈزلىرى ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى.

خەلىچىخان ئانىنىڭ بايىقى قىزغىنلىقى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ، چىرايى سۇلغۇن تۈس ئالغان ئىدى. ئۇ، يەنە

نىمىنىدۇر دىمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى بىر ئۆمەللەپ خۇرسىنغىنىچە توختاپ قالدى. ئاندىن مىسكىن ھەم ھارغىن ھالەتتە سانىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى ۋە سانىيەنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم قىزىم، ئاللا ئىگەم ساڭا يېتىملىكنى ئاتا قىلغان بىلەن، چىراي، بەخت - تەلەيىنى ئايىماپتىكەن، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆز ئاشقىڭدىن تۆرەلگەن بىر چىرايلىق بالاڭ قۇچىقىڭدا يېتىپتۇ. مانا ئەمدى تەقدىر يەنە ئۇلۇغ كۆزىدە قاراۋاتىدۇ. بىراق، كۆڭلۈڭنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇ گەپ ئېغىزىمدىن چىقىشى بىلەنلا جىمىپ كەتتىڭ، بالامنى كۆتۈرۈپ قايسى يۈزۈم بىلەن سالىم شۇجىنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن دەۋاتىسەن ھەقچان، خاتىرجەم بول، سېنىڭ يۈزۈڭ تۆۋەن بولىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئەمچەكتىن ئايرىپلا بالىنى ئۆزۈم بېقىۋېرىمەن، ئاللا ئىگەم ئانا - بالا ئىككىڭلارنىڭ بەخت - ئىقبالىنى ئۇلۇغ قىلغاي، — دېدى.

خەلچىخان ئانا بۇ قېتىم كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئاۋازى بارا - بارا تىترەپ، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش تامچىلىرى مەڭزىدىكى قورۇقلاردا ئېرىقچىلارنى پەيدا قىلدى. سانىيە بىر قولىدا بالىسىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە، يەنە بىر قولىدا خەلچىخان ئانىنىڭ كۆزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ:

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بۇزمىسىڭىزچۇ ئانا، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ئىلاھىم، — دېدى لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە، ئاندىن شۇنداق قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىكى، تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنىڭ خۇشاللىقتىن ياكى ئاچچىقتىن ئىكەنلىكىنى ئاڭقارغىلى بولمايتتى.

خەلچىخان ئانا بولسا «ئاخىر ئېرىشتىمغۇ سېنى» دەپ

ئويلاپ قالدى. ئۇ، سانىيەنىڭ يىغىسىنىڭ مەنىسىنى «ناز» دەپلا
چۈشەنگەن ئىدى.

* * *

سانىيە ئاچچىق خۇرسىندى. سىرتتا چىقىۋاتقان بوران
گويا ئۇنىڭ قەلبىدە شىددەتلىك قۇتراۋاتقان غەزەپ - نەپرەت،
نالە - پەرياد ۋە ھايات بىلەن ماماتنىڭ توقۇنۇشىدىن ھاسىل
بولغان ئەكس سادادا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتكەندەك، ھويلىدىكى
ئۈجمە شاخلىرىغا تىنىمسىز ئۇرۇلۇپ شار - شۇر ئاۋاز پەيدا
قىلاتتى. ئۇنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلگەن، چىشلىرى كىرىشكەن،
مۇشتلىرى تۈگۈلگەن بولۇپ، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ تىنچلىقىنى
بۇزغان رەقىبىگە ئېتىلىش ئالدىدىكى چىشى بۆرىگىلا ئوخشاپ
قالغان ئىدى. كۆز ئالدىدا بولسا ھۇجەيرە - ھۇجەيرىلىرىگىچە
ئۆچ بولۇپ كەتكەن سالىمنىڭ بىزارلىق چىرايى ئۆتۈنۈش ھەم
تەشنالىق بىلەن قاراپ تۇرغاندەك بىلىندى. سانىيە پەقەت
كۆكسىنى ئوغلىنىڭ تارتىپ - تارتىپ شوراشلىرىدىن ھوشىغا
كەلگەندەك، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان كۆزىنى
قۇچىقىغا ئاغدۇرۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. بىر قولىدا لو-
قۇلداپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا بالىسىنى
ئۆزىگە تېخىمۇ تارتىپ: «ئەمگىن، جېنىم بالام، قانغۇچە ئې-
مىۋال» دەپ شىۋىرلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاللىقانداق جۇدالىق
شەپىسىنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ ئاچچىق
بوراندا قالغان كەچكۈز ياپرىقىدەك سىلكىنىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ
روشەن ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇنداق، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ
تەقدىرىنى ھاياتنىڭ ئاچا يولىغا ئەكىلىپ توختىتىپ قويدى. ئۇ-
نىڭ ئالدىدا ئىككى يول — بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى
بولغان ئىككى خىل ئاقىۋەت تۇراتتى. بىرى، قارىماققا شۇنچە

ئازادە ، كەڭرى يول ئىدىكى ، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى سۈپىتىدە قۇرت - قوڭغۇزلار لۆمشۈپ ، بەتبۇي پۇراقلار دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرغان بىر سېسسىق ئازگال تۇراتتى . يەنە بىرى ، تېخى ھېچكىم مېڭىپ باقمىغان ، تىكەنلىك چاتقال ۋە شورلۇق بارخانلار بىلەن ئورالغان دەشت - باياۋان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە سانىيەنىڭ روھى تىنىمسىز ئىنتىلىپ تۇرغان بەختىنىڭ سېھىرلىك ساداسى جاراڭلاپ تۇراتتى . ئۇ ، نەچچە كېچە - كۈندۈز ئويلىنىپ ، ئاخىر ھەرقانچە بەدەل تۆلىسىمۇ كېيىنكى يولدا مېڭىپ بېقىش قارارىغا كەلگەن ئىدى . شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ، بالىسىنى قۇچىقىغا ئالغان ھامان ئۆزىمۇ سەزمەستىن شۇنداق شىۋىرلايتتى : « ئەمـ- گىن ، جېنىم بالام ، قانغۇچە ئېمىۋال !» ئۇ يۈرەك پارىسى — ئوغلىنى تاشلاپ ، بىر ئۆزى ياقا يۇرتلارغا سەرسان - سەرـ- گەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشتەك تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ، بىراق نېمە ئامال ؟

ھېلىقى كۈنى ئالىمخان كادىر كەتكەندىن كېيىن ، خەـ- لىچخان ئانا بىلەن سانىيە ئوتتۇرىسىدىكى پىسخىك سۈركىلىش ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشقان بولدى . ھېچ ئىشتىن خەۋىرى بولمىـ- غان خەلىچخان ئانا ، سانىيەنى ئىندەككە كەلتۈردۈم دەپ چۈچۈرىنى خام ساناپ ، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بەزى تەيـ- يارلىقلارنى قىلىشقا كىرىشتى ھەم ئانچە - مۇنچە باردى - كەلدى قىلىشىدىغان مەھەللىداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ، توي كۈنى ئۇلارنىڭ يېقىن تۇرۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى . ئۇ ، بىردىنلا باشقىچە بىر خەلىچخانغا ئايلىنىپ قالغاندەك ، ئاللىقانداق پەخىرلىك تۇيـ- غۇلارنىڭ قاينىمىدا ئۈزمەكتە ئىدى .

سانىيە بولسا شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىنچى قېتىم ئازابلىق تاللاشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى . بىرىنچى قېتىم ئۇ ، ئۆز ئۆيى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە سىغمىغاندىن

كېيىن، ھايات - ماماتلىق تاللاشقا دۇچ كەلگەن ھەم قورسىقىدىكى بالىسى بىلەن بىراقلا تۈگەشمەكچى بولغاندا، مامۇت ئۇستامىنىڭ ياردىمى بالدۇر كېلىپ قېلىپ، مەھەللىسىگە ئانچە يىراق بولمىغان بۇ خىلۋەت جايغا يوشۇرۇنچە كېلىپ پاناھلانغان ئىدى. مانا ئەمدى بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ يوققا چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى خىل تاللاش — بىرى، سالىم بىلەن توي قىلىش، يەنە بىرى، ئۆزىمۇ ئۇقمايدىغان يىراقتىكى بىر جايغا كېتىپ، ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇش تۇراتتى. ئۇ، دەماللىققا بىرەر مۇۋاپىق جاينى ئېسىگە ئالالمىدى. بىراق، شۇنداق بىر جاينى باردەكلا ھېس قىلاتتى. ئۇ يەر زادى نەدۇ؟ سانىيە تىنىمسىز خىيال سۈرەتتى. گاھىدا تەقدىرنىڭ بۇنداق قىيىنىشىغا چىدىمىغاندەك ئازابلىق ئىڭراپ تاشلىغىنىنى تۇيماي قالاتتى...

ئادەم چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھاياتلىق ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرگەندە، يىراق - يىراقلاردىكى يىڭنىنىڭ كۆزىدەك يوچۇقتىن چۈشكەن نۇرمۇ ئۈمىد قۇياشىدەك كۆرۈنىدۇ - دە، نىشانىنى ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە بۇرايدۇ...

تۈن تەڭ بولغان چاغ ئىدى. خەلچىخان ئانا يېنىك پۈشۈلدىگىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ھېلىغىچە ئۇياققا ئۆرۈلۈپ - بۇياققا ئۆرۈلۈپ، خىياللار ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان سانىيەنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا پاللىدە يورۇغاندەك بولدى. تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان سۇرلۇك، غۇۋا ئاينىڭ شولىسى ئۇنىڭ بالىلىق ئەسلىمىلىرىنى قوزغاپ، رەھمەتلىك ئانىسىنى، ئۇنىڭ سېھىرلىك چۆچەك - رىۋايەتلىرىنى ئېسىگە سالغان ئىدى. بىر چاغلاردا يازنىڭ تىنچىق كېچىلىرى ئۇلار ئورۇن - كۆرپىلىرىنى ئۆگزىگە راسلاپ، شىمال تەرەپتىكى ئاق باش تەڭرىتاغلىرىدىن كېلىدىغان سالقىن شامالدا راھەتلەنگىنىچە بىر

كۈنلۈك ئەمگەكنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى. گاھى كېچىلىرى چەكسىز بوشلۇقتا چاراقلاپ تۇرغان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلاردىن تۆكۈلۈۋاتقان زەڭگەر شولىلارغا بۆلەنگىنىچە ئانىسى دائىم ئېيتىپ بېرىدىغان «ئۇچار گىلەم»، «ئالتۇن كەش» قاتارلىق چۆچەكلەرنى ئويلاپ يېتىپ، ئاجايىپ شېرىن چۈشلەرنى كۆرەتتى. شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ، بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئىشچىلىققا تىزىملىتىپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى يىراق بىر جايغا كەتكەنلىكىنى، كېيىن ئۈرۈمچىدىكى بىر كۆمۈر كانىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، خەت - ئالاقە قىلىشالمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئارىلىقتا ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇ ئىشلار بىر مەھەل سانىيەنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بالىلىق يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان ئانىلىق مېھرىنىڭ ھاياتبەخش نۇرى مانا ئەمدى پارلاپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئۈمىد بەخش ئەتمەكتە ئىدى. سانىيەنىڭ ئۇيقۇسىراپ كەتكەن ھارغىن كۆزلىرىدە بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى تۇنجى قېتىم شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. شۇ تاپتا ئۇ دەشت - باياۋاندا بىر مەزگىل ئېزىقىپ، تۇساتتىن ئۇچۇپ ئۆتكەن كۆك كەپتەرنىڭ ئۇيغىتىشى بىلەن ئۆز نىشانىنى تېپىۋالغان يىگانە يولۇچىدەك ھاياجانلانماقتا ئىدى. كۆك كەپتەر! زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ، توپان سۈيىدە تېنەپ يۈرگەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە يول باشلىغان كۆك كەپتەر! بىر چاغلاردا ئانىسى ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندەك قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ روھى گويا كۆك كەپتەردەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە يېقىن بىر جايدا پەرۋاز قىلماقتا...

دۇرۇس، ئۇ ئۆزىگە يېپىشىپ كېلىۋاتقان دەرد - ئەلەم-

لەردىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بالىسىنى ئېلىپ تاغىسىنىڭكىگە كېتىدۇ. ئۇ، ئاۋۋال بىر ئامال قىلىپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ، ئۈچ ‏- ‏رىغانلا ئادەمدىن كۆمۈر كانىنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز يۇرتلۇقلىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ، ئاندىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ، دادىسىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىدۇ، تاغىسى ئاڭلاپلا يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ ئۇنى باغرىغا باسىدۇ، ياق، دەسلەپتە ئازراق يېتىرقىشىدۇ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ، ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى سۆزلىشىپ، ئاندىن راسا يىغا - زار قىلىشىدۇ. ئەگەر ... ئەگەر تاغىسى كۈتۈلمىگەندە بولماي قالسىچۇ؟

سانىيە چۆچۈپ كەتتى. راست، تاغىسى بولماي قالسا، ئۇ بالىسى بىلەن قانداق قىلىدۇ؟ قارا قىشتا كىمنىڭ ئالدىغا پاناھلىق تىلەپ بارىدۇ؟ نەشتەردەك ئاچچىق سوغۇقتا بالىغا سوغۇق ئۆتكۈزۈپ قويسىچۇ؟ سانىيە تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشقا باشلىدى. قېچىشتىكى مەقسىتى زادى نېمە؟ ئەلۋەتتە سالىم بىلەن ئالتۇنخاننىڭ نومۇسسىز ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، ئاندىن كېيىنچۇ؟ بالىنى ئۆزىنىڭ غۇرۇرى قوبۇل قىلالايدىغان پاك مۇھىتتا بېقىپ چوڭ قىلىش. دېمەك، ھەممىسى بالىسى ئۈچۈن. سانىيە ۋاقىتنى ھېسابلاپ كۆردى. بۇ، دەل سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، يەنە ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن قارا قىش دېگەن گەپ، ئەگەر تاغىسى راستتىنلا بولماي قالسا، بالىنى ئېلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، چاپقىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلغاندەك ئىش بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سانىيەنىڭ يېنىدا ھېلىقى چاغدا مامۇت ئۇستام قالدۇرۇپ كەتكەن پۇللا بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ۋاقىت كۈن ئۆتكۈزگىلى بولار؟ ئەگەر بالىنى ۋاقتىنچە قويۇپ كېتىپ تۇرسىچۇ؟ سانىيەنىڭ يۈرىكى

قارتىندە قىلىپ قالدى. بىراق، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنى قىستاپ،
شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى.
ئەمىسە، ئۇنى كىمگە تاپشۇرۇش كېرەك؟ خەلىچخان ئانىغىمۇ؟
ياق ـ ياق، ئەگەر ئۇ ئۈن ـ تىنسىزلا كېتىدىغان بولسا،
خەلىچخان ئانا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ھەتتا بالىدىنمۇ نەپرەتلە-
نىشى مۇمكىن. سانىيەنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆيىنىڭ غەرب تەرىپىگە
جايلاشقان تۆت ـ بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى كونا قەبرىستانلىق
بىلەن مەسچىت كەلدى. سانىيە بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەندىن
كېيىنكى بىر جۈمە ئەتىگەنلىكى خەلىچخان ئانا قۇرۇق كالا تې-
زىكى تەرگىلى ماڭغاندا، مەنمۇ بارسام دەپ تۇرۇۋالغان ھەم
قەبرىستانلىقتىن ئۆتكۈچە دۇئا ـ تەكبىر قىلىشقان ئىدى. قەب-
رىستانلىقنىڭ ئەتراپىنى بۈك ـ باراقسان يۇلغۇن ۋە ئازغان
شاخلىرى قاپلىغان بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ئادەمنىڭ
قۇچىقى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە يوغىناپ كەتكەن كونا قارا تېرەك
بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىگە سۈرلۈك تۇيغۇ بېرەتتى. خەلىچخان
ئانا بۇ يەرنى: «ئۇلۇغلىرىم ياتقان شېھىتلىك مازار، بۇ تەرەپكە
قاراپ تەرەت قىلسىمۇ يامان بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن ھەم
مەسچىتتىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئىمام ـ مەزىن
توغرۇلۇق بىر تالاي گەپ قىلىپ بەرگەن ئىدى. «ئۇنىڭدىن
باشقا مۇۋاپىق جاي يوق، — دەپ ئويلىدى سانىيە، — مەسچىت
ئاللانىڭ ئۆيى، بالىنى چوقۇم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ»، سا-
نىيە ئۆزى بىلەن ئۆزى مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر شۇ قارارغا
كەلدى ھەم ئۆزىنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك پەرۋاسىز،
ئەركىن ھېس قىلدى.

ئارىدىن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇياقتىن ـ بۇياققا پايپاسلاپ بىر ئورنىدا ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ
قالغان خەلىچخان ئانا ئەتىگەندىلا چىقىپ كېتىپ، چۈشكە

يېقىن قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، ئىلگىرىكىدەك سانىيەگە گەپ باشلاشتىن بۇرۇن ئۇششاق باللاردەك شوخلۇق قىلماستىن، بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ، ئاندىن سالماق ئاۋازدا:

— ئىشلىرىمىز يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، قىزىم، ئالتۇنخانمۇ كەپتۇ، ئۇ خوتۇن كېلىپلا سالىم بىلەن تاڭ ئاتقۇچە مەسلىھەت قىلىشقانمىش، ئەتە ئۆزى باش بولۇپ، سالىمنىڭكىدە مەسلىھەت چېيى قىلىپ، توينىڭ ۋاقتىنى بېكىتەرمىش. ئەسلىدىغۇ قائىدە بويىچە ئۆزۈم ئىگە بولۇپ چاينى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزەرمەن دەپ ئويلىغان، — دېدى بىر خىل غەشلىك بىلەن.

سانىيە ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرماستىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى. كۆڭلىدە: «كېچىچە مەسلىھەت قىلىشىپتىمىش، نومۇسسىز شەرمەندىلەر» دەپ ئويلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى رەزىل كۈندۈز غىل - پاللا چاقناپ ئۆتكەن ئىدى. خەلچىخان ئانا بولسا بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك سۇلغۇن كۆرۈنەتتى.

— ئەجەبمۇ نىيىتى يامان خوتۇنكەنتا، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سالىمغىمۇ، ساڭىمۇ ئىگە بولماقچى، ئۇنى كۈيئوغۇل، سېنى كېلىن قىلسا دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ - ھە؟ خۇدايا توۋا دېمىسە...

خەلچىخان ئانا بىر خىل ئۆكۈنۈش بىلەن ياقىسىنى تۇتۇپ بېشىنى چايقىدى. چىرايلىرى پۈرۈشۈپ، گېلىدىكى بىر جۈپ پوقىقى تېخىمۇ بەكرەك تەۋرىنىپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ قولىدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان قېينانىلىق ھوقۇقىغا چىدىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئالتۇنخان سالىمنىڭ بېقىۋالغان ئانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا قۇدا بولۇشى كېرەك،

گەرچە سانىيە ئالتۇنخاننىڭ ئۆگەي قىزى بولسىمۇ، ئۇنى نېمىشقا ئېغىر ئاياغ ھالەتتە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ؟ سانىيەنىڭ بېشىغا شۇنداق ئېغىر قىسمەت كەلگەندە خەلچىخان ئانا ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ، ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزدىغۇ، تىنچ ـ ئامان كۆزىنى يورۇتۇپ، بالىسىنى تەڭ بېقىشتىغۇ؟ نەچچە ئايدىن بېرى ئۇلار ئانا ـ بالىدەكلا بولۇپ قالغان تۇرسا؟ خەلچىخان ئانا ئويلىغانسىرى بېشىنى چايقايتتى.

سانىيە خەلچىخان ئانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى: «ھەي، بىچارە موماي، سالىمنى كۇيئوغۇل قىلغۇڭ بار ئىكەن ـ دە، بولمىسا شۇنچە قىلىپ كېتەمتىڭ» دەپ ئويلىدى سانىيە ھەم ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ئۇن ـ تىنسىزلا كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بولۇۋاتقان ئىشلارغا كۈلگۈسى كەلدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، جېنىم ئانا، — دېدى ئۇ بىر خىل ئەركىسن ھالەتتە، — ئەگەر سالىم سىزنى قېينانام دېمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كۈنمۇ تۇرمايمەن.

ئۇنىڭ سۆزىگە تەسەللى بىلەن ئاچچىق تەنە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىراق، خەلچىخان ئانا ئۇنى تۈزلا چۈشەندى ھەم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— دېمىسىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ، قىزىم، ساڭا سالغان جاپاسى ئازمۇ ئۇنىڭ، مانا ئەمدى تەييارغا ھەييار بولىمەن دېسە قانداق قىزارمايدىغان يۈز كەن ئۇ؟ — دېدى بىردىنلا جانلىنىپ، — ھېلىغىچە سېنى يوقلاپ كېلىپ قالدۇ ھەقاچان، ھەرقانچە ئۆچ بولۇپ كەتسەڭمۇ چاندۇرۇپ يۈرمىگىن، قىزىم، ئىشىمىزنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن «ئات ئايلىنىغا، يول سارىخانىغا» دەپتىكەن، قانداق دېدىم؟

ئۇ، سانىيەگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ، ھەييارلىق

بىلەن كۆزىنى قىسىپ كۈلدى. سانىيەمۇ جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، بىراق ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدە روبىرو تۇرغان ئىككى خىل مەنە چاقناپ تۇراتتى.

* * *

يەنە شۇ گۇر - گۇر بوران...

كائىنات ئاجايىپ سۈرلۈك تۈس ئالغان بولۇپ، سۈزۈك ئاسماننىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە گاھىلىرى قاغىنىڭ قانىتىدەك، گاھىلىرى تۇرخۇندىن سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان قارا تۈتۈندەك، گاھىلىرى مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرىدىكى قورقۇنچلۇق دىۋىدەك قارا بۇلۇت پارچىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. مەشرىق ئاسمىنىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئاي گاھ زېمىننى سۈتتەك يورۇتسا، گاھ بۇلۇت پارچىلىرى ئارىسىدا غايىب بولۇپ، مۆكۈشمەك ئوينايتتى. چەكسىز بوشلۇقتىكى يۇلتۇزلار شۇ تاپتا زېمىندا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيرانلىق ھەم ئېچىنىش بىلەن قاراۋاتقان سان - ساناقسىز كۆزلەردەك مۇڭلۇق جىمىرلايتتى.

سانىيە چىڭ ھەم قېلىن زاكىدالغان بالىسىنى كۆتۈرۈپ شېھىتلىك مازارىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتكە قاراپ كېتىۋاتاتتى، جەينىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان كىچىككىنە بوغچىسى ئۇنىڭ ئېرىقنىڭ قىرىدىلا ھاسىل بولغان تار ھەم ئېگىز - پەس يولدىكى رىتىمسىز قەدىمىگە ماس ھالدا يۇلاڭلايتتى. ئەگەر سەللا بىخەستىلىك قىلسا شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق ئىچىگە مۇدۇرۇپ، يىقىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. «خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!» ئۇ ھەربىر مۇدۇرگەندە شۇنداق پىچىرلايتتى، بىر كۈچىيىپ، بىر پەسىيىپ چىقىۋاتقان بوراندا قەيەردىندۇر ئىتنىڭ ھاۋشىشى، كالىنىڭ مۆرىگەن ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىپ قالاتتى. سانىيە بىرسى قوغلاپ كېلىپ، «كاپىلا» قىلىپ ئېسىلىۋالىدىغاندەك پات - پاتلا

ئەندىكىش بىلەن كەينىگە قاراپ قوياتتى. ئادەم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى شۇنچە جىددىي كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدا ئۇزاق مۇددەت جاھانكەشتىلىك قىلغان سەيياھنىڭكىدەك پەرۋاسىزلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. كۈشەندىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا تاغىسىنى تېپىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچىيەتتى-دە، بۇ يەردىن تېزراق ئايرىلىشقا ئالدىرايتتى.

تۈنۈگۈن چىڭقى چۈش بىلەن ئالتۇنخان راستىنلا كەلدى. ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە ئېمىتىپ ئولتۇرغان سانىيە ئۇنىڭ ھويلىدا خەلىچىخان ئانا بىلەن تىنچلىق-ئامانلىق سوراشقان ھەم نېمىلەرنىدۇر دەپ كۈلگەن ئاۋازىدىنلا تونۇدى. «تۇفى، شەرمەندە بۇزۇق!» سانىيە غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈپ تاشلىغىنىنى، يەنە نېمىلەرنى دەپ تىللاپ غۇدۇڭشىغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— ھويت خېنىم، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قويايمۇ دېمەيلىغۇ، ئالا كۈچۈك كەتمىگەن بولسا سۈفكۆچ ئوقۇيمىزمۇ-يا، — چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇرغان ئالتۇنخان ئىشىكتىن كىرىپلا ھېچنېمىنى سەزمىگەن بولۇپ ئولتۇرۇۋالغان سانىيەگە قاراپ شۇنداق دېدى. ئۇ، چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولۇپ، قولىدا كىچىك بىر سومكا بار ئىدى.

سانىيە شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. چاندۇرماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، ئىچىدىكى تاراپ كەتمىگەن ئاچچىق مانا مەن دەپلا چىرايىغا تەپكەن ئىدى. ئالتۇنخان ئۇنىڭ ئاچچىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، سومكىسىنى قويۇپلا سانىيەنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا ئېسىلدى ھەم ئەركىلىتىپ قىلمىغان قىلىقلىرى قالمىدى. ئاللىقانداق سەسكىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ

كەتكەن سانىيەنىڭ تاقەت قاچىسى يېرىلغان ئىدى : « پەسكەش ، نومۇسسىز ، مەينەت قوللىرىڭ بىلەن بالامنى بۇلغاي دەمسەن ئەمدى ! » ئۇ شولارنى ئويلاپ قوپاللىق بىلەن بالىنى يۇلۇپ ئالماقچى بولدىيۇ ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ :

— ئەكىلىڭ ، مەن ئالاي ، سىيىۋەتمىسۇن يەنە ، — دېدى بىر خىل تەئەددى بىلەن . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قوپال چىقتىكى ، « سىيىۋەتمىسۇن » دېگەن سۆز ئالتۇنخاننىڭ قۇلىقىغا گويا « بالامنى سەندىن سەسكىنىدۇ » دېگەندەكلا ئاڭلىنىپ كەتتى .

ئالتۇنخان ئۆڭگىنىچە تۇرۇپ قالدى . دەل شۇ چاغدا چاي ۋە داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن خەلىچىخان ئانا ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۇگەتكەن بولدى . بىرەر پىيالە چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئالتۇنخان بىر كۆڭلەكلىك دۇخاۋا بىلەن بالىغا ئاتاپ تىكىلگەن يۆگەكنى سانىيەنىڭ ئالدىغا قويۇپ :

— قۇرۇقلا كېلىپ قالدىم ، قىزىم ، ئاز بولسىمۇ كۆڭلىگىز ياخشى ، ئالدىمىزدىكى ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئويلىغىنىمدەك قىلىۋالارمەن ، — دېدى يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك .

سانىيە ئۈندىمىدى ، پەقەت : « ئەجەب 〈سىز〉دەيدىغان بولۇپ قاپتىغۇ ئەمدى » دېگەندەك يالتىندە قاراپ قويدى .

خەلىچىخان ئانا ئالتۇنخان قويغان نەرسىلەرنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ :

— كۆپ كايىپ كېتىپلا ئالتۇنخان ، شۇنداقلا كېلىۋەرسىلىمۇ بولاتتىغۇ ، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن .

ئارىنى يەنە بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى . ئالتۇنخان بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈرتتى :

— مېنىڭدىن قانچىلىك خاپا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن

يەردىمەن، قىزىم. نېمىلا بولمىسۇن، ئۆگەي بولساقمۇ شۇنچە يىللارنى ئانا - بالا بولۇپ ئۆتكۈزگەنمىز. ئۆي دېگەندە ئۇرۇش - تالاش بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ سىز ئۈن - تىنسىزلا كېتىپ قالغاندىن كېيىن چەككەن قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنى، غەم - ئەندىشىلىرىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن. مانا ئەمدى بىر چىرايلىق كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇپتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن سالىم ئىككىڭلار ئاخىر قوشۇلىدىغان بولدۇڭلار. بۇنداق قوش خۇشاللىق ئالدىدا مېنىڭدەك بىر تۇل ئايال خۇش بولماي كىم خۇش بولىدۇ دەيسىز؟ — ئالتۇنخان ھاياجانلانغاندەك بىردىنلا مىشىلداپ كۆز يېشى قىلدى ھەم كۆڭ-لىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىلگىرى تۇغماس بولۇپ قالغانلىقىمدىن ھەسرەتلىنىپ يىغلايتتىم، خۇدا تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغاندەك سالىمنى ئەۋەتتى، بېقىپ چوڭ قىلدىم. كېيىن دادىڭىز بىلەن توي قىلىپ سىزدەك بىر قىزغىمۇ ئىگە بولدۇم. دادىڭىز رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسىمىغۇ ھېلىقىدەك كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەستى. خەيرىيەت، ئاخىر بىرىڭلار كۈيئوغۇل، بىرىڭلار كېلىن بولىدىغان بولدۇڭلار، ئىگەم شۇنداق ئورۇنلاشتۇرمىسا بەندىنىڭ قولىدىن كېلەمتى بۇ ئىشلار.

ئالتۇنخان راستىنلا گەپدان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خەلچىخان ئانىمۇ كۆز يېشى قىلدى. ھېلى-دىن بېرى پەرۋاسىز ئولتۇرغان سانىيەنىڭمۇ دادىسى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئىسسىق بىر ئېقىم ۋۇجۇدىغا تاراپ، كۆڭلى بۇ-زۇلغاندەك بولدىيۇ، ھېلىقى رەزىل كۈندۈز كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى: «سۆزلە، سېسىق جادى، ياغلىما گەپلىرىڭگە ئالدىناتتىممۇ مەن!» ئۇ ئىچىدە شۇنداق پىچىرلىدى.

ئالتۇنخان يەنە بىر تالاي گەپلەرنى قىلىپ، كۈن

ئولتۇرغان مەھەل بىلەن قايتتى. ئەتىسى مەسلىھەت چېيى سالىم-نىڭكىدە — ئالتۇنخاننىڭ ئىلگىرىكى كونا ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى. سورۇنغا خەلىچىخان ئانا، ھاشىم كۆسەي ئەر-خوتۇن ۋە سالىمنىڭ باشقا يېقىنلىرىدىن 15 — 20 ئادەم يىغىلغان بولۇپ، ئالتۇنخان ھەم ئوغۇل ئىگىسى، ھەم قىز ئىگىسى سۈپىتىدە مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

بۇ، ئېيتىلماقتا مەسلىھەت چېيى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مېھماندارچىلىق ئىدى.

سالىم ھەممە نەرسىلەرنى تەق قىلىپ بېرىپ، ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، تويى بولىدىغان يىگىت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ كۈننى ئۆزىنىڭ بولغۇسى ئايالى سانىيەگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ، كۈتكەن كۈنلىرىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا كۆزلىرىدە ئەسەبىي تەشنالىق نۇرلىرى چاقناپ، يۈرىكىنى بەختنىڭ شېرىن سېزىمى چۇلغىۋالدى. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇ سانىيە ئۈچۈن ئاز ھەسرەت چەكتىمۇ؟ ئۇ، كىشلەرنىڭ ئالدىدا شۇجىلىقنى پەش قىلىپ مەغرۇر يۈرگەن بىلەن، ھەسەنجاندەك بىر سولتەك ياغاچچىچىلىكىمۇ بولالمىدى. شۇنداقتىمۇ سانىيەگە بولغان ئاشىقلىق يۈرىكىنى ھازىرغىچە قۇرتتەك غاجاپ كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. سانىيەگە بولغان ئىنتىلىشى قانچە كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنچە سوغۇق قارايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. ھەسەنجاندىن بولغان بالا يۈرىكىنى ئاچچىق غەشلىك بىلەن تولدۇرسىمۇ، سانىيە كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇيتتى. ئېھتىمال، مۇھەببەتنىڭ كۆزى قارىغۇ دېگەن شۇ ئوخشايدۇ.

گۇر كىرەپ چىقىۋاتقان بورانغا پەرۋامۇ قىلماستىن خىيال

بىلەن كېتىۋاتقان سالىم ئىختىيارسىز ئۆلۈغ - كىچىك تىندى ھەم سائىتىدە بىر قاراپ قويۇپ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. خەلىچىخان ئانىنىڭ ئۆيىگە بۇرۇلىدىغان يەرگە كەلگەندە، كەينى تەرەپتىن بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، كەتتىنىڭ خەۋەرچىسى ئىكەن.

— كوممۇنادا جىددىي يىغىن بار ئوخشايدۇ، سىزنى تېز كەلسۇن دەپ ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ، — دېدى خەۋەرچى ھاسىرىغىنىچە. قارىغاندا ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەندەك قىلاتتى.

سالىم تۇرۇپلا قالدى. چىرايى ئۆزگۈرۈپ، ئەرۋاھىنىڭ ئۇچۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ غىڭ قىلالمىدى. خىزمەت دېگەن خىزمەت - تە! ئۇ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان خەلىچىخان ئانىنىڭ ئۆيىگە بىر قاراپ قويۇپ، ئۇتتۇرلا كەنت تەرەپكە يول ئالدى ھەم ئالتۇنخاننى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئىتنى توقۇتتى - دە، كوممۇناغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى ...

مەسلىھەت چىيى پىشىن بىلەن ئاخىرلاشتى. سالىمنى ھېلىمۇ سانىيەنىڭ يېنىدا دەپ ئويلاپ قالغان ئالتۇنخان باشقىلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، خەلىچىخان ئانىنى بىر چەتكە تارتتى ھەم ئەترابقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا:

— سىلى ماڭا ھەمراھ بولۇپ، مۇشۇ يەردە قونۇپ قالسىلا، ئىككىسى ئوبدانراق مۇڭدىشىۋالسۇن، ياش ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھەيبارلىق بىلەن كۈلۈپ.

خەلىچىخان ئانا گاڭگىراپ قالغان ئىدى. كۆڭلى پەرىشانلىق بىلەن تولۇپ، ئالتۇنخانغا ئۆچلۈكى كېلىپ تۇرسىمۇ، ياق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

* * *

بوران بىر خىل رىتىمدا گۇركىرەپ چىقىۋاتاتتى. ئۇن -

تىنىسىز كېتىپ بارغان سانىيەنىڭ قەلبىدە شىددەتلىك بىر دولقۇن مەۋج ئۇراتتى . بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى كۆرگەن ھېلىقى چۈش ئۇنى ئاجايىپ سېھىرلىك تۇيغۇلارغا غەرق قىلغان ئىدى : « ئاق تۇلپار ، ھەسەنجان ! ... » ئۇ ئويلىغانسېرى ھاياجانلىناتتى . بىر چاغلاردا رەھمەتلىك ئانىسى ئۇنىڭغا چۈشنىڭ ئالدىن بېشا- رەت بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى . دېمەك ، ھەسەنجاننىڭ ئاق تۇلپار بىلەن كېلىپ ئۇنى قورشاۋدىن قۇتقۇز- غانلىقى سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنىڭ ، بالىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى بولسا ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ قالىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ ؟ سانىيە تېخىمۇ روھلاندى ھەم يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسچىتنىڭ يېنىدىكى يوغان قارا تېرەككە قاراپ قەدىمىنى تېزلەتتى . بىراق ، ئىشىكتىن چىققىش ئالدىدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش پات - پاتلا خىيالىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى ئويغا سالاتتى .

ئۇ ، ھېلىقى سىرلىق چۈشتىن كېيىنكى ئۇزاققا سوزۇلغان گادىرماش خىياللاردىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ، كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرغان ئىدى . بىراق ، ئەتىگەندىلا مەسلىھەت چېيىغا قاتنى- شىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن خەلىچىخان ئانا تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى . نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ سانىيە ئويلىنىپ قالدى ھەم كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك سەگەكلەشتى . ئەسلىدە ئۇ ھەممىنى تەق قىلىپ قويۇپ ، خەلىچىخان ئانا ئۇخلاپ قالغاندا غىپپىدە كېتىپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى . « چاي ھېلىغىچە داۋام قىلىۋاتقانمىدۇ - يە ؟ » كۆڭلىدە ھەر خىل پە- رەزلەرنى قىلىۋاتقان سانىيە ئولتۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى بىر بوغچا قىلىپ تېگىپ ، كۆز چېلىقمايدىغان يەرگە قويۇپ قويدى ھەم بالىسىنى زاكىداشقا كىرىشتى . دەل شۇ چاغدا

بىرسىنىڭ ئاياق تىۋىشى، ئاندىن ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سانىيە ھەيران قالدى. بۇ يەردە ئىشىك چېكىدىغان ئادەت يوق ئىدى، كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇپلا كىرىۋېرەتتى، «كىمدۇ؟ سالىمىدۇ - يە؟» سانىيەنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى: «نومۇسسىزلار، نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىكىن دېسەم، ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە؟» سانىيەنىڭ يۈزلىرى غەزەپتىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ، ئاچچىقىدا بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىش ئۈچۈن دەمىنى قولىغا ئالدى. شۇ چاغدا سىرتتىن يەنە:

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. سانىيە چۆچۈگەن ھەم تەئەججۈپلەنگەن ھالدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى سالىمنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ناتونۇش بىر ئاۋاز ئىدى.

— كىرىڭ.

سانىيەنىڭ ئىجازىتىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئوتتۇرا بوي، چىرايى تاتىراڭغۇ كەلگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ، قويۇق ساقال - بۇرۇتلىرىنى تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئېلىۋەتكەن بولسا كېرەك، يۈز ۋە زاڭاقلىرى كۆكۈش كۆرۈنەتتى. ئىككى قوۋۇزى بۆرتۈپ چىققان بولۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشاڭغۇ ئىدى. ئۇ، كىرىپلا تەمتىرەپ قالغاندەك، ئۆي ئىچىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى ھەم: «ھوي، كىچىك بالا باركەن ئەمەسمۇ؟» دېگىنىچە يوغان يۆگەلگەن تاماكىسىنىڭ چوغىنى ئۆچۈردى، ئاندىن ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغان سانىيەگە:

— سىڭلىم، سىز سانىيە قىز بولىسىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە ، — دېدى سانىيە تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ، ئۇ : « كىچىك بالا بارىيەردە تاماكا چەكسە بولمايدىغانلىقىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن » دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى .

ھېلىقى ناتونۇش ئادەم بولسا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ :

— سىڭلىم ، سىز بەلكىم مېنىڭدەك بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلىۋاتقانسىز . ئۇزاقتىن بېرى ھەسەنجانغا بولغان چوڭقۇر قايغۇ ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىم سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىنى قوزغاتقان بولسىمۇ ، تا ھازىرغىچە كېلىپ بولالمىدىم ، — دېدى بىر خىل سەمىمىي تەلەپپۇزدا ، — بۈگۈن نېمىشقىدۇر چوقۇم كەلمىسەم بولمايدىغاندەكلا تۇيغۇ بىلەن ئىزدەپ كېلىشىم ...

سانىيە ھاڭۋاققىنىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ : « سىز كىم بولىسىز ؟ » دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە ، ھېلىقى ئادەم بىلگەندەكلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

— ئىسمىم سىدىق ، بۇ يەردىكى كىشىلەر مېنى سىدىق «مودىر» دەپ چاقىرىشىدۇ ، — دېدى بىر خىل يۇمۇرلۇق تۇيغۇ بىلەن كۈلۈپ .

سانىيە چۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئەندىشىلىك تۈس ئالغان ئىدى . ئۇ ، خەلىچىخان ئانىدىن «ئېيىتىشىپ قالغان» بۇ ئادەم توغرۇلۇق خېلى كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدى .

— قورقماڭ ، سىڭلىم ، مەن سارالڭ ئەمەس ، ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز ، — دېدى ئۇ سانىيەنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغاندەكلا . ئاندىن چىرايىغا جىددىيلىك تۈسى بېرىپ ئېيتتى ، — بەلكىم سىز خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىشتۇ ، ھەسەنجان مېنىڭ ھامامنى

قۇتقۇزىمەن دەپ ياشلىقىنى، بەختىنى قۇربان قىلدى. ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قەرزداردەكلا ھېس قىلىمەن. ئۆزىنى ھەقىقىي بىر ۋىجدان ئىگىسى دەپ سانايدىغان ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازابلىق يۈك بولامدۇ؟ دۇنيادا بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق دەيدىغان گەپ بار، سىڭلىم، گەرچە ھازىر قولۇمدىن چوڭ ئىش كەلمىسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە سىزنىڭ بىرەر ھاجىتىڭىزدىن چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولسام، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

سانىيە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى « ساراڭ » دەپ چۈشىنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تاسادىپىيلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، دەماللىققا مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرالماي تۇرۇپ قالدى. لېكىن، ۋۇجۇدى ئېرىگەندەك بولۇپ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ، بىر پەستىن كېيىن ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە مىڭ رەھمەت، ئاكا، — دېيەلىدى ئېسەدىگەن ھالدا.

سىدىق «مۇدىر» ئۇنىڭغا جاۋابەن غەمكىن كۈلۈپ باش لىڭشىتقىنىچە، بىر نېمىلەرنى دەپ گۇڭگىراپ ياتقان بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى:

— بۇ بالا ھەسەنجاننىڭ چىرىغى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆچۈرۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ سانىيەگە قاراپ. ئاندىن بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېتىپ، كەسكىن تۇردە ئېيتتى، — ئەمدى قايتمىسام بولمايدۇ، سىڭلىم، ئاڭلىسام، سالىم بىلەن توي قىلىدىكەنسىز، بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بىراق، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئەگەر مېنى ئاكىڭىز ئورنىدا

كۆرسىڭىز، دېگەنلىرىمىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇ شۇلارنى دەپ خوشلىشىپ ماڭدى. ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىققان سانىيە ئۇنىڭ سەل - پەل ئېگىلگەن گەۋدىسى گۇگۇم قويىنىدا كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ قالدى ...

سانىيە شېھىتلىك مازارغا يېتىپ كەلگەندە خۇپتەنگە ئاز قالغان ئىدى. ئەتراپ سۇرلۇك تۈس ئالغان بولۇپ، بوران ھەربىر ئۇرۇلغاندا قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى يۇلغۇن ۋە ئازغان شاخلىرىدىن شار - شۇر ئاۋاز كېلەتتى. مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قېرى قارا تېرەكنىڭ پۇلاڭلاپ تۇرغان شاخلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان غازاڭلار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنى ئەسلىتەتتى. سانىيەنى سەل سۇر باسقان بولسىمۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، مەسچىتنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى ھەم ئىچىدىكى شەپىگە قۇلاق سالدى. يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن خاتىرجەم بولۇپ بىر تىنىۋالدى. ئاندىن بوران تەگمەيدىغان دالدىراق جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بالىنى ئاستا تەۋرەتكەچ ئېمىتىشكە باشلىدى: « ئېمىۋال، جېنىم بالام، ئېمىۋال ! » يىغا يامىشىۋاتقان سانىيە ئاۋازى تىترىگەن ھالدا شۇنداق پىچىرلىدى. ئۈن چىقارماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالغان بولسىمۇ، مۆنچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالمىدى. ئالاھازەل چارەك سائەت ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئوغلىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يەنە كەلدى ھەم ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى پەم بىلەن ئاچتى. مەسچىتنىڭ ئىچىدە جىنچىراغ غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. قىبلىگە قارىغىنىچە دۇنيانى ئۇنتۇغان بىر گەۋدە پۈتۈن ئېتىقادى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئادا قىلىۋاتاتتى. سانىيە ئوغلىنى مەسچىتنىڭ ئىچى تەرىپىگە پەم بىلەن قويۇپ، ئاستا - ئاستا كەينىگە داجىدى.

تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك تولغانغان هالدا: «ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، بالىنى بىر ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، قولۇمغا ئالغۇچە پاناهىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ ئۈنسىز خىتاب قىلدى. ئاندىن كەينىگە شارتتىدە بۇرۇلۇپ، 30 — 40 چاقىرىم يىراقتىكى ناهىيە بازىرىغا تۇتىشىدىغان چوڭ يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بوران هۇشقۇيتقىنىچە بىر خىل رىتىمدا چىقىۋاتاتتى. يۇلتۇزلۇق ئاسمانىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئادەمنى ۋەهىمىگە سالىدىغان قاپقارا بۇلۇت پارچىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. زېمىننى سۈتتەك يورۇتۇپ، تىنىمسىز شۇڭغۇۋاتقان ئاي بىردىنلا بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەتراپنى مۇدهىش قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. سانىيەنىڭ بارا ـ بارا كىچىكلەۋاتقان گەۋدىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى...

## 9

... ئۆينىڭ ئىچى قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. پەقەت تامنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىن ئىتنىڭ، مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك سۇرلۇك بىر ئۇچقۇن يالت ـ يۇلت چاقناپ قالاتتى. يىراق ـ يىراقلاردا جەننەتتىكى هۆر ـ پەرىزاتلاردەك بىر قىز تۇمانغا دەسسىگەندەك يەڭگىل قەدەم بىلەن لەرزان كېتىپ باراتتى. سالىم هەرقانچە تىركەشسىمۇ پۇت ـ قوللىرىنى چۈشەپ قويغاندەك ئورنىدىن تۇرالمايتتى. تۇپراقنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن بىر بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسى ياڭرايتتى. باشلىرى غوڭۇلداپ، كۆز ئالدى پىرقىراۋاتقان سالىم مىڭ تەسلىكتە دەلدەڭشىگەن هالدا ئورنىدىن تۇردى هەم يىراقتا كېتىۋاتقان هېلىقى قىزغا قاراپ: «سانىيە!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە

ۋارقىرىدىيۇ ، كۈچلۈك بىر قول گېلىنى سىقىۋالغاندەك ، ئۇنى بوغۇزىدا توختاپ قالدى . ئۇ ھېلىقى قىزنى قوغلاپ يېتىشكە شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاپالماي ، تۆت تام بىلەن تەڭ چۆگىلەيتتى . توساتتىن ئۆيىنىڭ ئىچى رەڭگارەڭ نۇرلار بىلەن يورۇپ ، كۆزلىرى خۇمارلاشقان ، يۈزلىرى ئانارىدەك قىزار-غان ئالتۇنخان ھېجايغىنىچە سالىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى - دە ، « ئاھ !» دېگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى . سالىم ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى ھەم چاچلىرىنى سىلاپ ، سۆيۈش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاستا ئاپاردى ، شۇ ھامان ئالتۇنخاننىڭ كۆزلىرى لاپپىدە ئېچىلىپ يورۇشقا باشلىدى ۋە بارا - بارا يوغىناپ ، پاگ-گىدە ئېتىلىپ كەتتى ...

— ۋايجان ! — قارا تەرگە چۆمۈلگەن سالىم ۋارقىرىغىنىچە ئويغاندى . بۇ ، تۈن تەڭ بولغان چاغ بولۇپ ، ئۆي ئىچىنى گۆرىستان قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان ئىدى . ئۇ ، ھودۇققىنىدىن يۈ-رىكى گۈپ - گۈپ سوققان ھالدا ئۆي ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ ، يوتقانىنى بېشىغا پۈركىۋالدى . « ئاھ ، خۇدا ، نېمە كارامەت بۇ ؟ كۆزۈمگە بىر نەرسە كۆرۈندىمۇ - يا ؟ » قورققىنىدىن تېخىچىلا تىنچلىنالمايۋاتقان سالىم ئىختىيارسىز شۇنداق ئويلاپ قالدى . بىراق ، بۇ خىيال ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . ئىلگىرى ئۇ بۇنداق خىيالنى زادىلا قىلىپ باقمى-غان ، ھەتتا دىن ، خۇدا دېگەننىڭ ئادەمنى ئالدايدىغان يالغان نەرسىلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا تالاي سۆزلەپ ، ئۆزىنىڭ قېيقى-زىل بىر ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى . ئەجەبا ، خۇدا ئۇنىڭ شۇ گەپلىرى ئۈچۈن كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمەك-چىمۇ - يا ؟

سالىم دىر - دىر تىترەيتتى . خىيالىغا ھېلىقى كۆرۈنۈشلەر ، بولۇپمۇ ئالتۇنخاننىڭ بارا - بارا يوغىناپ ئېتىلىپ

كەتكەن قورقۇنچلۇق كۆزى كېلىش بىلەن پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ كېتەتتى. كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، ھېچنېمىنى ئويلىماي دېسىمۇ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ. ئاللىقانداق ۋەھىمىلىك تۇيغۇلار نېرۋىسىنى قوچۇيتتى. ئۇ، ئاخىر چىدىيالمىدى. يوتقاننى زەرب بىلەن چۆرۈپ تاشلاپ، بېشىغا يېقىن جايغا قويۇلغان شامنى ياقتى. ئاندىن كېچىلىرى ياستۇقنىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان موخۇركا بىلەن نەشىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوراشقا باشلىدى: «خەپ، سانىيە!» ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا شۇنداق پىچىرلىدى. ئاچچىق ھەم غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ. يۈزىنىڭ تېرىلىرى تارتىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇنداق بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. «ئۇنى كولدۇرلىتىۋاتقان زادى كىم؟ راستىنلا ئالتۇنخان ئەمەسمىدۇ؟ ياق - ياق! ئۇ، ئۇنچىۋالا دۆت خوتۇن ئەمەس، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭمۇ خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمىسە، سانىيە نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ؟» ئويلىغانسېرى سالىمنىڭ خىيالى گادىرماچلىشىپ كەتتى، مۇھەببەت، نەپرەت ھەم پۇشايمان ئارىلىشىپ كەتكەن ئاچچىق بىر سېزىم ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى: «خەپ! — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، — نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىدا توخۇ يۈرەك لامزەللىگە ئايلىنىپ قالدىم، ئالقىنىمدىكىلا بىر قۇشقاچ ئىدىغۇ؟ نېمىشقا قانات - پەيلىرىنى چەيلەپ ئۇچالماس قىلىۋەتمىدىم؟» ئۇ، شۇ تاپتا قاتتىق پۇشايمان قىلماقتا ئىدى، نەشە ئارىلاشتۇرۇلغان موخۇركىنى ئاچچىق - ئاچچىق شورايتتى. ئاغزىدىن، بۇرنىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان كۆكۈش ئىس بىر پەستىلا شامنىڭ يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى...

سالىم مەسلىھەت چېيى بولغان كۈنى كوممۇنىدىكى

جىددىي يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغان ئالتۇنخان بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئىشەنگەندە بولسا جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۆتكەن ئىشلار كۆڭلىدىن غىل - پال كېچىپ، ئالتۇنخانغا گۇمان بىلەن تىكىلدى:

— راستىڭنى ئېيت، ئالتۇنخان، كۈندەشلىكىڭ قوزغىلىپ، ئۇنى سەن ھەيدىۋەتتىڭ، شۇنداقمۇ؟

— جۆيلۈمىسەڭچۇ، سالىم، بۇ ئىش ئۈچۈن مەن ئاز شاپاشلىغانمۇ؟ نەدىن بىلەي، ھېلىقى كۈنى سېنى شۇنىڭ يېنىدا دەپ بىلىپ، خەلىچىخاننى تۇتۇپ قاپتىمەن. كاللىسىنىڭ تورمۇزى تۇتمايدىغان ئۇ ساراڭ، بالىسىنى مەسچىتنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ قېچىپتۇ. ئىككى كۈندىن بېرى ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق.

— ھە، يەنىچۇ؟ — سالىمنىڭ قوشۇمىلىرى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ، چىرايى ھازىرلا مۆلدۈر تۆكىدىغان قارا بۇلۇتتەك دەھشەتلىك تۈس ئېلىشقا باشلىدى.

ئالتۇنخان بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئېرەنسىزلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يەنە نېمە ئىش بولاتتى، ئۆلۈۋالدىمىكىن دەپ، كۆل - ئۆستەڭ بويلىرىنىمۇ ئالا قويماي ئاختۇردۇق، ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولامدۇ ئۇ تەلۋىنى...

ئالتۇنخان سۆزىنى تۈگىتىپلا ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان سالىمنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، تاماكا قۇتىسىنى ئالدى ھەم ئازراق نەشە ئارىلاشتۇرۇلغان موخۇركىنى ئوراپ، ئوت تۇتاشتۇردى. ئاندىن ئەركىلىگەندەك قىلىپ بىرنى شوراپ قو-

يۈپ، سالىمنىڭ ئاغزىغا قىستۇردى ۋە ئۇنىڭ يۈز - پاتاڭلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، نازلىق تۇيغۇدا:

— نېمانچە قىلىپ كېتىسەن، سالىم، قىز ئازمىدى ساڭا، — دېدى خىر - خىر كۈلۈپ.

ئاچچىقتىن تومۇرلىرى كۆپۈپ، قانلىرى قايناپ، ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكۈسى كېلىپ تۇرغان سالىم ئۇنى قانداقلارچە قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىپ «چاك - چۇك» ئىككى تەستەك سېلىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. تۇيۇقسىز تەگكەن شاپىلاقتىن تېڭىرقىغان ئالتۇنخان يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ئەسەبىيلەشكەن ھالدا سالىمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ چۇقان كۆتۈردى:

— ئۇرە، ماز پاينەك، نېمەڭگە يوغانلىق قىلىسەن؟ شۇجىلىقىڭنىۋاغۇ، گۆردىكى داداڭ بىلەن ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر! «ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر تۇقۇمنى» دېگەندەك، سانىيەدىن ئالالمىغان ئاچچىقىڭنى مەندىن ئالامسەن؟ بېقىپ چوڭ قىلىپ، كۆزۈڭنى ئېچىپ قويغىنىمغا بەرگەن جاۋابىڭ مۇشۇمۇ، تۇزكور!

قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغان سالىم ئالتۇنخاننىڭ قوللىرىنى يۇلقۇشلاپ ئاجرىتىپ، ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ - دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى. ئالتۇنخان ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي تولغىناتتى، ئاچچىق نالە - پەريات كۆتۈرەتتى. ئۇلار شۇنداق رەسۋالىشىۋاتقاندا، سالىمنىڭ يىغىندىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن ھاشىم كۆسەي جېدەلنىڭ ئۈستىدىلا چۈشتى. ئۇ «ھۇ» تارتىپ يىغلىغىنىچە پۈكلىنىپ ياتقان ئالتۇنخانىنى ھەم ئۇنى قوناق سوققاندەك ئۇرۇپ، دۇمبالاۋاتقان سالىمنى كۆرۈپ، قورقۇنچ ئىچىدە ئاجرىتىشقا كىرىشتى:

— بولدى قىلىسلا، سالىم شۇجى، ئانىسىنىمۇ ئۇرغان بارمۇ كىشى...

ئۆيگە بىرسىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلگەن ئالتۇنخاننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئاغرىق ئازابىدىن دەلدەگشىپ ئورنىدىن تۇرغان هالدا تېخىمۇ بەك يىغلاشقا هەم قارغاشقا باشلىدى:

— خەپ سالىم، ئالدىرىماي تۇر، مېنى تەپكەن پۇتلىرىڭ، ئۇرغان قوللىرىڭ قۇرۇپ كېتەر ئىلاهىم. «ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئېغىز - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، هايۋان بالىسىنى باقساڭ ئېغىز - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، ئەمدى بىلدىم، خەپ، ئالدىرىماي تۇرغىن، مۇشۇ قىلغانلىرىڭنىڭ جازاسىنى تارتىسەن تېخى...

سالىم چىرايى پۈرۈشكەن، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان هالدا ۋارقىرىدى:

— تولا كاركىرىماي كۆزۈمدىن يوقال! سەنمۇ چىق هاشىم، ئىككىلەڭ كۆزۈمدىن يوقىلىش!

سالىمنىڭ بۇنداق ۋارقىراشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەن هاشىم كۆسەي «غىڭ» قىلماستىن ئالتۇنخاننى ئاستا يۆلەپ ئىشىك تەرەپكە جۆنىدى...

ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ هاسىراپ كەتكەن سالىم «ئۇھ» دەپ بىر تىنىۋالدى، ئاندىن لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە كارىۋىتىغا يانپاشلىدى. ئۇ، ئويلىغانسېرى ئىچى تىتىلداپ، ئۆزىنى تولىمۇ غېرىب هەم بىچارە هېس قىلماقتا ئىدى، كۆز ئالدىدىن سانىيە نېرى كەتمەيتتى: «نېمە قىلغىنىڭ بۇ، سانىيە، ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيدىم؟» سالىمنىڭ ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى يىغلاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى، ئەجەبا،

بـۇگۈن ؟ ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئۆمچىيىپ
كىيتىۋاتقان لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە
يىغلاش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى . ئۇ ، قويۇق نەشە
ئارىلاش موخۇركىنى ئوراپ ئاچچىق ـ ئاچچىق شورىاشقا باشـ
لىدى . بىردىنلا سانىيەگە ئۆچمەنلىكى قوزغىلىپ ، كۆزىدە غەزەپ
ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى . شۇنىڭ سەۋەبىدىن ، ئالتۇنخاننى قاتتىق
ئۇرۇپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلدى . بىر چاغلاردا ئەسنەك تۇتۇپ ،
كۆزى ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى ...

سالىم ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىككىنچى تال تاماـ
كىنى چېكىپ بولاي دېگەن ئىدى . ئۇ ، نەشىنىڭ كەيپىدىن
روھى كۆتۈرۈلۈپ ، ئاللىقانداق شېرىن بىر قاينام ئىچىگە غەرق
بولغان ئىدى . ھېلى كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشىنىڭ
ۋەسۋەسىسىمۇ تۇماندەكلا تاراپ كەتكەن ئىدى . ئۇ ، خۇمارلـ
شىپ كەتكەن كۆزلىرىنى « پىل ـ پىل » يېنىپ تۇرغان شامنىڭ
يورۇقىغا تىككىنىچە ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن قۇرتنەك مىـ
دىرلاۋاتقان لەززەتلىك بىر سېزىمنىڭ تۈرتكىسىدە تولغاندى ،
كۆز ئالدىغا سانىيە ، ئاندىن ئالتۇنخان كەلدى . لەۋلىرى تامشىپ،
ھاشىم كۆسەينىڭ ئۆيىدىن ئۇنى چاقىرىپ چىقماقچى بولدىيۇ ،
قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنلىكى ئېسىگە كېلىشى بىلەن ئىختىيارسىز يالـ
تايدى . خىيالىدىن يىراق بالىلىق چاغلىرى ، نەشىنى بولۇشىغا
چېكىپ ، بېقىۋالغان ئانىسى ئالتۇنخان بىلەن تۇنجى قېتىم بىللە
ياتقىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئامتى ئوگدىن كېلىپ باش
كۆتۈرگەنلىكى ، سانىيەگە كۆيۈپ قېلىپ تارتقان دەرد ـ ئەلەمـ
لىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى . ئەسلىمىلىرى سانىيەنىڭ
قېچىپ كەتكەنلىكى بىلەن تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن
كۆڭۈلسىزلىككە ئۇلانغاندا بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ ، ۋارقىرىۋەتـ
كىلى تاس قالدى . تۇيۇقسىز كەلگەن ئاچچىق ئەسلىمىلىرىنى

تـەتۈرىگە ياندۇرۇپ ، ئۇ ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ۋەقەنى يادىغا سالغاندا بولسا ، داڭ قاتقىنىچە تـۇرۇپ قـالـدى . ئۇنـىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى كىيىملىرى قانغا مە-لـەنـگـەن ، يـوغان بىر خەنجەرنى مەھكەم تۇتۇۋالغان دادىسىنىڭ قـاقـاقلاپ كـۈلـۈشلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا قېتىپ قالغان قورقۇنچلۇق جەسىتى نامايان بولماقتا ئىدى ...

* * *

تـۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بۇ چەت ناھىيە بازىرىدا ئەمـەت ھاجـى ھەم سـەمـەت ھاجى ئىسملىك ئاكا - ئىنى بار ئى-دى . ئۇلار ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان قاسساپلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ جـاھانـدارچـىـلـىـق قىلىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ دادىسى سادىر ھاجى ياش چاغلىرىدا كارۋانلار بىلەن قوشۇلۇپ ، دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلانغان ھەم ئۆمرىدە ئىككى قېتىم مەككە - مەدىنىنى تـاۋاپ قـىـلـىـپ ھاجى بولغان ئىدى . كېيىنكى مەزگىلدە ئۇ تىنچ تـۇرمۇشقا ئىنتىلىپ ، ھاۋاسى ساپ ، سۈيى مول ، تۇپرىقى مۇنبەت بـۇ تـاغلىق رايونغا كېلىپ ماكانلىشىپ ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بول-غـان ئـىـدى . ئۇ ، نامازنى قازا قىلمىغاندەك ، قىمار ھەم چېكىملىك سـورۇنـلـىرىنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، رەسـتـىـنـىـڭ ئاۋات يېرىدىكى قاسساپلىق دۇكىنىدىن كېلىدىغان كىرىمى خېلى كۆپ بولغاچقا ، ھال - كۈنى ياخشى ئىدى . ئۇنىڭ ئوغـۇلـلـىرى گەرچە ھەج قىلمىغان بولسىمۇ ، خۇددى دادىسىنىڭ ھاجـىـلـىقىنى پەش قىلماقچى بولغاندەك ، ئىسملىرىنىڭ ئاخىرىغا ھاجـى دېـگـەن سۆزنى قوشۇۋېلىشقان ئىدى . كىشىلەرمۇ ئۇلارنى شـۇنـداق ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئىدى . كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئامـەتـلـىك قارىلىدىغان بۇ ئاكا - ئىنى نىمە بولۇشتىكىن - تاڭ ، سـادىـر ھاجـى قـازا قـىـلـىـشى بـىلەن تەڭ قاتتىق ئۆچەكىشىپ

قىلىشتى. يامان يېرى، دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرسىنى بەرگەن كۈنى جامائەت ئالدىدىلا قىلچە يۈز - خاتىر قىلىشماستىن تىلىلىشىپ سەتلەشتى. هاڭ - تاڭ قېلىشقان كىشىلەر «تووۋا» دېيىشكىنىچە ياقىسىنى تۇتۇپ قېلىشتى، ئارقىدىنلا ئۇلار توغرۇلۇق خىلمۇخىل پەرەز ۋە سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر: «دادىسى مىراسىنى ئايرىشقا ئۈلگۈرمەيلا كۆز يۇمغان ئىكەن، ئاكا - ئىنى ئىككىيلەن بۆلۈشەلمەي ئارازلىشىپ قاپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «سادىر هاجىنىڭ تىقىپ قويغان ئالتۇنلىرى بار ئىكەن، ئەمەت هاجى خۇپىيانە هالدا هەممىنى ئېلىۋاپتىمىش، سەمەت هاجى بۇنىڭغا چىدىماي جېدەل چىقىرىپتۇ» دېيىشەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئاغزى بېسىققان بولسىمۇ، بۇ ئاكا - ئىنى هاجىلار ئوتتۇرىسىدىكى يىرىق تېخىمۇ كېڭىيىپ هاڭغا ئايلانغان ئىدى. سەمەت هاجى بالىنىڭ كىچىكى بولغاچقا، تەبىئىي هالدا دادىسىدىن قالغان زېمىن ۋە دۇكانغا ئىگىدارچىلىق قىلدى، ئەمەت هاجىمۇ ئوقەتنى ئايرىپ، ئىنىسى بىلەن بەسلەشكەندەكلا بىر قاسساپلىق دۇكىنى ئاچتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، مانا ئەمدى بۇ ئاكا - ئىنى هاجىلار بازار هەم خېرىدار تالىشىپ، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. ئۇچرىشىپ قالسا سالام - سەهەت قىلىشماسلىقتىن، بارا - بارا هومىيىشىدىغان، تۈكۈرۈشىدىغان، هەتتا بىر - بىرىنىڭ خېرىدارلىرىغىمۇ دۈشمەنلىك نەزەر بىلەن قارىشىدىغان دەرىجىگە يەتتى. قايسىبىر بازار كۈنى تېخى ئۇلار قوللىرىغا خەنجەر ئېلىشىپ، چۈجە خورازلاردەك بىر - بىرىگە ئېتىلىشتى. كىشىلەر ئاجرىتىۋالمىغان بولسا ئەجەلى توشقاندىن بىرسى ئۆلگەنمۇ بولاتتى. پەقەت ئەمەت هاجى ئەل - جامائەتنىڭ سۈلهى - سالاسى بىلەن دۇكىنىنى يىراقراق جايغا يۆتكەپ كەتكەندىلا،

ئايىغى چىقمايدىغان بۇ جېدەل سەل بېسىققاندەك بولدى. ئاكىسىنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، سەمەت ھاجى ئۆزىنى تېخىمۇ غالىبلاردىن سانىشقا باشلىدى. ئىلگىرى ئۇ قاسساپلىق ھۈنىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن ماختىنىپ: «بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە بىر قوينىڭ گۆشىنى ئۇياقتا، تېرە، ئىچ باغرىنى بۇياقتا قىلىۋېتەلەيمەن» دەپ يۈرگەن بولسا، مانا ئەمدى ئۇ چىرىغانلا ئا-دەمگە ئاكىسىنى تىللاپ: «يەنە كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولىدىكەن ئۇ بەچچىغەر، قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلايمەن» دەپ يۈرىدىغان بولدى. كىم ئۇنىڭ گېپىگە «ھە» دەپ بەرسە، پۇلىنى ساماندەك خەجلەپ مېھمان قىلىپ، ئىچۈ-شەتتى، چېكىشەتتى. قورسىقى تازا كۆپكەن ئەمەت ھاجىمۇ جىم ياتمايتتى. ئىنىسىنى قانداق بابلاشنىڭ پىلانى ئۈستىدە كاللا قا-تۇرۇپ، ھەر خىل چوتلارنى سوقاتتى، ئۇ ئاخىر بىر ئامال تاپتى، ئەقلىنىڭ قالتىس ئىشلەپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولدى. بىر كۈنى ئۇ نەچچە پاقلاننىڭ بېشىنى ئۈزۈپ، يۇرتنىكى داڭدار بەگلىكى، قىمارۋازلارنى مېھمان قىلدى. سورۇن تازا ئەۋجىگە چىققاندا ئۇ بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولغاندەك غەمكىنلىك بىلەن:

— ئىنىم بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولغان ئىشنى سىلەرمۇ بى-لىسىلەر. قان - قېرىنداش تۇرۇپ، بۇنداق كېتىشۇەرسەك ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا سەت بولغۇدەك، رەھمەتلىك ھاجى دادامنىڭ روھىنىمۇ قورۇندۇرۇپ قويغۇدەكمىز، — دېدى قىرائەت قىلىۋاتقاندەك تەسىرلىك تەلەپپۇزدا.

— خوش، ھاجىم، سۆزلەۋەرسىلە، قۇلىقىمىز سىز-لىدە، — دېيىشتى بەگلەرمۇ بىر ئېغىزدىن.

ئەمەت ھاجى گېپىنى بىر قىرىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلەرگىمۇ ئايان، ئىنىم ئىچىملىك بىلەن چېكىم-

لىككە ئامراق، مىجەزى ھەرقايسىڭلار بىلەن تازا خوپ كېلىدۇ. بولسا ئۇنىڭ بىلەن قويۇقراق ئۆلپەتلىشىپ ئىككىمىزنى ياراشتۇ- رۇپ قويۇشقا كۆچ چىقارغان بولساڭلار، ئۇبدان رازى قىلار ئىدىم.

— بەلەن گەپكەن، — دېدى بەگ‍لەردىن بىرسى كۆز- لىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — مۇسۇلماندار چىلىقتا بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بولامدۇ؟ خاتىرجەم بولسىلا ھاجىم، بىز ئۇنى بىر- دەمدىلا ئېرىتىپ، ئالدىلىرىغا: «خوش ئاكا» دېگۈزۈپ ئەكەلمىسەك ھېساب ئەمەس!

قالغان بەگ‍لەرمۇ تۇشمۇتۇشتىن تەستىقلاشتى. ئەمەت ھاجى مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ كۈلدى. ئۇ، كىم بىر قېتىم ئۇبدان ئىچۈرۈپ - چەكتۈرۈپ قويسا شۇنىڭغا «خوش» دەيدىغان بۇ بەگ‍لەرنى ئۇبدان بىلەتتى. ئەگەر ئىنىسى ئۆلارنىڭ توپىغا قوشۇلسا، چېكىدىغان نەشىنىڭ قانچىلىك كۆ- پىيىدىغانلىقىنى، مۇشۇ يوسۇندا كېتىۋەرسە ئاخىر قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپ بولغان ئىدى...

شۇ كەملەردە سەمەت ھاجى ناھايىتى خۇشال ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى كۆڭلىنى ئورىۋالغان غەشلىك بۇلۇتلىرى بىردىنلا تاراپ، كۆز ئالدى پاللىدە يورۇغاندەك، ئۆزىنى تولىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇ- چىنچى بالىسى دۇنياغا تىنچ - ئامان كۆز ئاچقان — ئايالى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن ئىدى. «خۇداغا شۈكۈر، — دەيتتى ئۇ يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك، — خوتۇن ئېلىپ پەرزەنتلىك بولالماسلىقتىن قاتتىق ئىش بولامدۇ ئوغۇل بالىغا...» ئۇنىڭ ۋارقىرىغۇسى، بالىسىنى كۆتۈرۈپ ھەممە ئادەمگە كۆرسەتكۈسى كېلەتتى. راست ئەمەسمۇ؟ ئۇ، دادىسى قازا قىلىشتىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان

بولسىمۇ ، بىرىنچى بالىسى ئۆلۈك تۇغۇلغان ، ئىككىنچى بالىسى ئۈچ ئايلىق بولار - بولمايلا بويىدىن ئاجراپ كەتكەن ئىدى . ئۇ ، بۇ شۇم قىسمەتنى ئايالىدىن كۆرۈپ ، نەچچە قېتىم ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ، تالاق قىلىۋەتمەكچىمۇ بولغانىيۇ : « خەيرىيەت ، ئوغۇل بالىدار چىلىقتا مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن » دەپ ئويلاپ ، ئۈچىنچى بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ كەلگەن ئىدى . مانا ئەمدى ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغاندا خۇشال بولماي تۇرالايتتىمۇ ؟ ئۇ ، تۇنجى پەرزەنتىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن كاتتا بۆشۈك تويى ئۆتكۈزدى ھەم ئۆزۈمگە يېقىن بولسۇن دەپ « سالىم » دېگەن ئىسمنى قويدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ تىرىكچىلىكنى خاتىرجەم قىلىۋەردى . ئاكىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ نەگىدۇر غايىب بولغاندەك كۆرۈ- نەتتى . خۇشاللىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۈلپەتلىرى بىلەن پات - پات جەم بولۇپ قانغۇچە ئىچىشەتتى ، چېكىشەتتى ھەم ئوغلى توغرۇلۇق زوق - شوخ بىلەن سۆزلەيتتى :

— ئاجايىپ بالا بولدى - دە ، بۇ كاساپەت ، — دەيتتى ئۇ ئاغزىدىن ، بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قويۇق كۆكۈش ئىس ئىچىدە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ، — تۇن تەڭ بىلەن قىرقىراپ يىغلاشقا باشلايدۇ ، ئانىسى ئەمچەك سالسىمۇ ئۇنىمايدۇ ، ئاچچە- قىمدا پۇرقىرىتىپ تازا چېكىشكە باشلايمەن ، شۇندىلا ئۇنىڭ زۇۋانى بېسىقىدۇ ، نېمە پۇرايدىكىن ئۇنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا ...

— ۋاھ ، يارايدۇ ، ئوغۇل بالا ، دادىسىنى دورىغان ئەز- مەت ، — دەپ ۋارقىرايتتى بەڭگىلەردىن بىرسى شالىنى چېچىپ .

— تازا چېكىپ تۇرۇپ تاپقان دېسىلە ، ھاجىم ، — دەيتتى يەنە بىرى كۆزىنى قىسىپ .

شۇنىڭ بىلەن كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى . بۇ پاراڭلاردىن دىلى سۆيۈنگەن سەمەت ھاجى ھەممىدىن بەك كۈلەتتى ، تېلىقاتتى .

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈۋەردى. ھەش - پەش دېگۈچە سالىممۇ تۆت - بەش ياشقا كىرىپ قالدى. ئوغلىنىڭ سوزغاندەكلا چوڭ بولۇپ قالغانلىقىغا مەستلىكى كەلگەن سەمەت ھاجى ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايدىغان، نەگە بارسا يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولدى. سالىممۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك چىرايلىق ھەم ئوماق ئىدى. دائىم ئۇنى - بۇنى سوراپ ئاغزى بېسىقمايتتى، گاھىدا خەقىشلىكى تۇتۇپ قالسا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ، دېگىنىنى قىلىپ بەرمىگۈچە بولدى قىلمايتتى، شۇنداق چاغلاردا سەمەت ھاجى: «تولا خەقىشلىك قىلىپ بېشىمنى ئاغ-رىتمىساڭچۇ» دەپ ۋارقىراپ قويغان بىلەن يۈرىكىدە چىدىمايتتى، يەنىلا ئۇنىڭ رايىغا باقاتتى. دۇكانغا خېرىدارلار كۆپرەك كەلگەن ۋاقىتلاردا بولسا ئۇنىڭغا بىر تۇتام پۇلنى تۇتقۇزۇپ: «يۈگۈر، ئاۋۇ كاۋاپچى ئاكاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۆت زىخ سىيرىۋېتىپ كېلە، ئوغلۇم» دەپ جىملەيتتى. ئۆلپەتلىرى بىلەن يىغىلىپ ئىچىشۋازلىق قىلغاندىمۇ سالىمنى بىللە ئېلىپ بېرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزاتتى ھەم داستىخانغا ھېچكىم قول تەگكۈزمەستە گۆشنىڭ تازا يۇمشاق پىشقان يېرىدىن بىر پارچە تۇتقۇزۇپ: «يە، بالام، كىم دېسە سەمەت ھاجىنىڭ ئوغلى دې-گۈدەك ئادەم بول!» دەيتتى. قالغان بەڭگىلەرمۇ ئەگىشىپلا ئۇنى ئەركىلىتىشكە،ئۇنى - بۇنى دېگۈزۈپ ماختاشقا باشلايتتى. سا-لىممۇ يېتىرقىمايتتى. باللارچە شوخلۇق بىلەن ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى. بىر چاغلاردا تۇرۇپلا خۇيى تۇتۇپ، يوق نەرسى-نىڭ جېدەللىنى قىلىپ سورۇننى بېشىغا كىيەتتى. سەمەت ھاجىغا ئۇنىڭ ئاۋازى ناخشىدەك، قىلىقلىرى ئۇسسۇلدەك تۇيۇلۇپ، تې-خىمۇ مەستلىكى كېلەتتى ھەم ئۆلپەتلىرىگە پەخىرلەنگەندەك بىر قاراپ قويۇپ: «خۇمارى تۇتتى بولغاي بۇ گۇيىنىڭ» دەپ ئاغ-زىدىكى ئىسنى ئۇنىڭ يۈزىگە پۈۋلەيتتى. ئاندىن ئۆز ئىشىدىن

مەمنۇن بولغاندەك ئۇنى چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ: «بىرنى تارتىپ قويامسەن ـ يە، قوزام، تاتلىق نەرسە بۇ» دەپ چىلىمنى ئاغزىغا تىقاتتى، سالىم قىقىلىپ يۆتىلىشكە باشلىغاندا بەگگىلەر: «يارايدۇ، ئوغۇل بالا!» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ كۈلۈشەتتى. سالىمۇ نەشىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر پەستىلا ئۇخلاپ جىمىپ قالاتتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە يەنە ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. سەمەت ھاجىنىڭ ئىش ـ ئوقىتى يۈرۈشۈپ، يانچۇقى تومپايغانسېرى ئۈلپەتلىرى تېخىمۇ كۆپىيىشكە، ھەتتا قوشنا ناھىيىلەردىن ئىزدەپ كېلىپ، دوست تارتىشىدىغانلارنىڭ سانى ئاۋۇشقا باشلىدى. سالىمۇ بوي تارتىپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان، دادىسى يوق چاغلاردا دۇكانغا كۆز ـ قۇلاق بولغۇدەك بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن سەمەت ھاجى تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇپ، كۈنلىرىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈلۈپ ـ يايراپ ئۆتكۈزىدىغان ھەم پات ـ پاتلا يۇرت ئاتلاپ مېھماندارچىلىق قىلىشىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈتۈلمىگەن بىر پاجىئە يۈز بەردىكى، خىلۋەتتىكى بۇ چەت ناھىيە بازىرى زىلزىلىگە كەلدى. كىشىلەر ھاڭ ـ تاڭلىق ئىلكىدە بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى. بەزىلىرى ئېچىنىش بىلەن خۇرسىنىشسا، يەنە بەزىلىرى: «بەكلا ئېشىپ كەتكەن ئىدى، خۇدا كۆرسىتىپ قويدى» دېيىشىپ يۈردى. مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك راھەت ـ پاراغەتتە يېتىلگۈاتقان سالىمۇ بىردىنلا يېتىمەككە ئايلىنىپ، ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىككىنچى بىر خىل تەقدىرگە دۇچ كەلدى...

بۇ، ئۆلكە ئازاد بولغىنىغا بىرنەچچە يىل بولغان چاغلار بولۇپ، جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش ھەم يېڭىلىقلار كۆپ ئىدى. بىراق، سەمەت ھاجىنىڭ بۇ ئىشلارغا پەرۋايى پەلەك ئىدى.

كۈنلىرى بىر خىللا ئىچىش - چېكىش بىلەن ئۆتتۈۋاتاتتى . ئۇ-
نىڭ نەزىرىدە دۇنيا دېگەن شۇ ئىدى . ئۈچ ۋاخ تامىقى گۆش -
مايدىن ئايرىلمىغان بىلەن ، كەيپ قىلغان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى
كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ ، چىرايى خۇنۇكلىشىپ ، پارقىراپ
تۇرىدىغان قاپقارا بۇرۇتلىرىمۇ سارغىيىشقا باشلىغان ئىدى . ئۇ ،
ئۇن نەچچە كۈن ئۇدا بېسىپ ئىچىپ - چېكىپ ، ئەمدى بىر
« ئۇھ » دەپ تۇرغان بىر كۈنى قوشنا ناھىيىدىن نىياز قوشقار
ئىسىملىك ئاغىنىسى ئىزدەپ كېلىپ قالدى . ئۇ ، دىقماق ، قارامتۇل
كەلگەن ئادەم بولۇپ ، بۇرنىنىڭ كۆمۈرچىكى سەل ئولتۇرۇشۇپ
كەتكەن ، قاڭشىرىنىڭ ئورنىدا ئۈچ بۇرجەك تاتۇق بار ئىدى .
نەچچە مېتىر يەردىن سەكرەپ چىقىپ كاللا ئاتالايدىغان ھۈنىرى
بولغاچقا ، كىشىلەر ئۇنىڭغا «قوشقار » دەپ لەقەم قويۇشقان
ئىدى . ئېتىغا بىر مىنىۋالسا يۇرتمۇيۇرت كېزىپ قىمار ئويناپ جا-
ھانكەشتىلىك قىلىدىغان يۇرت نوچىلىرىدىن ئىدى . ئۇنىڭ
چاقچاقمۇ خېلى ئېپى بار بولۇپ ، سورۇنلاردا مەن - مەن دې-
گەنلەرنى بىردەمدىلا كەلتۈرۈۋېتەلەيتتى . سەمەت ھاجى
نېمىشقىكىن ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇچار كاللىسى بىلەن چاقماقتەك ئېغى-
زىدىن ئەيمىنەتتى ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشنى
خالىمايتتى . شۇڭا ، ئۇ تاۋىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي نىياز قوشقارنى
قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈلپەتلىرى ئىچىدىن تاللاپ تازا گەپدان ،
ناخشا - سازغا ماھىرلىرىدىن بىرنەچچىنىلا چاقىردى . شۇ كۈنى
سەمەت ھاجىنىڭ بازارنىڭ دوقمۇشىدىكى قورۇسىنىڭ ۋاساجۈپ
قىلىپ يېپىلغان ئازادە مېھمانخانىسىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى ،
نىياز قوشقار تۆردىن ئورۇن ئالغان بولۇپ ، قالغانلىرى ئۇنىڭ
ئىككى تەرىپىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى . سەمەت ھاجى بولسا
مېھمانلىرىنى مەزەگە تەكلىپ قىلغاچ ، ئايالىغا ئۇنى - بۇنى

بۇيرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. كىچىككىنە سالىمۇ بىر پارچە گۆشنى يېگەچ كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. مېھمانلار بىرەر قاچىدىن ھاردۇق ئېشى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان پۇتۇن پىشۇرۇلغان تونۇر كاۋىپى، توخۇ، كەپتەر گۆشى ۋە ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەر بىلەن لىق تولدى. ئارقىدىنلا شارابنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، قەدەھ توشقۇزۇلۇپ، ئىچىشۋازلىق باشلاندى. بىر پەستىلا ھەممىنىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ، كەيپىيات جانلىنىپ، تەمبۇرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تەمبۇرنىڭ تارلىرىدىن تاراۋاتقان مۇڭلۇق كۈيگە جور بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، پەقەت سەمەت ھاجىلا دەمدەك ئولتۇرغان موخۇركىنى قېنىپ - قېنىپ شوراپ، كۆكۈش ئىس ئىچىدە ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ناخشا ئېيتالمايدىغان بولۇپ يارىلىپ قالغىنىغا ئۆكۈنۈۋاتقاندەك، بېشى تېخىمۇ گاراڭلىشىپ، ئۆزىنى تەنھا ھەم غېرىب ھېس قىلماقتا ئىدى.

— ھوي، سەمەت ھاجى ئاداش، بۇ يۇرتتا نېمىمىز بارتى، سىلىدەك جان - جىگىرىمىز بار دېسەم، كۆمازدىكى قېتىقتەك ئۇيۇپلا كەتتىڭلىغۇ؟ — نىياز قوشقارنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا قىلغان چاقچىقى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. قالغانلىرى بولسا پاراققىدە كۈلۈشمەكتە ئىدى. سەمەت ھاجى ئالاق - جالاق بولغاندەك بىر تىنىۋېلىپراق:

— ياق - ياق، ئاغىنە، سىلىنى چېڭقىلىپ تۇۋلاپ تېخىمۇ كۆپسە قانچىلىك گۆش چىقاركىن دەپ پىچىقىمنى بىلەپ ئولتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى ھەم ئۇنىڭ چاقچىقىغا جاۋاب قايتۇرغانلىقىدىن شادلانغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

— ئۆزۈم قوشقار بولغان بىلەن پاتىڭىم ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭكىدىن قاتتىق جۇمۇ، كېسىمەن دەپ پىچىقىڭلا-

نىڭ بىسى قايرىلىپ كەتمىسۇن، ئاداش، — دېدى نىياز قوشقار ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا.

يەنە كۇلكە كۆتۈرۈلدى.

سەمەت ھاجى يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك بىر ئۆڭۈپ، چىرايىغا دەرھاللا كۇلكە يۈگۈرتتى، كۆڭلىدە بولسا ئۆز ھەمراھلىرىنى: «ئاناڭنى، ھارام تاماقلار، يېيىشنى، ئىچىشنىلا بىلىشىسەن، ھەرقايسىڭنى ئۇنىڭ گېپىگە كۇلۇشۇپ بەرسۇن دەپ چاقىرغانمىدىم. بىر ياقا يۇرتلۇقنىڭ پوردىقىنى كۆتۈرگۈچە ئۆلۈۋېلىشساڭچۇ، تۇزكورلار!» دەپ تىللىدى ھەم ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى چاندۇرمىغاندەك گېلىنى قىرىپ، شالاققىدە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ:

— ھە، نىياز ئاغىنە، گەپ قىلىڭلا دېسىغۇ ھاپ بىلەن قاپنى سوقىدىكەنسىلە، ھاراقنىمۇ كور كىرىتىپ تازا ئىچىدىكەن-سىلە، قېنى ئەمدى بىر تارتىشىپ باقمايلىمۇ، يارامسىلەنكىن، — دېدى قەددىنى رۇسلاپ، ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ.

— «مەست جىلە بولسا دەسمال يەيدۇ، بەڭگى جىلە بولسا ناسىۋال» دەپتىكەن، ئاداش، بەڭگىلىكىڭلا تۇتقان بولسا، تارتىشساق تارتىشتۇق، — دېدى نىياز قوشقارمۇ بېشىنى سىلىغى-نىچە مىيىقىدا كۇلۇپ.

غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىقتىن مېڭىسى ئۆرتىنىپ كەتكەن سەمەت ھاجى ئۇنىڭ گېپىگە لايىق بىرەر ئېغىز سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدى. پەقەت: «قېنى كۆرىمىزغۇ» دېگەندەك، سورۇندىكىلەرگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ھوي، ئايىمخان، چىلىمنى ئەپچىقىڭلا، خوتۇن! — دەپ ۋارقىرىدى.

مانا ئەمدى سورۇننىڭ پەدىسى ئۆزگىرىپ چېكىشۋازلىق باشلاندى. بىر ھازا سۇلھى - سالا قىلىشقاندىن كېيىن، ئالدى

بىلەن سەمەت ھاجى، ئاندىن نىياز قوشقار نۆۋەت بىلەن تارتىشىپ بەسلەشتى. چىلىم ھەربىر شورالغاندا « خور ـ خور » قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ئۆينىڭ ئىچمۇ بىر پەستىلا كۆكۈش ئىس بىلەن لىق تولدى. « نوچىلىق تالىشىش » خېلى ئۇزاق داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۆي پىرقىراشقا باشلىدى. نىياز قوشقارمۇ تامغا يۆلەنگىنىچە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. سەمەت ھاجى بولسا بېشىنى بىر سىلكىپ، قىزارغان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھاۋاغا دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك سىرتقا ماڭدى. قالغانلىرىنىڭ قولى تەڭلا چىلىمغا سوزۇلۇپ ۋارقىراشلار، تىللىشىشلار ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى...

ئايدىڭ كېچە، يۇلتۇزلار ئويچانلىق بىلەن جىمىرلايتتى. تولۇن ئاي غەمكىن ھالدا بۇلۇتلار ئارىسىغا شۇڭغۇيتتى. سەمەت ھاجى ھويلىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى قوي بورداپدىغان قوتاننىڭ يېنىدا ئەۋرەتلىرى ئوچۇق ھالدا ئۆز تەرىتى ئۈستىدە ئۈيقۇغا كەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى: « مانا، ئۇ ئۆتكۈر قاسساپلىق پىچىقىنى ئوينىتىپ، بىردەمدىلا نەچچە ئون قوينى سويۇۋەتتى. ئەتراپىدا قاراپ تۇرغانلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ـ بارىكاللىلار ئېيتىشتى. سەمەت ھاجى ئۇلارغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ، لەۋلىرىنى يالىدى ـ دە، قانتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ھەم يوغان داستا داۋالغۇپ تۇرغان قاننى شالاپشىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. شۇ ھامان سېسىق بىر پۇراقتىن كۆڭلى ئېلىشىپ، بېشى قېيىپ قان ئىچىگىلا گۈپپىدە يىقىلدى. » ئۇ چۆچۈگىنىچە كۆزىنى ئاچتى. بېشى « لوق ـ لوق » ئاغرىيتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قوي سويۇۋېتىپ قانداقلارچە بۇ يەردە يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. توساتتىن تېخى ھېلىلا بىر دەريادىن ئۆتەلمەي قىينالغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، سەگەكلەشتى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى يېنىغا قارىدى. ئاي نۇرى

ئۇنىڭ بۇلغانغان كىيىملىرىنى ۋە يەرگە تېخى سىڭىپ بولمىغان
سۈيدۈكىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ، نومۇس كۆچىدە چاچراپ
ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدىيۇ، نېمشقىدۇر قەدىمىنى
ئالالماي سەنتۈرۈلگىنىچە قوتاننىڭ شادىسىغا يۆلىنىپ قالدى.
«قاراس - قۇرۇس» قىلغان ئاۋاز بىلەن قوتاندىكى قويلار پە-
تىراپ، مەرەشكە باشلىدى. ئۇ، بىردىنلا هاياجانلىنىپ،
روهلاندى - دە، پەسكە سىيرىلىپ قالغان ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ،
بېغىنى چىڭ ئەتتى. هېلىراقتا سويۇۋەتكەن قويلىرى ئېسىگە
كېلىش بىلەن قانلىرى قىزىپ، قوللىرى قىچىشقا باشلىدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ئەتراپىدىكى هەممە نەرسە قويدەك
كۆرۈنۈپ، مېڭە - قۇلاقلىرىنى قوچۇۋاتقان ئاللىقانداق «غۇڭ -
غۇڭ» ئاۋاز بارا - بارا قوينىڭ مەرىشىگە ئايلاندى، هەتتا
ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، مەرەۋاتقان قوي -
ئۆچكىلەرنىڭ كۆزىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. توساتتىن ئۆي
ئىچىدىنمۇ مەرىگەن ئاۋاز كەلگەندەك بولدى. ئۇ، بېشىنى بىر
سىلكىۋېتىپ، يېنىدىن دائىم ئايرىمايدىغان ئۇستىرىدەك ئىتتىك
قاسساپلىق پىچىقىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئالدى هەم نېمىلەرنىدۇر
دەپ غودۇڭشىغىنىچە ئۆي تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا ئايىمخان
تۈن تەڭ بولغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئاشخانا
ئۆيدە پولۇ دۈملەۋاتاتتى. كىچىككىنە سالىم ئىچكىرىدىكى هوج-
رىدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. مېهمانخانىنى بۇلۇتتەك
قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلىغان بولۇپ، هاراقنىڭ قاڭسىق بۇسى
بىلەن كەندىر پۇرىقى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. قىرغىز
شىردىقى سېلىنغان سۇپىنىڭ ئۈستىدە كاللەك - كاللەك بولۇپ
يېتىشقان ئۈچ - تۆت گەۋدە بەس - بەستە خورەككە چۈشكەن
ئىدى. پەقەت ۋىجىكرەك كەلگەن هېلىقى تەمبۇرچىلا ئۆزىچە بىر
نېمىلەرنى دەپ كۈلۈپ، يېنىدا ياتقان بىرسىنى قۇچاقلىغىنىچە

سۆيۈۋاتاتتى. تۇساتتىن بىر قول ئۇنىڭ چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە كەينىگە قايرىدى. ئۇ، نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئۆتكۈر خەنجەر كېكىردىكىگە سۈرۈلۈپ، قانلار فونتان- دەك ئېتىلدى، ئارقىدىنلا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان نىياز قوشقار، ئاندىن قالغانلىرىمۇ بىر - بىرلەپ بوغۇزلاندى. ئېقىۋات- قان قاننىڭ شىرىلداشلىرى بىلەن «خارت - خۇرت، شالاپ - شۇلۇپ» قىلغان ئاۋازلار بىر پەس ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۆي ئىچىنى ئېغىر تىمتاسلىق قاپلىدى. سەمەت ھاجى خەنجىرىدىكى قاننى ھۇزۇر بىلەن سۈرتۈپ كۈلدى. شۇ ئەسنادا ئايىمخان مېھ- مانلارنىڭ قولىغا سۇ بەرگىلى كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. قو- لىدىكى ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچا «تاراڭگىدە» يەرگە چۈشۈپ، ئۆزىمۇ چىرقىرىغىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. سەمەت ھا- جىنىڭ قۇلىقىغا ئەمدى ئۆچكىنىڭ ئاچچىق مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ: «ۋاھ، ئۆچكىدىن بىرسى بار كەن تېخى» دەپ ئويلىدى ھەم سۇپىدىن ئاستا چۈشۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. پىچاق بوغۇزىغا تەگكەندە ئايىمخان قاتتىق بىر سىلكىنىپ ئىڭرىدى ھەم بىر پەس تىپىرلاپ جىمىپ قالدى. ئۆينىڭ ئىچى بەئەينى بىر قۇشخانىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. تېخى ئۇيۇپ بولمىغان، سۇپىغا، تاپىنىغا يېپىلغان قان لۆمشىپ تۇراتتى، سەمەت ھاجى نېمىشقىدۇر كۈلەتتى. تېخى خۇماردىن چىقىپ بولمىغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى. نەدىندۇر كېلىۋاتقان، ئەيناۋۇر، يەردىن، ئاسماندىن ھەم ئۆزىنىڭ ئىچى- دىن چىقىۋاتقاندەك قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ، ئۇنى تېخىمۇ تەقەززا قىلاتتى. ئۇ، ئۆي ئىچىنى كۆزد- ىتىپ، بىر ئايلانغاندىن كېيىن غايىبتىن بىرسى يېتىلەۋاتقاندەك بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى ...

سۇبھى مەھەل، مەشرىق ئاسمىنى قىزغۇچ رەڭگە كىر-گەن، تۇرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس - تۈتەكلەر پەسكە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ساڭگىلاپ تۇرغان كۈل رەڭ بۇلۇت پار-چىلىرىغا تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى. تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ بىلەن ئورالغان بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈچەيدەك تار ھەم ئۇزۇن يولىدا بامدات نامىزىدىن يانغان كىشىلەر ئۈچ - تۆتتىن بولۇشۇپ كېلىۋاتاتتى. ئالدىدىراق ماڭغان بىرسى توساتتىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ھوي، جامائەت، قاراڭلار، بىرسى ئۆلۈپتۇ!

كىشىلەر يولنىڭ چېتىدىكى ئازگالدا ئۇستىۋاشلىرى قىپ-قىزىل قان بىلەن بويىلىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىرسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان قاسساپلىق پىچىقىمۇ بار ئىدى. ھاڭ - تاڭ قالغان جامائەت ئالاق - جالاق بولغان ھالدا بىر - بىرىگە قاراشتى. ئارقىدىنلا ھەر خىل پەرەز - گۇمانلار يېغىشقا باشلىدى:

— پەرۋەردىگار، قايسى ئىمانسىز قارا كۆڭۈلنىڭ قىلغان ئىشىدۇ بۇ؟

— خۇدادىن قورقمىغانمىدۇ ئۇ قاتىل؟

— ھوي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندەكمۇ قىلامدۇ نېمە؟ پىچاقمۇ بار ئىكەن تېخى!

— ئەلھەمدۇلىللا، توۋا دەيلى، مۇسۇلمانلار.

— توۋا دەيلى.

— جامائەت، قاراپ تۇرۇۋەرمەيلى، ئامانلىق ساقچىلىرىغا مەلۇم قىلايلى.

— شۇنداق قىلايلى.

توپ ئىچىدىن بىر يىگىت ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى،

قورقۇمسىزراق يەنە بىرسى ھېلىقى « جەسەت » نىڭ بۇرنى ۋە كۆكسىگە قولىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ :

— تىرىككەن ، ئۆلمەپتۇ ، تىنىۋاتىدۇ ! — دەپ چۇقان سالدى ۋە بەلۋېغىنى يېشىپ يول بويىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۇغا چىلىدى ھەم چاققانلىق بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى پاتلىشىپ ئۇيۇپ قالغان قاننى سۈرتۈشكە باشلىدى . ئارقىدىنلا : « ھوي ، بۇ سەمەت ھاجىكەنغۇ !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . قالغان جامائەتمۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىشكىنىچە بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى .

مۇزدەك سوغۇق سۇنىڭ سەگىتىشى بىلەن سەمەت ھاجى ئەندىككەن ھالدا ئويغاندى . ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ ، كۆزلىرى قۇم تىققاندەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى . كاللىسى گاراڭلىشىپ ، يەر - جاھان پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

— ساقال تىزغا يەتكەندە نېمە ئىش بولۇپ كەتتى بۇ ؟ — دېدى مويسىپىتتىن بىرى بېشىنى چايقاپ .

— ئى بارا ، توۋا قىلدىم خۇدايىم ! — دېيىشتى جامائەت .

سەمەت ھاجى بىر ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان جامائەتكە ، بىر قان بىلەن بۇلغانغان ئۇستۈېشىغا قارىغىنىچە ئىختىيارسىز خۇدۇكسىرىدى . يەلكىسىنى تاغ بېسىۋالغاندەك ، يۈرەكلىرى سىقىلىپ ، قورقۇنچ ئىچىدە تىترىدى :

— ئا ... ئاخشام ، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ ، — بى ... بىر-نەچچە قوينى سويغاندەك قىلىۋىدىم ، قانداقلارچە ... — ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ، كاللىسىنى قاتتىق بىر سىلكىپ ، ھەيرانلىق بى-لەن ئەتراپىغا قارىدى . ئاندىن قان يۇقى پىچىقنى غىلىپىغا سېلىپ ، چۈشىنىكسىز ھىجايغىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭ-شىپ ، دەلدەڭشىگەن ھالدا ئۆي تەرەپكە ماڭدى .

ئۆي ئىچىدە ئاخشامقى دەھشەتلىك مەنزىرە — نىياز

قوشقارنىڭ چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالغان كۆزى، ئۇيۇپ قالغان قانلار ... تاپىسىدا كىچىككىنە سالىم ئانىسىنىڭ جەسىتى يېنىدا قىرقىراپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. سەمەت ھاجى ئىشىكتىن كىرىپلا بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركىنىپ كەتتى. پۇتلىرى تىترەپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، لەسسىدە تىزلى-نىپ قالدى ھەم بېشىنى قامالاپ تۇتقىنىچە نالە قىلدى: «ئاھ خۇدا، نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟ بەندەڭنى شۇنداقمۇ كولدۇرلىتامسەن؟ ھەممىسى مېنىڭ جان - جىگەرلىرىمتىغۇ؟ ئاھ، مەن زادى نېمە قىلىپ قويدۇم - ھە؟» ئۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ، يەرگە ئۈسسۈگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلايتتى. دادىسىنىڭ بۇ بەتبەشرە ھالىتىدىن قورقۇپ كەتكەن سالىم چىرقىرىغىنىچە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. سەمەت ھاجىنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ، جۆيلۈۋاتقاندەك تووۋلاشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم، ئوغلۇم، مېنىڭ ئوغلۇم! ...

شۇ ئەسنادا بىرنەچچە ئامانلىق ساقچىسى كىرىپ كەلدى ھەم نەق مەيداننى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، سەمەت ھاجىنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى.

* * *

سالىمنىڭ قېتىپ قالغان كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ پەقەت تاماكا بارماقلىرىنى كۆي-دۈرگەندىلا ئېسىگە كەلگەندەك ئۈلۈغ - كىچىك تىنىدى ھەم قايتىدىن موخۇركا ئوراپ ئاچچىق - ئاچچىق شوراشقا باش-لىدى ...

پاجىئە يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي سەمەت ھاجى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ مىلتىق بىلەن ئېتىلدى. تىكەندەك يالغۇز قالغان كىچىككىنە سالىمنى تاغىسى ئەمەت ھاجى ئۆز

ئۆيـگە ئەكىلىۋالدى . دەسلىپىدە بىرەر يېرىم يىلدەك ئانا ـ ئانىـ سـىنىڭ يوقلۇقى بىلىنمەي ئۆتتى . بارا ـ بارا « تېرىق تۇلۇمدا، يېـتىم بۇلۇڭدا » دېگەندەكلا بولۇشقا باشلىدى . تاغىسى ئانچە ـ مۇنـچە كـۆيۈنگەندەك قىلسىمۇ، هاممىسىنىڭ ئۆگەيلىكى قاتتىق ئايـال ئىـدى . نـەۋرە ئاكا ـ ئىنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى :

— نـەدە بـىكـارغـا ئاش ـ نـان بـاركـەن، ماڭ، قوي ـ كـالـىلارغـا هەلەپ بەر، يېتىم ئوغلاق ! — دەپ ۋارقىرايتتى نەۋرە ئاكىسى .

— هوي سـالـىم، يـاغـاچ قۇلاق، بوله ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئېلىپ ئوت ياق ! — دەپ چالۋاقايتتى هاممىسى .

ئىشقىلىپ، ئۆيدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ هەمـمـىسى كـىچىككىنە سالىمنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قالغان ئىـدى . گـاهـىـدا ئۇنـى بىرنەچچىسى تەڭلا ئىشقا بۇيرۇيتتى . ئۇ، قـايـسىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغاندا تـەرەپ ـ تـەرەپـتـىن تىل ـ ئاهانەت ياغاتتى، ئەگەر « غىڭ » لا قـىـلـىپ قـويـسا تـايـاق يـەيـدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . ئۇ، ئاخىر چـىـدىيالمىدى . بىر كۈنى هاممىسىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېـچـىـپ چـىـقـتـى هەم ئۆز ئۆيـىـنـىـڭ دەرۋازىـسـى ئـالـدىـغـا كـېـلـىـپ : « دادا، ئانـا » دەپ يـىـغلاشقا باشلىدى . بىر چاغدا ناتونۇش بىر ئادەم ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ :

— بالام، كىمنى ئىزدەيسەن ؟ — دەپ سورىدى .

سـالىم گەپ ـ سۆز قىلماستىن يىغلاۋەردى . هېلىقى ئادەم بولسا ئىچ ئاغرىتقاندەك :

— ئېـزىـپ قـاپـسەن ـ دە، بىچارە بالا، داداڭنىڭ ئىسمى نېمىتى ؟ — دېدى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— سەمەت هاجى، — دەپ جاۋاب بەردى سالىم ئېسەدىگەن ھالدا.

ھېلىقى ئادەم چۆچۈگەندەك ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، بېشىنى چايقىغىنىچە كىرىپ كەتتى، كىچىككىنە سالىم ئۆز ئۆيىنىڭ تاغىسى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە كۈن ئۇ يەر - بۇ يەردە دوقۇرۇپ يۈردى. ھېچكىممۇ ئۇنى ئىزدەپ كەلمىدى. ئاخىر ئاچلىق ۋە سوغۇق ئازابىغا چىدىيالماي، ئانىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا دائىم باردى - كەلدى قىلىشىدىغان بىر دوستىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قالدى. بۇ ئايالمۇ خۇددى ئانىسىغا ئوخشاش كۆڭلى يۇمشاق، مېھرى ئىسسىق چوكان ئىدى. سالىم ئۇنى كۆرۈپلا چوڭ ئادەملەردەك ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ چوكانمۇ سالىمنى باغرىغا بېسىپ: «ئاتا - ئاناڭدىن ئايرىلىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭمۇ، جېنىم بالام؟» دەپ كۆز يېشى قىلدى ھەم غىزالاندۇرۇپ، ئۈستىۋېشىنى يۇيۇپ - تاراپ، بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— سەمەت ھاجى دېگەن ئىمانسىز زېمىنىڭلىنى سېتىپ يوق قىلدى، ئەمدى بۇ يەرگە سىغمىقىڭ تەس، ئوغلۇم، رەھمەتلىك ئاناڭنىڭ سۇرگۈن دېگەن يەردە بىر تۇغقىنى بولىدىغان، ئىسمى نېمىتى خۇدايىم، ھە توغرا، نۇراخۇن، شۇ يەرگە بار، بالام، خۇدا رىزقىڭنى بېرەر، — دېدى ھەم سالىمنىڭ قولىغا ئازراق پۇل، ئوزۇق - تۈلۈكنى تۇتقۇزۇپ، سۇرگۈندىن كەلگەن بازارچىلاردىن بىرسىنىڭ ھارۋىسىغا سېلىپ قويىدى.

سۇرگۈن — ماياقلىق يېزىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان كەنت بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئالاھازەل 80 — 90 چاقىرىمچە كېلەتتى. شىمال تەرىپىدە قىش - ياز ئاق قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان

تەڭرىتاغلىرى يېقىنلا يەردىكىدەك كۆرۈنەتتى، تاغ بىلەن كەنتنىڭ ئارىلىقىدا بىپايان سايلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىدىغان چوڭ بىر دەريا كەنتنى يايسىمان يۆگەپ، بارا - بارا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلاتتى. سالىم چىقىۋالغان ھارۋا كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ كەنتكە يېتىپ كەلدى.

نۇراخۇننىڭ ئۆيى كەنتنىڭ دوقمۇشىدىن جەنۇب تەرەپكە قېيىپ بىرەر چاقىرىم ماڭسىلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان ئېتىزلىقنىڭ بويىدا بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە تۈپ ئۆرۈك دەرىخى بار ئىدى. سوقما قىلىپ سېلىنغان تامنىڭ ئالدىدا شاخ - شۇمبىلاردىن ياسالغان بىر چەللە، ئۇنىڭ ئاستىدا ياز كۈنلىرى ئىشلىتىلىدىغان ئوچاق ھەم سۇپا بار ئىدى. ھارۋىكەش بوۋاي سالىمنى نۇراخۇننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەتتى. دەسلىپىدە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان نۇراخۇن ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئېچىلىپ كۈلۈپ:

— كېلىپ ئوبدان قىلىپسەن، بالام، — دېدى.

كىچىككىنە سالىم بولسا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە ئۆي ئىچىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغان ئىدى. ئۆينىڭ تورۇسلىرى كىرسىن چىراغنىڭ ئىسى بىلەن قارىداپ كەتكەن، كېسەكتىن ياسالغان سۇپىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدە بىر ئوچاق بار ئىدى. تاپسا تەرەپتىكى تامغا قاچا - قۇچا قويغۇدەك ئويۇق ئويۇلغاندىن باشقا، ھېچقايسى تامغا دېرىزە قويۇلمىغان ئىدى. پەقەت ئۆگزىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن بىر تۈڭلۈك ئېچىلغان ئىدى. ئۆي ئىچى ئاددىي بولسىمۇ، پۇرۇچلاردىن قۇرالغان ئالىچىپار زەدىۋال، رەتلىك تىزىلغان يوتقان - كۆرپىلەر بىلەن خېلى ئازادە كۆرۈنەتتى.

— شەھەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاشمامدىكەن، يىگىت، — دەپ كۈلۈپ كەتتى نۇراخۇننىڭ ئايالى.

ئۇ، چىرايلىق ھەم ئوچۇق چوكان ئىدى. نۇراخۇندىن

خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى. نۇراخۇنمۇ كۈلدى. ئۇ، 35 لەردىن ھالقىغان بۇغداي ئۆڭلۈك، توم بۇرۇت قويۇۋالغان ئادەم ئىدى. بوي - تۇرقى سەل دىقماق بولسىمۇ، كۈچتۈڭگۈرلۈكى، چاققانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى «نۇر پالۋان» دەپ ئاتىشاتتى. كىچىكىدىنلا دادىسىغا ئەگىشىپ تاغ - جىرالارنى كېزىپ ئوۋچىلىق قىلىپ، ئۆزىمۇ يېتىلگەن بىر ئوۋچى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆيىدە قارا مىلتىق، قاپقان، تور قاتارلىق ئوۋ قوراللىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. تومۇز ئايلىرى كېلىش بىلەن ئېتىنى توقۇپ، قارچىغىسىنى قولىغا قوندۇرۇپ، بىرنەچچە ھەمراھلىرى بىلەن «ساياھەت قىلىمىز» دەپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. 10 — 15 كۈندىن كېيىن خۇرجۇنلىرىنى كېيىك، ئۇلا، قىرغاۋۇل گۆشلىرى بىلەن تولدۇرۇپ قايتىپ كېلىشەتتى. ئامىتى كېلىپ تورغا قارچىغا، ئىتالغۇ دېگەندەك قۇشلار چۈشۈپ قالسا بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. ئۇ، سالىمنىڭ ئانىسى بىلەن نەۋرە كېلىدىغان بولسىمۇ، ئىزدەشمىگىلى ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتكەن ئىدى. بازارغا بېرىپ قالسىمۇ، سەمەت ھاجىنىڭ ئوقۇرى ئېگىز دەپ ئۆيلىمىدىكىن، كىرمەيلا قايتىپ كېلەتتى. سالىممۇ ئۇنى بىر قېتىملا كۆرگەن بولۇپ، چۈشىدىكىدەك ئەسلەپ بېرەلەيتتى. ئۇ، تولىمۇ جىمغۇر، ئويچان بولۇپ، كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزىنى بەختسىز دەپ قارىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇ دەسلەپتە ئىككى قېتىم ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان بولسىمۇ پەرزەنت كۆرمىگەن، ئىككىلا ئايالىنى تۇغماس دەپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قويۇۋەتكەن ئىدى. كىم بىلسۇن؟ ھېلىقى ئاياللار باشقا ئەرگە تەگكەندىن كېيىن تۇغقان، بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە سۆز - چۆچەكلەر بولۇپ، نۇراخۇننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ،

ئۇۋچىلىق بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك ھەپىلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق، ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكىلى بولمايدۇ ـ دە! ئۇ-نىڭ تازا كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تەڭرىنىڭ رەھمى كەلدىمۇ، ھازىرقى ئايالى ئالتۇنخان بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇ ئايالمۇ ئىككى قېتىم توي قىلغان بولسىمۇ، ئەرلىرى تۇغماس دەپ قويۇۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى تۇغماسنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ قېلىپ، ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشاۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولغان ئىدى. كۆ-ڭۈللىرىدە بولسا، ئېيىنىراق كەلتۈرۈپ بىرەر بالا بېقىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرۈشەتتى. سالىمدەك چوپچوڭلا بولۇپ قالغان بىر چىرايلىق ئوغۇلنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىدا پەيدا بولۇشى ئۇلارنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئالتۇنخان ئورنىدا ئولتۇرالماي سالىم ئۇچۇنلا تاماققا تۇتۇندى، ھاياجانلىنىپ كەتكەن نۇراخۇن بولسا: «بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى ‹نۇر ئاتا، ئالتۇنخان ئانا› دەپ چاقىرغىن» دېدى سالىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

شۇنىڭ بىلەن سالىم ئۇلارغا بالا بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بىر مەزگىلگىچە ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاۋات بازار، ئىلگىرىكى قوۋناق تۇرمۇشى كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنۈپ، ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا يامىشىپ ئۇمچىيىپ يۈردى. بىراق، نۇراخۇن بىلەن ئالتۇنخاننىڭ خۇشخۇي مۇئامىلىسى، بولۇپمۇ كۈندۈزلىرى ۋەللەي، قاچما توپ قاتارلىق ھەرخىل ئويۇنلار بىلەن چۈقان ـ سۈرەن سېلىشسا، كەچ كىرىشى بىلەن:

ئاق تاش، كۆك تاش،

... ... ...

دەپ ۋارقىراشقىنىچە يىغلىپ مۆكىمۆكىلەك ئوينىشىپ، سەھرا-

نىڭ جىمجىت كېچىلىرىنى جانلاندۇرۇۋېتىدىغان دېھقان باللىرىنىڭ توپىغا قوشۇلۇشى بىلەن بارا ـ بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتى. كېيىنكى يىلى نۇر دادىسى ئۇنى كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مۇئەللىمىنىڭ شەھەردىن كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان بۇ پاكىز، چىرايلىق بالىغا ئامراقلىقى كېلىپ قالدى بولغاي، سىنىپ باشلىقى قىلىپ قويدى. ئۇ، سىنىپتىكى باللارنىڭ كىچىكى بولسىمۇ، گەپتان ھەم ئوماق ئىدى، خەتنىمۇ ھەممىدىن چىرايلىق يازاتتى.

بىر كۈنى ئۇ چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولۇپلا مەكتەپكە ماڭدى. ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، داڭ ئۇرۇلىدىغانغا بىرەر سائەتتەك ۋاقىت بار ئىدى، ئۇ، كەنتنىڭ دوقمۇشىدىكى كونا كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەللىسىنى تاش ئۈستىگە قويدى ھەم يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، پۇتىنى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ راھەتلىنىپ ئولتۇردى. توساتتىن بىر قول ئۇنىڭ كۆزىنى ئەتتى. سالىم بىرنەچچە ساۋاقدىشىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغان بولسىمۇ قويۇۋەتمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ چىڭ سىقىشقا باشلىدى. ئاغرىققا چىدىيالماي قالغان سالىم تازا بىر چىمدىۋىدى قويۇپ بەردى. ئۇ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپلا غەزەپ بىلەن ھومايدى. ئالدىدا توقاچ ئىسىملىك ساۋاقدىشى تۇراتتى.

— ئەجەبمۇ قاتتىق چىمدىدىڭا، سالىمجان؟ — دېدى توقاچ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ئۇ ئېگىز، ئورۇق كەلگەن بالا بولۇپ، چېكىسىدىن گەدىنىگىچە قوماق بېسىپ كەتكەن ئىدى. باللار ئۇنى توقاچ تاز دەپ تېرىكتۈرەتتى. سالىمدىن ئۈچ ـ تۆت ياش چوڭ بولغىنىغا قارىماي، ئېلىپبەنىمۇ تۈزۈكرەك ئۆگىنىپ بولالمىغان ئىدى. ھەركۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپنىڭ كىچىككىنە مەيدانىدا باللار قاتار ئولتۇرۇشۇپ، بارمىقى بىلەن يەرگە ھەربىر ھەرپنى 10 قېتىمدىن يېزىپ مەشق قىلغاندىمۇ، ئۇ

ھەممىنىڭ كەينىدە قالاتتى. دەرس ۋە مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىدىمۇ پەقەت جىم ئولتۇرالماي، بىردەم يېنىدىكى ساۋاقدىشى بىلەن بېقىندىشىپ ئۇرۇشسا، بىردەم ئالدىدا ئولتۇرغان قىز ساۋاقدىشىنىڭ چېچىنى تارتىپ ئىنتىزامنى بۇزاتتى. سىنىپ باشلىقى سالىمغىمۇ تازا بويسۇنمايتتى، بىر كۈنى ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالدى. توقاچ تاز چوڭ بولغاچقا سالىمنى بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى، سالىم يىغلىغىنىچە مۇئەللىمگە چىقىۋىدى، توقاچنى ساق بىر سائەت تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قۇلىقىنى سوزۇپ تۇرۇپ:

— ھوي، گەپ ئاڭلىمايدىغان ياغاچ قۇلاق تاز، داداڭ تۇراق كاسكىغا ئوخشاش لەلەڭلەپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپ بولاي دەمسەن؟ تۆگىدەك بويۇڭ بىلەن نومۇس قىلمامسەن؟ يەنە ياخشى ئوقۇماي ئىنتىزامنى بۇزىدىغان بولساڭ، ئېتىزغا بېرىپ كەتمەن چاپ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دەپ تازا سوتلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سالىمدىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. سالىممۇ خۇشال بولۇپ، كىم بويسۇنمىسا چاقىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى. بۈگۈن ئۇنىڭ توساتتىن قىلغان قوپال چاقچىقى سالىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى «سالىمجان» دەپ ئاتىغانلىقىدىن سۆيۈندى. شۇڭا، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن:

— سەنمۇ كۆزۈمنى بەك ئاغرىتىۋەتتىڭ، — دېدى سۈس كۈلۈمسىرەپ.

— ئانچىكىم ئويىنىشىپ قويغان ئىدىم، — دېدى توقاچ تاز، — قارا، بۇنى ساڭا بېرەي، ئوينامسەن؟ — ئۇ يانچۇقىدىن سېرىق رېزىنكىدە چىرايلىق ياسالغان رەگەتكىنى چىقاردى.

سالىمنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر رەگەتكىسى بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى.

— راستتىنلا ماڭا بېرەمسەن ؟ — دېدى سالىم ئىشەنمىگەندەك .

— ساڭا بېرىمەن دەپ ئەكەلگەن شۇ ، بىز دوست بولۇپ قالايلى ، — دېدى توقاچ تاز ھىجىيىپ .

— بولىدۇ ، دوست بولۇپ قالايلى ، — دېدى سالىمۇ كۈلۈپ ، — ئەكەل قولۇڭنى مۆلدۈشەيلى !

ئۇلار چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۇچىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ ، ھۆلدىگەندىن كېيىن بىر - بىرىگە ئۆتكۈزۈپ مۆلدەشتى :

— ئەنە ئاق تاغ .

— ئەنە قارا تاغ .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى . توقاچ تاز تولىمۇ بەڭۋاش ئىدى ، دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا سالىمنى ئەگەشتۈرۈپ ، گاھ ئېگىز دەرەخلەرگە مايمۇندەك يامىشىپ چىقىپ قۇش باللىرىنى تۇتسا ، گاھىدا كونا تاملاردىكى تۆشۈكلەردىن قۇش تۇخۇملىرىنى ئېلىپ سوقۇشتۇرۇپ ئوينايتتى ياكى بولمىسا يانچۇقلىرىنى ئۇچكىدەك تاشلار بىلەن تولدۇرۇپ ، دەرەخمۇ دەرەخ قوغلاپ رەگەتكە بىلەن قۇشلارنى سوقاتتى ، كېچىلىرى تۈن تەگگىچە قوغلىشىپ مۆكۈمۆكىلەڭ ئوينايتتى . باشقا باللارمۇ ئۇلار نېمە قىلىمىز دېسە تەڭ ئەگىشەتتى . بىر ئايدىڭ ئاخشىمى ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە قىقاس - سۈرەن سېلىشىپ ، قوغلىشىپ ئوينىدى . بىر چاغلاردا ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان سالىم بىلەن توقاچ تاز كەنتنىڭ دوقمۇشىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ دۈم يېتىپ سۇنى تازا ئىچىشتى ، ئاندىن « ئۇھ » دېيىشكىنىچە قاشتا ئولتۇردى . توقاچ تاز قىچىشۋاتقان گەجگىسىنى « كارت - كۇرت » قىلىپ بىرنەچچىنى تاتىلىۋەتكەندىن كېيىن ، يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ يىرتتى ھەم يانچۇقىنى

ئۆرۈپ قېقىپ، قوناق نېنىنىڭ ئۇۋىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بىر ئورام تاماكىنى قويۇپ تۇرۇپ:

— سەن تاماكا چېكىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى سالىمغا قاراپ مەغرۇرلانغاندەك.

— سەنچۇ؟ — دېدى سالىمۇ ئەجەبلىنىپ.

— دادامنىڭ ئىشى بولمامدۇ، — دېدى توقاچ تاز تەلەپ-پۇزىنى دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ئۇ دائىم تازا ھارغاندا ئاچچىق - ئاچچىق ئىككى شورىۋالسا ئادەم يەڭگىللەپ قالىدۇ دەيدۇ. ئۆزىغۇ چوڭنى چېكىدۇ. تازا مەست بولغاندا مېنى يۆگىگىلى سالىدۇ، ئاندىن «چېكە، گۇي، مەيدى-سىنىڭ كۆچى بار ئوغۇل بالا چېكىدىغان نەرسە بۇ» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ چەككۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

— چوڭى دېگەن نېمە ئۇ؟ — دېدى سالىم كۆزىنى چەم-مىرلىتىپ.

— نەشە، كەندىردە ياسايدۇ، تازا چېكىپ مەست بولىدىغان بولساڭ ئېشەك سۈيدۈكىمۇ دەريا كۆرۈنىدۇ، — دېدى توقاچ تاز تېخىمۇ ئەدەپ چۈشەندۈرۈپ.

سالىمنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا دادىسى كېلىپ قالدى، ئۇمۇ دائىم ئۆينى ئەركىلىتىپ، يۈزىگە ئىس پۈركۈيتتى. سالىم شۇ تۇغرۇلۇق سۆزلىمەكچى بولدىيۇ، بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك لام - جىم دېيەلمەي توختاپ قالدى ھەم توقاچ تاز سۇنغان تاماكىنى تازا بىر شوراپ ئىچىگە تارتىۋىدى، قېقىلىپ يۆتىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى.

سالىمنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئاسمىنى كەڭرى سەھرادا ئەنە شۇنداق غەمسىز ئۆتمەكتە ئىدى. نۇر دادىسىمۇ ئۇنىڭغا قە-ۋەتلا ئامراق ئىدى. ئالتۇنخان ئانىسى بەزىدە چالۋاقاپ قويغان بىلەن، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالاتتى. ئارىلىقتا ئىككى يىل

ئۆتكەندىن كېيىن كۆتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ تازا ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، شىمال تەرەپتىن سۈرۈلۈپ كەلگەن قاپقارا بۇلۇتلار سۇرگۈن ئاسمىنىدا توختاپ، ئاۋۋال يامغۇر، ئاندىن مۆلدۈر ئارىلاش قار يېغىشقا باشلىدى. ئىككى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان بۇ ئاپەت يوپۇرماقلىرى ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان دەل - دەرەخلەرنى، تېخى يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن قوناق شادىلىرىنى يەكسان قىلىۋەتتى. بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، نۇرغۇنلىغان چارۋىچىلارغا تالاپەت يەتتى. بىراق، كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك ئەندىشىگە سالغىنى ساياھەت قىلىمىز دەپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكىلى ھەپتىدىن ئاشقان نۇراخۇن قاتارلىق بىرنەچچە كىشى ئىدى. ئاز كۆرۈلىدىغان بۇنداق جۇدۇندا تاغ ئىچىدە قېلىش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىش ئىدى. ئالتۇنخان بىلەن سالىمۇ ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇلار كۈن بويى تاغ يولىغا قاراپ، كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولدى. چىرايلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ، تۈگۈلۈپ قالغان نۇراخۇننىڭ «ئۇھ» دېگىنىچە قايتىپ كېلىشىنى خۇدادىن تىلەپ، ئوچاقتىكى ئوتنىمۇ ئۆچۈرۈشمىگەن ئىدى. بىراق، تاغدىن ھېچقانداق بىر خەۋەر كەلمىدى، پەقەت ھاۋا ئېچىلغاندىلا بىر گۇرۇپپا ئادەم ئۇلارنى ئىزدىگىلى تاغ ئىچىگە كىرىپ، ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئاللىقاچان توڭلاپ مۇزغا ئايلىنىپ قالغان بىرنەچچە جەسەتنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى. شۇ ھامان كەنتنى قىيا - چىيا، يىغا - زار قاپلىدى. بىراق، نېمە ئامال؟ كەلگۈلۈك كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار يىغلاپ - قاقشاپ، قازا قىلغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىگە قويدى. خېلى ئۇزاققىچە قارىلىق تۇتۇپ، يەتتە نەزىرنى، قىرىق نەزىرنى، ئاندىن يىل نەزىرنى بەردى. بارا - بارا ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئىزىغا چۈشتى. مانا ئەمدى ئالتۇنخان بىلەن سالىم يالغۇز قال-

غان ئىدى. بىراق، نېمىشقىكىن ئۇلار پېتىشالمايدىغان بولۇپ
قېلىشقان ئىدى. ئالتۇنخاننىڭ مىجەزى كۈندىن - كۈنگە قا-
تىراڭغۇلىشىپ، ئورۇنسىزلا ئاچچىقلىنىدىغان، ۋارقىرايدىغان
بولۇپ قالغان ئىدى. سالىمۇ 15 — 16 ياشلارغا كىرىپ قالغان،
بوي تارتىپ، يىگىتلىككە قاراپ يېتىلىۋاتاتتى. ئەمدى بىراۋنىڭ
ئۆزىنى تىللىشىنى، باشقۇرۇشىنى كۆتۈرەلمەيتتى. بىر كۈنى
ئۇلار ئورۇنسىزلا بىر ئىش سەۋەبىدىن ئۇرۇشۇپ قالدى.
ئالتۇنخاننىڭ تىل - ئاھانەتلىرىگە چىدىيالماي قالغان سالىم:
«سەن مېنىڭ ئانامنىڭ، بالىدىن بىرنى تۇغۇپ، چوڭ قىلىپ
شۇنى تىللا» دەپ گۆلەيدى. ئالتۇنخان تېخىمۇ چېچاڭشىپ:
«ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان يېتىم ئوغلاق، چىق ئۆيدىن،
كۆزۈمدىن يوقال» دەپ ۋارقىرىدى. سالىمۇ بوش كەلمەي: «بۇ
يالغۇز سېنىڭ ئۆيۈڭمىدى، سەن چىق» دېدى غەزەپلىنىپ.
شۇنىڭ بىلەن ئالتۇنخان قولىدىكى نوغۇچنى ئاتتى، سالىم چاق-
قانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇۋالغاچقا تەگمەي قالدى. ئۇ،
ئاچچىقتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا: « ئاتقان دېگەن ما-
ۋۇ » دەپ ياندۇرۇپ بىر ئېتىۋىدى، ئالتۇنخان ئوشۇقىنى
قۇشلىغىنىچە: « ۋاي ئاللا، نېمە كۈن بۇ ماڭا » دەپ
يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. قورقۇپ كەتكەن سالىم پەرتىندە سىرتقا
قاچتى ھەم بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئۆيىدە لەلەڭشىپ
يۈردى. ئاخىر قورسىقى ئېچىپ چىدىيالماي ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى
ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا خېلى كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ،
ئىشىك ئىچىدىن مەھكەم تاقالغان ئىدى. ئۇ، ئىشىكنى ئۇرماقچى
بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۆي ئىچىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ
گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازى كەلگەندەك بولدى. ئۇ قۇلىقىنى يېقىن
ئەكىلىپ ئاڭلاپلا، ئۆزلىرىگە تەنتەربىيە دەرسى بېرىدىغان
مەخمۇت مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى تونۇدى. « ئاناڭنى ... » دەپ تىل-

لىدى سالىم ئىچىدە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ئەلەم ھەم خورلۇق تۇيغۇسى چىرمىۋالغان ئىدى. ئۇ، ئىشىكنى جان - جەھلى بىلەن تەپمەكچى بولدىيۇ، نېمىشقىدۇر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىختىيارسىزلا توقاچ تازنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىپ قالدى ...

تازا تومۇز ئايلىرى ئىدى. تىنچىق ھاۋا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى، تەرلەپ - تەپچىرەپ، لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن سالىم بىلەن توقاچ تاز كەنتنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى. دەريا سۈيى كۈن نۇرىدا يالت - يۇلت چاقنايتتى. قىرغاقتىن كەنتنىڭ ئېتىزىغىچە بولغان ئارىلىق ياپيېشىل ئوتلاق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ مال - چارۋىلىرى ئاندا - ساندا ئوتلاپ يۈرەتتى. كالىنىڭ مۆرەشلىرى، ئېشەكنىڭ ھاڭراشلىرى پات - پاتلا ئاڭلىنىپ قالاتتى. بۇ يەردىكى نەمخۇش، سالقىن ھاۋا جان-نىڭ راھىتى ئىدى. سالىم بىلەن توقاچ تاز تۇغما ھالەتتە دەرياغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ، بىر پەس ھۇزۇرلىنىپ سۇ ئۈزۈشتى. ئاندىن «ئۇھ» دېيىشكىنىچە دەريا گىرۋىكىدىكى قىزىق قۇمدا يېتىپ ئاپتاپقا قاقلاندى. توقاچ تاز چوپچوڭلا بىر يىگىتكە ئايلانغان بولۇپ، مودۇر - چوقۇر يۈزلىرىدىن ساقال - بۇرۇتلار بۆرتۈپ چىققان ئىدى. ئۇ ئەمدى ھە دېگەندە قىز، خوتۇن، توي كېچىسى ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۈگۈنمۇ ئۆزى كەنتتە ئەڭ چىرايلىق دەپ قارايدىغان بىر قىز توغرۇلۇق بىر ھازا گەپ ساتقاندىن كېيىن: «ھەي كاساپەت، يېنىمدا بو-لۇپ قالمامدۇ، قۇمغا پاتۇرۇۋېتەتتىم - دە!» دېدى سالىمغا قاراپ ھەيۋارلىق بىلەن ھىجىيىپ. ئۇنىڭ تۇمارچە كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، لەۋلىرى تامشىپ كەتكەن ئىدى. سالىم ئۈندىمە-دىيۇ، كۆز ئالدىغا مەخمۇت مۇئەللىم بىلەن ئالتۇنخان كېلىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى شۇررىدە ئېرىپ، لەز-

زەتلىك بىر تۇيغۇ ئىچىدە يەڭگىل تولغاندى. توقاچ تاز بولسا نەشىنى بولۇشىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئورىغان مۇخۇركىنى ھۇزۇر بىلەن شورۇۋاتاتتى. سالىمۇ ئۇنى دوراپ بىرنەچچىنى تارتتى. بارا - بارا توقاچ تاز ئولتۇرالماي قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر ئەسەبىي تەقەززالىق چاقنايتتى. بېشى ئاپتاپتا قىزىپ كېتىۋاتىسىمۇ، يېنىدىكى دەريا خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ، ئەتراپنى تەكشى بىر كۆزەتكەندىن كېيىن بىردىنلا خۇشال بولۇپ:

— قارا، سالىم، ئاۋۇ يەرگە! — دېدى قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى بىر يالاپ قويۇپ.

— بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى بېشى ئايلىنىۋاتقان سالىم نېمىشقىدۇر ئىچى پۇشقاندەك بىر ئوچۇم قۇمنى سىقىمداپ تۇرۇپ.

— ھەي، تېخى كىچىكسەن - دە، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنىڭدا كۆزىنى ئاچىدۇ. بولمىسا توي كېچىسى كارغا كەلمەيدۇ.

توقاچ تاز شۇنى دەپلا سالىمغا قاراپ بىر ھىجىيىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى... سالىم ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. بىراق، ئاللىقانداق بىر سېزىمنىڭ تۈرتكىسىدە يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، پۇت - قوللىرىغا تىترەك ئولاشتى. ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، توقاچ تازنىڭ يېنىغا بېرىپ باققۇسى كەلدى. شۇ ئەسنادا ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ھودۇقۇپ كەتكەن سالىم ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى كىيگەچ، توقاچ تازغا: «تېز بول، ئادەم كېلىۋاتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى...

شۇ ئىشتىن كېيىن سالىمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان غەيرىي بىر سېزىم چۇلغىۋالدى، يات جىنسىتىكىلەر ئۇچراپ قالسا ئۆزىمۇ سەزمەستىن تىكىلىپ قاراپ

قالاتتى. كېچىلىرىمۇ خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي ئۇياقتىن -
بۇياققا ئۆرۈلۈپ، شېرىن خىياللارنى سۈرەتتى. گاھىدا
ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن ئالتۇنخانغا تەلمۈرگىنىچە مەخمۇت
مۇئەللىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ: «بەرىبىر ئانام ئەمەسقۇ
مېنىڭ» دەپ پىچىرلىغىنىچە يېقىنلاشماقچى بولاتتىيۇ، پۈتۈن
بەدەنلىرى جالاقلاپ تىترەپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ، يوتقاننى
قۇچاقلىغىنىچە تۈگۈلۈپ قالاتتى. ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆ-
تۈپ كەتتى. ئالتۇنخان بىلەن سالىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئانا -
بالىلىق مېھىر - مۇھەببەت تېخىمۇ سۇسلاشماقتا ئىدى. سالىمۇ
ئۆيگە ئانچە كىرمەيدىغان، داپ تاراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان
يەردە لەلەڭشىپ يۈرىدىغان بولۇۋالغان ئىدى.
بىر ئايدىڭ ئاخشىمى ئۇ توقاچ تاز بىلەن ئېرىق بويىدا
ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاچ تازا چېكىشتى. سالىمنىڭ بېشى قېيىپ
كۆز ئالدى پىرقىراشقا باشلىدى. ئىچ - ئىچىدىن قۇتراۋاتقان
دەھشەت تاتلىق بىر تۇيغۇ قايىنمى ئۇنى يالماپ يۇتۇۋېتەي دەپ
قالغان ئىدى. ئۇ، چېكىسىنى تۇتۇپ، مەستخۇش ھالەتتە كۆ-
زىنى يۇمۇپ، قايسىدۇر بىر قىزنى، يەنە كىملەرنىدۇر خىيالىغا
كەلتۈردى. ئاندىن چىدىيالمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئۇيقۇم
كېلىۋاتىدۇ، مەن قايتاي» دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە توقاچ تازدىن
ئايرىلدى. بۇ چاغدا ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، ئال-
تۇنخان ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. تۈڭلۈكتىن
چۈشۈۋاتقان ئاينىڭ شولىسى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ
تۇراتتى. سالىم ئۆيگە كىرىپلا ئالتۇنخانغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ
كەتتى ھەم ئۇنىڭ چېچىنى يەڭگىل سىلاپ، پېشانىسىگە، لېۋىگە
سۆيدى. ئاندىن ئىختىيارسىز يوتقاننى قايرىۋەتتى. ئالتۇنخاننىڭ
تولغان كۆكسى، ئاپئاق بەدىنى كۆرۈنگەندە بولسا، ئېچىرقاپ
كەتكەن كۆزلىرىدىن تەسۋىرلىگۈسىز ئەسەبىي نۇر چاقنىدى.

ئۇ، بوغۇزىغا يىغىلىپ قالغان تۈگۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن، ئالتۇنخاننىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ، كاندەك چاپلاشتى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئالتۇنخان «ئاپەي» دېگىنىچە كۆزىنى ئاچتى ھەم چىرايلىرى ئۆڭۈپ، كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن ھالدا:

— ھوي ھايۋان، نېمىش قىلىۋاتىسەن، مەن دېگەن سېنىڭ ئاناڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— سەن مېنىڭ ئانام ئەمەس، — دەپ شىۋىرلىدى سالىم يېلىنغاندەك. ئۇ، ئالتۇنخانغا تېخىمۇ چىڭ چىرماشماقتا ئىدى.

— ھوي تۇزكور، ئىمانسىز، رەھمەتلىك نۇر داداڭنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمامسەن؟ — دەپ يۇلقۇشلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى ئالتۇنخان يەنە.

— خۇش بولۇپ كېتەي، مۇشۇ بىر قېتىم، مەخمۇت مۇئەللىمگىمۇ ياق دېمەپسەنغۇ؟ — دېدى سالىم يىغلامسىرىغاندەك تىترەك ئاۋازدا.

ئۇ، ئالتۇنخاننى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى، بويۇنلىرىنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ، يالايتتى. ئالتۇنخان ئۇنىڭدىن ئاجرىلىش ئۈچۈن ھەرقانچە تىركىشىپ كۆرسىمۇ، نېمىشقىكىن مادارى يەتمىدى. بارا - بارا بەدەنلىرى بوشىشىپ، قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قوللىرى لەسسىدە چۈشۈپ كەتتى.

ئىش شۇنداق باشلاندى. ئەتىسى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماي ئوڭايسىزلىنىشقان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بارا - بارا كۆنۈپ قېلىشتى... ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشى بۇرۇلۇشقا دۇچ كەلدى. سالىمنىڭ خەتتى چىرايلىق يازالايدىغان ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭغا ئامەتنىڭ شەپىسىنى ئېلىپ كەلمەكتە ئە-

دى. شۇ كەملەردە كەنتنىڭ، مەكتەپنىڭ ئىشخانىلىرى،
ئىشقىلىپ، ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەكلا يەردىكى تاملارغا
ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىنى يازىدىغان ئىش چىققان ئىدى.
كەنتنىڭ رەھبەرلىرى قايتا - قايتا تاللاش ئارقىلىق بۇ ئىشقا
سالىمنى بەلگىلىدى. سالىم دەسلەپتە ئارىسالدى بولغان بولسىمۇ،
بىر يېزىپ بېقىۋىدى، ھەممىگە ياراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئىشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، بىردىنلا كۆزگە كۆرۈندى ھەم ئۇزاق
ئۆتمەي كىچىك ئەترەت باشلىقى بولدى. كېيىن ماۋجۇشى سۆز-
لىرىدىن ئۈزۈندىنى يادقا ئوقۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىمۇ، ئۇ
ئىنتايىن زور سىياسىي قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. بىر قېتىملىق
مۇسابىقىدە بىرىنچى بولۇپ، ناھىيىدىكى ئاكتىپلار يىغىنىغا
قاتناشتى ھەم ھاياجاندىن قانلىرى دولقۇنلاپ، روھى ئۇرغۇپ،
نېمىشقىدۇر ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. پارتىيىگىمۇ
كىردى، ئۇزاق ئۆتمەي كەنتنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپ،
داۋالغۇش ئالدىدا تۇرغان سىياسىي قاينام ئىچىگە تېخىمۇ
شۇڭغۇدى. ئارىلىقتا ماياقلىقتىكى غۇلام ئىسىملىك ئايالى ئۆلۈپ
كەتكەن بىر كىشى ئالتۇنخانىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇ، دەل
سانىيەنىڭ دادىسى ئىدى، ئالتۇنخان دەسلەپتە سالىمدىن مېھ-
رىنى ئۈزەلمەي رەت قىلدى. كېيىن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن
سالىمنىڭ ئۆزى بىلەن ئانچە كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۆمۈر بويى بۇنداق يۈرەلمەيدىغانلىقىغا، سالىمنىڭمۇ بەرىبىر
ئۆيلەنمىسە بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ماقۇللۇق بىلدۈردى
ھەم ئۇزاق ئۆتمەي غۇلام بىلەن توي قىلدى. بۇ ئۆيدە يالغۇز
قالغان سالىمنىڭ بىر مەزگىلگىچە كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ،
ئىشلارنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن تېزلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتى.
شۇنداقتىمۇ، ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا «ئانىسى» نى يوقلاپ
تۇردى. كېيىن غۇلاممۇ بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن

كېيىن، ئالتۇنخاننى تېخىمۇ كۆپ ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر چاغلاردا كىچىككىنە سانىيەنىڭ بىردىنلا گۈلدەك ئېچىلىپ، كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، ئاشىق - بىقارار قىلدى. سانىيە ئۇ ئۆمرىدە ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغان بىرىنچى قىز ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سالىم مۇھەببەتنىڭ، كۆيۈك ئوتىنىڭ نېمىلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئالتۇنخان بۇ ئىشنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن ئىچى ئۆرتىنىپ، سانىيەگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، «غىڭ» قىلالمىدى. شۇ كەملەردە ئۇ سالىمدىن تولىمۇ ھېيىقاتتى ھەم قورقۇيتتى. سالىم بولسا: «ئاشۇ قىزنى ئالمىسام بۇ دۇنيا ماڭا ھارام» دەپ ئۇنى سانىيەنى تېزراق ئىندەككە كەلتۈرۈشكە قىستىماقتا ئىدى. ئامالسىز قالغان ئالتۇنخان ئۇنىڭ ئۆزىنى بىراقلا تاشلىۋەتمەسلىكىنى شەرت قىلىپ، ماقۇل بولدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خەلقئالەمگە يېيىپ، ئۆزىنىمۇ، سالىمنىمۇ رەسۋايىئالەم قىلىپ، يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سالىم بولسا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ: «چاتاق يوق!...» دېدى.

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە سالىم چىدىيالمىدى، قولىدىكى تاماكىنى غەزەپ بىلەن چۆرۈپ تاشلاپ، كارىۋاتنى جەھلى بىلەن مۇشتىلىدى. ئاندىن لەۋلىرىنى چىشلەپ، يوتقاننى قۇچاقلىغىنىچە تۈگۈلۈپ قالدى ھەم دومىلىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە «ئاغرىپ قالدىم» دەپ، تالا - تۈزگە چىقمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي تۇراق كاسكىنىڭ ئاغزىدىن كىشلەر ئارىسىغا ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق مىش - مىش خەۋەر تارالدى:

— سالىم شۇجى ئەسلىدە ئىككى قولى بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان بىر باينىڭ يالغۇز ئوغلىمىش،

ئۇ، بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ ئۆز تارىخىنى يوشۇرۇپ، ئىنقىلابىي قوشۇنغا كۆز بويامچىلىق بىلەن كىرىۋالغانمىش. يېقىندا ئۇ قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، كۆرەشكە تارتىلغاندىن كېيىن تۈرمىگە تاشلىنارمىش.

يەنە بىر چاغدا بۇ خەۋەرنىڭ ئارقىسىغا مۇنداق سۆز - چۆچەك قوشۇلدى:

— سالىم بىلەن ئالتۇنخان بىر كېچىدىلا غايىب بولغانمىش، ئۇلارنىڭ نەگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەسمىش. ھۆكۈمەت ھازىر ئۇلارنى تۇتۇش توغرۇلۇق ھەرقايسى جايلارغا ئۇقتۇرۇش تارقاتقانمىش.

## 10

— نەگە بارىسىز، قىزچاق؟ — تاماكىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە ماشىنىنى سۈرتۈۋاتقان ياش شوپۇر بوغچىسىنى كۆتۈرگىنىچە ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن قىزدىن سورىدى.

قىز ئۆزىدىن گەپ سوراۋاتقان شوپۇرغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى - دە، پەس ئاۋازدا:

— ئۈرۈمچىگە باراتتىم... — دېدى ئېغىر تىنىپ.

— ۋاھ، تەلىيىڭىز بار ئىكەن، كورلىغىچە ھەمراھ بولغۇدەكمىز، قېنى ئەمىسە ماشىنىغا چىقىڭ، — دېدى شوپۇر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

قىز سەل ئىككىلەندىيۇ، ئامالسىزلىقتىن يۈك بېسىلغان كوزۇپقا ئېسىلدى.

— ماۋۇ يەرگە چىقىڭ، — دېدى شوپۇر كابىنكىنى كۆرسىتىپ.

ماشىنا قوزغالدى. شوپۇر سىگنالنى بولۇشىغا بېرىپ، تاماكىسىنى پۇرقىراتقىنىچە تېز سۈرئەتتە ھەيدىمەكتە ئىدى. ماشىنا ناھايىتى تېزلا كۆجۈم-مەھەللىلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، پايانسىز كەڭ سايلىققا يۈزلەندى. شوپۇر قىزغا پات-پاتلا قاراپ قوياتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ كۈلدۈرۈشكە، بەزىدە ھەر خىل مەنىلىك گەپلەر بىلەن ئۇنى چېقىپ بېقىشقا ئۇرۇناتتى. قىز بولسا ئۇنىڭدىن بىزار بولغاندەك، گاھ قىسقا سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرسا، گاھىدا سۇس كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. بۇ، تولىمۇ قايغۇلۇق كۈلكە بولۇپ، خۇددى مۇز ئۈستىدىكى خىرە ئاي شولىسىغا ئوخشايتتى. ئۇ، ئېڭىكىنى تۇتۇپ، خىيال سۈرگىنىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرى يۇلغۇن ۋە ئاق تىكەن باسقان قۇم بارخانلىرىنى، ئاشۇ چۆللۈكتە توساتتىن پۈررىدە توپا توزۇتۇپ، غىل-پاللا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان بوز تورغاينى تاماشا قىلىۋاتامدىكىن؟ قىزنىڭ بۇ ھالىتىدىن شوپۇرنىڭ جۇدۇنى تۇتتى بولغاي، تاماكىنى ئۈزمەي چەككىنىچە ماشىنىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋەتتى. ئۇنىڭ نېمىگىدۇر ئىنتىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان غەلىتە نۇر چاقناپ تۇراتتى.

ماشىنا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا ئالتە-يەتتە سائەت ماڭغاندىن كېيىن، بىر ناھىيە بازىرىغا كەلدى ھەم قورساقلىرىنى تويغۇزۇشتى. بۇ، يول بويىدىكى ئاساسلىق قونالغۇ بولۇپ، شوپۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يەردە قوناتتى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، نېمىشقىكىن ھېلىقى شوپۇر يەنە ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. قىز يالت قىلىپ شوپۇرغا قاراپ قويدى-دە، تەئەججۈپلەنگەندەك:

— ئۇستام، بۇ يەردە قونمايمىزمۇ؟ — دېدى.

شوپۇر قىزنىڭ كۆزىگە ۋە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگىنىچە :

— قونالغۇ ئالدىمىزدا ، — دېدى مۇجمەل قىلىپ .

ئۇلار يەنە بىر - ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، ماشىنا ئادەمزاتسىز چۆلدە ئىختىيارسىز توختىدى . شوپۇر تەمكىنلىك بىلەن ماتورنى ئۆچۈردى - دە ، مايلىشىپ كەتكەن پەلىينى قولىدىن ئېلىۋەتتى . ئاندىن قىزنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ :

— بۇگۈن كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز ، قانداق ؟ — دېدى بىر خىل تەھدىتلىك تەلەپپۇزدا .

قىز شوپۇرنىڭ نىيىتىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان ئىدى . شۇڭا ، سالماق هالدا :

— ئۇستام ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز ؟ — دېدى يېلىنىپ ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى .

شوپۇر دەسلەپىدە مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى ، ئاندىن بىردىنلا تەرىنى تۈردى - دە ، گەپ - سۆز قىلماستىن كاپلا قىلىپ قىزغا ئېسىلدى هەم ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى . بىچارە قىزنىڭ ئۇنىڭغا قانداقمۇ كۈچى يەتسۇن ؟ ئۇ ، سارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چۈجىدەك تىپىرلايتتى ، بوغۇلغان هەم ئەسەبىيلەشكەن هالدا ۋارقىرايتتى :

— هۇ ، هايۋان ، قويۇۋەت ، قويۇۋەت مېنى ، نومۇسسىز !

تۇساتتىن شوپۇر چۆچۈگىنىچە كەينىگە داجىپ كەتتى ، ئۇنىڭ كالپۇك ۋە زاڭىقى بىردىنلا قىزىل قانغا بويالغان ئىدى . قىزنىڭ بايىقى غەمكىن ۋە مىسكىن هالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ ، ياشقا تولغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقنايتتى . ئۇ ، جىددىي نەپەس ئالغان هالدا شوپۇرغا تىكىلدى هەم كونىراپ كەتكەن 10 يۈەنلىك پۇلنى چىقىرىپ : « هۇ ، هايۋان ، مانا ماشىناڭنىڭ كىرا هەققى !» دەپ تىللىغىنىچە پۇلنى ئۇنىڭ بېشىغا

ئاتتى - دە، نىمىشقىدۇر ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلىغىنىچە ماشى‑
نىدىن چۈشۈپ كەتتى. شوپۇر دەسلەپتە بۇ غەلىتە مىجەزلىك
قىزغا قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن قاتتىق چىش‑
لەشتىن لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان كالپۇكى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى
بولغاي، ئىختىيارسىز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: «ھۇ، ياخشى‑
لىقنى بىلمەيدىغان، سەھرالىق، خەپ توختاپ تۇر!» دەپ
تىللىدى. ئاندىن سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپلا ماشىنىدىن
چۈشتى - دە، چوڭ يولنى بويلاپ ئالدى تەرەپكە كېتىۋاتقان
قىزغا قاراپ ئېتىلدى. قىز قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا
يەنە شوپۇرنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى. ۋەھشىيلەشكەن شوپۇر
ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە يول بويىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا
سۆرىدى ھەم زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈپ،
كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئىزاغا چىدىمىغان قىز بۆرى‑
نىڭ چاڭگىلىدىكى قوزىدەك ئەلەملىك ۋارقىرايتتى،
تېپىچەكلەيتتى، بار ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى قوغداپ
قېلىشقا ئۇرۇناتتى. نەپسىنى باسالماي قالغان شوپۇر ئاخىر قىزنى
ئاستىغا باستى... قاتتىق ئىركىشىشتىن ھالى قالمىغان قىز ئالدى‑
ىرۇن تەييارلاپ قويغان يىڭنىنى پەم بىلەن ئالدى - دە،
شوپۇرنىڭ يوتىسىغا بار كۈچى بىلەن سانجىدى. ئاغرىققا چىدى‑
يالمىغان شوپۇر «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تىك
تۇرۇپ كەتتى. قىزنىڭ ئەلەمدىن چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن
يۈزىدە سۈس كۈلكە جىلۋە قىلدى. بۇ، ئۇنىڭ ۋىجدانىدىن
ئۇرغۇپ چىققان غەلىبە شادلىقى ئىدى. ئۇ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن
چاچلىرىنى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرگىنىچە،
تارامال تۈكلۈۋاتقان يېشىنىمۇ سۈرتمەستىن شوپۇرغا نەپرەت
بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى. ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ، ئاغرىقتىن
چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن شوپۇر قىزنى ئۇبدان ئەدەپلەپ

قويۇش ئۈچۈن دېۋەيلەپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا يالت - يۇلت
قىلىپ چاقنىغان چىراغ نۇرلىرى ئەتراپنى يورۇتۇپ، سىگنال
بەرگىنىچە كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇنىڭدىن
قاتتىق ئالاقزادە بولغان شوپۇر ئىختىيارسىز توختاپ قالدى ھەم
قىزنى نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللىغىنىچە ماشىنىسى تەرەپكە يۈ-
گۈردى، ئاندىن ئالمان - تالمان ئوت ئالدۇرۇپلا ئوۋچىدىن
ئۈركۈگەن تۈلكىدەك بەدەر تىكىۋەتتى. ھالسىزلانغان، كىيىم-
لىرى يىرتىلىپ قۇم - توپىلارغا مىلەنگەن قىز دەلدەڭشىگىنىچە
چوڭ يولغا چىققاندا، كەينى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنىمۇ يې-
تىپ كەلدى - دە، قىزنىڭ يېنىدا چىپپىدە توختىدى.
كابىنكىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بېشىغا كەپكە كىيىۋالغان ئوتتۇرا
ياشلاردىكى بىر شوپۇر چۈشۈپ كەلدى. ئۇ، قىزنىڭ تۇرقىغا
قاراپ: «سىڭلىم، سىز...» دېدى تەئەججۈپلىنىپ.

قىز نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ، يۈزىنى تۇتقىنىچە ئۆكسۈپ -
ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. شوپۇر تېخى نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدىلا
قوزغىلىپ كەتكەن ماشىنىغا قاراپلا ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك:
«ئۇ ئەبلەخ سىزنى بوزەك قىلىپ، ئاخىر بۇ يەرگە تاشلاپ
قېچىپتۇ - دە، — دېدى غەزەپلىنىپ، ئاندىن ھېسداشلىق قىلغان
ھالدا، — بولدى قىلىڭ، سىڭلىم، يىغلىماڭ، ماشىنىغا چىقىڭ،
ئەمدى سىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ» دېدى تەسەللى
بېرىپ.

قىز كۈتۈلمىگەندە كۆكتىن چۈشكەندەكلا ئۆزىنىڭ قۇ-
تۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان بۇ ئاق كۆڭۈل شوپۇرغا
تەشەككۈر كۆزلىرى بىلەن باقتى ھەم گەپ - سۆز قىلماستىن
كۆزىدىكى ياشنى سۈرتكىنىچە ماشىنىغا چىقتى. كابىنكىنىڭ
ئىچىدە يېشى 45 لەردىن ھالقىغان بىر ئايال مۈگىدىگىنىچە ئول-
تۇراتتى. ئۇ بەلكىم قارىلىق بولغان بولسا كېرەك، بېشىغا ئاق

ياغلىق چىگىپ، بېلىگە ئاق باغلىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئەھۋال سورىشىپ بولغۇچە ماشىنىمۇ قوزغالدى. ئۇ ئايال راستتىنلا ئوچۇق ۋە قىزغىن ئىدى. يول بويى زېرىكىپ قالغان بولسا كېرەك، قىزنى كۆرۈپلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنى - بۇنى سوراپ قىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋەتتى. قىز دەسلەپتە ئېھتىيات قىلىپ سىر ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، بەزى ئەھۋاللارنى ھەم ئۆزىنىڭ تاغىسىنى ئىزدەپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە ھېلىقى ئايال قاقاقلاپ كۈلگىنىچە: «ماۋۇ ساراڭلىقىمنى قارىمامدىغان، شۇنچە مۇڭدىشىپمۇ ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن، جېنىم قىزىم» دېدى قىزنىڭ چاچلىرىنى سىلىغىنىچە.

«قىزىم» دېگەن سۆز قىزنى تەسىرلەندۈردى بولغاي، پەسىڭگىدە كۈلگىنىچە:

— ئىسمىم سانىيە، — دېدى يېنىك تىنىپ.

ئۇلار خېلىغىچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن جىمىپ قېلىشتى. ماشىنا ئىككى يېنى پايانسىز قۇم - شېغىللار بىلەن قاپلانغان تاشيولدا بىر خىل كېتىۋاتاتتى. سانىيە دېرىزىگە يۆلىنىپ، چەكسىز بوشلۇقتا سۇس جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا، ئاپئاق بولۇت پارچىلىرى ئارىسىدا گاھ يوقاپ، گاھ كۆرۈنۈپ ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئايغا قارىغىنىچە خىيالغا چۆككەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى ئاچچىق ئەسلىمە ھەم كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى خىياللار چۇلغىۋالغان ئىدى.

## 11

— ئانام كۆزىنى ئاچتى! ئانا ... — ئوغۇللىرىمنىڭ تەڭلا

ۋارقىرىشى مېنى ئېغىر خىياللار ئىسكەنجىسىدىن ئويغاتتى . خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك ، سانىيەنىڭ پۈت - قوللىرىنى تۇتقىنىچە مۇگدەپ قالغان ئانامۇ چۆچۈپ كەتتىيۇ ، چىرايىغا ناھايىتى تېزلا شادلىق يامرىدى . ئۇ ، سانىيەنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىدىن بەك خۇشال بولغان ئىدى . بىراق ، سانىيە قاتتىق ئىڭچىگە تارتىپ ، ئىڭرىغىنىچە يەنە كۆزىنى يۇمدى . كۆز چاناقلىرىدىن ياشلار دومىلايتتى .

— سانىيە ، قىزىم ، كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ ؟ — ئانام يەنە جىددىيلىشىشكە باشلىدى .

— ئانا ! ئانا ! — دېيىشكىنىچە چۇرقىرىشاتتى باللار .

مەن ئۇلارنى ئەنسىرىمەي بىردەم تىنچ تۇرۇشقا دەۋەت قىلدىم . بىر پەستىن كېيىن سانىيە يەنە ئىڭچىگە تارتىپ ، شۇنداق ئېغىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىكى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ، نەپەسلىرىدىن يامراۋاتقان ئاچچىق تىترەك بارا - بارا ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازىغا ئايلاندى . قىزىرىپ كەتكەن ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلەتتى . كۆڭلى يۇمشاق ئانامۇ چىدىيالماي قالغاندەك ئۇنىڭغا جور بولۇپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى . باللارمۇ يىغا - زار قىلغىلى تۇردى . مەن بۇ ھالەتكە تاقەت قىلالماي كۆزۈمنى بىر پەس يۇمۇۋالدىم ، شۇ تاپتا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ ، ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتقاندەك ، چاقماق دەھشەت بىلەن چېقىلىپ ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتقاندەك بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالغان ئىدى . راست گەپنى قىلسام ، بۇنداق ئاسانلا تۆكۈلۈۋېرىدىغان كۆز يېشىدىن بەكلا بىزار بولۇپ كەتكەن ئىدىم .

— بولدى قىلىڭلار ، بىر كىم ئۆلگىنى يوق ! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدىمەن ئانام بىلەن باللارغا قاراپ ، ئاندىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ ، — ئۇنى بىردەم ئۆز مەيلىگە

قويايلى ، — دېدىم ئەپۇ سورىغاندەك پەسكويغا چۈشۈپ .

ئانام كۆڭلۈمنى چۈشەندى بولغاي ، باللارنى ئېلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

مەن سانىيەنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تەسەللى بەردىم ، بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ، چاچلىرىنى سىلاشقا باشلىدىم . ئۇنىڭ ئويچان ، مىسكىن كۆزلىرى ، جۇدەڭگۈ چىرايىغا قارىساملا ئىچىم سىيرىلىپ كېتەتتى . شۇ هامان ھېلى بازاردا ئۇچراتقان بالا كۆز ئالدىمغا كەلدى . ئۇنىڭ ھالىتى شۇنداق قورقۇنچلۇق ھەم يىسىرگىنىشلىك ئىدى . بىراق ، سانىيەنى بۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىمۇ دەل شۇ بالا ئىدى . 10 يىلدىن بېرى شۇنداق بولۇپ كەلدىغۇ ؟ ئاھ ، ئانىلىق يۈرەك ... !

ئىختىيارسىز سانىيەگە مېھىر - مۇھەببىتىم قايناپ تاشتى . ئۇنى قۇچاقلىغىنىمچە لەۋلىرىگە سۆيمەكچى بولدۇم . بىراق ، ئۇ مېنى يەڭگىل ئىتتىرگىنىچە تەتۈر قارىۋالدى . ئۇ ، خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ ، تىنچلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتىيۇ ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپلا توختاپ قالاتتى .

— ئاشۇ بالا راستىنلا شۇمۇ ، سانىيە ، — دېدىم مەن ئاخىر ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ .

ئۇ ، ماڭا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ، باش لىڭشىتتى . ئاندىن خۇددى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەكلا :

— دەل ئۆزى شۇ ، ھېلىقى بوۋاي مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن سىدىق «مۇدىر» دېگەن ئادەم شۇ ، بەكلا قېرىپ كېتىپتۇ بىچارە ، — دېدى ئويچان قىياپەتتە .

مەن دەماللىققا ئۈندىمىدىم ، ئارىمىزنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى . ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ ، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى .

— ئەمىسە، ئۇنى دەرھال يېنىمىزغا ئەكىلىۋالايلى، سانىيە، — دېدىمەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ.

ئۇ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك باش - ئايىغىمغا قارىغىنىچە قېتىپ قالغان ئىدى. شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭ ھېلىدىن بېرى مېنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانلىقىنى چۈشەندىم.

— نېمە، ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دېدىمەن يەنە ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىم بىلەن.

ئۇ، ئاستا باش چايقىدى، ئاندىن قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلاپلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ماڭا شۇنداق تاتلىق تۇيۇلۇپ كەتتىكى، تويىمىز بولغان مىنۇتلارنى ئەسلەپ قالدىم. دېمىسىمۇ ئۇ خۇشاللىقىنى يىغا ئارقىلىق ئىپادىلەۋاتاتتى. ئۇنىڭدا ماڭا بولغان قايىللىق، تەسىرلىنىش، مۇھەببەت، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئەتە ئۆزىنىڭ، ياق، مېنىڭ، ھەممىمىزنىڭ ئوغلى بىلەن مانا مۇشۇنداق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئۇ، 10 يىلدىن بېرى بۇ كۈنگە نەقەدەر تەشنا بولغان - ھە؟ مەن ئۇنىدىمىدىم. پەقەت چاچلىرىنى سىلاپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ھېسداشلىقىمنى ئىپادىلىدىم. كۆڭلۈمدە: «قانغۇچە يىغلاپ ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋالسۇن» دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ يەنە داۋاملىق غەمكىن ھالەتتە يۈرۈشىگە چىدىمايتتىم. چۈنكى، مەن ئۇنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرەتتىم.

شۇ ئاخشىمى بىز تۈن تەڭگىچە مۇڭداشتۇق. قىلىشمىغان گەپلىرىمىز ئاز قالدى. ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئاچچىق - تاتلىق ئىشلار — ماياقلىقتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان سىرلىق روھىي مۇناسىۋىتىم، ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىپ توي قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كەڭ - كۇشادە

ئەسلەشتۇق. گەپ بۇگۇن يۇز بەرگەن ئىشقا كەلگەندە، تالڭ ئې-
تىشى بىلەن بالىنى ۋە سىدىق «مۇدىر»نى ئۆيگە ئەكېلىدىغان،
ئاندىن بالىنى قايسى دوختۇرخانىدا داۋالىتىپ ساقايتىشنى مەس-
لىھەتلىشىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

ئەتىسى سەھەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، بىز ئۇچراشقان
جايغا — ئۇرۇمچىدىكى ئاۋات دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا كېلىپ، سى-
دىق «مۇدىر» بىلەن بالىنى ساقلاشقا كىرىشتۇق. كۆزىمىز تۆت
ئەتراپتا توختىماي ئەگىيتتى. سىدىق «مۇدىر» بالىنى ھاپاش
قىلغىنىچە لوڭگىدە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
بىراق، شۇنچە ساقلىساقمۇ ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.
كوچىدىمۇ ئادەم كۆپىيىپ، يەنە قايнам - تاشقىنلىق ھالەتكە
يەتمەكتە ئىدى. بىز ئاخىر بۇ يەردىن ئۈمىدنى ئۇزدۇق. بەلكىم
ئۇلار بۇگۇن باشقا كوچىدا بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇق ھەم
ئاساسلىق كوچا - بازارلارنى، دوقمۇش، بېكەتلەرنى بىرمۇبىر
ئايلىنىپ چىقتۇق. ئۇلار سۇغا چۆشكەن تاشتەكلا ئۇن - تىنسىز
غايىب بولغان ئىدى ... بىز كۈن ئولتۇرغان مەھەلدە ھارغىن ھەم
سۇلغۇن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. بىر چاغدا خېلىدىن بېرى
ئۈندىمەي ئولتۇرغان سانىيە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇلار كېتىپتۇ، بۇگۇن ئەتىگەندىلا، — دېدى ئۇ
قاندافتۇر بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك ئۇلۇغ - كىچىك تى-
نىپ.

— نەگە؟ — دېدىمەن ھەيرانلىق بىلەن.

— ماياقلىققا، — دېدى سانىيە نېمىشقىدۇر ئۆكۈنۈپ، —
سىدىق ئاكام غورۇرى ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم، قارىغاندا
تۇنۇگۇن ئۇمۇ مېنى تونۇغان. بەلكىم مېنى بالىسىنى تاشلىۋەت-
كەن ئايال دەپ بىلسە كېرەك، شۇڭا، ئاخىرقى پەيتتىمۇ مېنىڭ
ئانىلىق ۋىجدانىمنى سىناۋاتامدىكىن دەيمەن.

كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇدى ، دەرۋەقە سانىيەنىڭ ئۆيلىـ
غانلىرى ئورۇنلۇق ئىدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ مەن
يەنە تەشەببۇسكار بولدۇم :

— بىزمۇ كېتەيلى ، — دېدىم يۇمۇرلۇق قىلىپ .

— نەگە ؟ — دېدى بۇ قېتىم سانىيە ئاڭقىرالماي .

— مایاقلىققىچۇ ؟

مەن كۈلدۇم . سانىيە گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىـ
نىپلا ئىچ ـ ئىچىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

* * *

هاۋا ئوچۇق ...

مەشرىق ئاسمىنى قىزىرىشقا باشلىغان ئىدى . يىراقتىن
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق باش تاغ چوققىلىرى زەڭگەر بوشلۇق بىـ
لەن تاڭ شەپىقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان رەڭلەر
جۇلاسى ئىچىدە تېخىمۇ يارقىن ، تېخىمۇ هەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى .
قۇياش بارا ـ بارا تاغدىن هالقىشقا باشلىدى . ئۇ خۇددى ۋاللىداپ
تۇرغان ئالتۇن لېگەنگىلا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ نۇرلىرى يەر ـ جاـ
هاننى تېخىمۇ يورۇتۇپ ، ئاجايىپ راهەتبەخش تۇسكە
كىرگۈزگەن ئىدى .

بىز چىققان ئاپتوبۇس جەنۇبقا — مایاقلىق تەرەپكە قاراپ
كېتىۋاتاتتى . سانىيە ماڭا يۆلەنگىنىچە خىيالغا چۆككەن ئىدى .
كۆزلىرىدە هاياجان ، شادلىق بەرق ئۇراتتى . مەنمۇ يىراقتىكى
ئاشۇ مەنزىرىلەرگە تىكىلگىنىمچە دولقۇنلۇق هېسلار قايىنىمىغا
غەرق بولماقتا ئىدىم . 10 يىل ئىلگىرى بىز توي قىلىپلا مۇشۇنداق
قىياپەتتە مایاقلىققا بالىنى ئەكەلگىلى بارماقچى بولغان ئىدۇق ،
ئەپسۇس ...

مەن ئاچچىق خۇرسىندىم . بىر پەستىلا نۇرغۇن ئىشلار

خىيالىمدىن كەچتى . بىراق ، ماڭا ھەممىدىن تەسىر قىلغىنى يەنىلا ماياقلىق بىلەن ئاشۇ بەختسىز بالىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى ئىدى . مەن خۇددى تەگرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك كەيپىياتتا پىچىرلىدىم : « ماياقلىق ، مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكان ! بىر چاغلاردا چۈش ـ خىياللىرىمدىن چىقماي مېنى ساراڭ قىلىۋەتكىلى تاس قالغان سېھىرلىك يەر ... ئاشۇ يەردە كېسەللىككە چىرمالغان ئوغلىمىز بىزنى كۈتمەكتە . ئۇنىڭ ھالى تولىمۇ خەتەرلىك ــــ بەئەينى پۇلسىرات كۆۋرۈكىگە ئېلىنىپ قالغاندەك ، كېچىكسەك ، دەرھال قۇتقۇزمىساق ، ئۇنى ئۆلۈم ــــ دوزاخ يۇتۇۋېتىدۇ . ئۇنىڭغا يېڭى جان ، يېڭى قان ، جەننەت ئاتا قىلغايسەن ، ئىلاھىم ! »

1985 ـ يىل ، ئۈرۈمچى
1994 ـ يىل ، ئاقسۇ



# تالانت، ئادەم، كېلەچەك

## مۇقەددىمە

يېتىلگەن قىران بۈركۈتنىڭ بۈلۈتلارنى پەستە قالدۇرۇپ، كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئەمدىلا ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىچىككىنە قۇش بالىسىنىڭ يۇمران پەر - قاناتلىرىنى ئەركىن قاقىنىچە قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان زەڭگەر بوشلۇقتا لەرزان ئۇچالىشى ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنداق، ئادەملەر ئارىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار ناگان - ناگاندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئاڭلىق مەخلۇقلار بولسىمۇ، ياشاش مۇددىئاسى ۋە ئاڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلار تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئادەملىك سۈپىتىدىمۇ پەرقلەر بولىدۇ. بەزىلەر ئۆمۈرۋايەت ئۆزىنىڭ ئادەملىك قەدىر - قىممىتىنى بىلەلمەي ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۆز ئىقتىدارىنى ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىغا ماس ھالدا يېتىلدۈرىدۇ. لېكىن، شۇنداقمۇ ئادەملەر ئۇچرايدۇكى، ئۇلار ئۆز يېشىدىن نەچچە ھەسسە ھالقىپ كەتكەن پەۋقۇلئاددە تالانتى بىلەن كىچىك چېغىدىلا ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ

ئۇتۇقلارنى قازىنىپ، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ.

مانا بۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلزار، بۇ يىل ئارانلا توققۇز ياشقا كىرگەن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئۈچ ياش ۋاقتىدىلا سەھنە ۋە ئېكرانلاردا كۆزگە چېلىقىشقا باشلاپ، ئۆتكەن يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «پەۋقۇلئاددە ئۆسمۈر چولپان» دەپ باھالىشىغا سازاۋەر بولغان. ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان بۇ كىچىك تالانت ئىگىسى كومپىراجىۋادەك دۇنياغا مەشھۇر ئالىملارنى ئۆز قويىنىدا چوڭ قىلغان؛ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيانقى بەش مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ بىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈسەن مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان؛ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە پەخىرلىنەرلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان قىزىل مىڭئۆي جاۋاھىرلىرىدىن قۇمتۇرا، سىم ـ سىم، قىزىل قاغا مىڭئۆيلىرىنى ئۆز باغرىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك يۇرت ــ كۇچا دىيارىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن.

## «مەنمۇ يۈلتۇز بولىمەن»

ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئۆمۈر بويى ئەستىن چىقمايدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك مىنۇتلار بولىدۇ. ئۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ساقىا ھاياجان، خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. 1989 ـ يىل 30 ـ دېكابىر ئەخمەت تۆمۈر ئائىلىسى ئۇچۇن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان خۇشاللىق كۈن بولۇپ قالدى. تېخى يېقىندىلا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ چىققان ئەخمەت ئاكا تۇيۇقسىزلا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدىكى خۇاڭ دېجۇڭ

خانىم ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا گۇلزارنىڭ مەملىكەت بويىچە ئوتكۈزۈلگەن ئوسمۈرلەرنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى يېزىلغان ئىدى. قىزى ھەققىدىكى بۇ خۇش خەۋەر ئەخمەت ئاكىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۆز ئەجرى بىلەن ئۆستۈرگەن كۆچەتنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى تېتىغان باغۋەننىڭ خۇشاللىقى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالمان ـ تالمان يىغىشتۇردى ـ دە، ئۆيگە قاراپ چاپتى. ئۇ، ئۆيگە كىرگەندە گۇلزار پۈتۈن دىققىتى بىلەن «365 كېچە» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئۆزى ئوقۇۋاتقان ھېكايىنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك، دادىسىنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئەخمەت ئاكا ھاياجان ياشلىرى لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزىغا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، خۇشاللىقىنى بىراقلا ئېيتىۋەتكۈسى كەلمىگەندەك:

— قىزىم، بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، سۆيۈنچىگە نېمە بېرىسىز؟ — دېدى.

گۇلزار بېشىنى كۆتۈرۈپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— خۇش خەۋەرمىش، ئاخشام مەن دېگەن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپقانسىز، شۇ؟ — دېدى ئەركىلىگىنىچە بېشىنى قىيسايتىپ.

— ياق، قىزىم، — دېدى ئەخمەت ئاكا ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئاۋۋال سۆيۈنچىنى بېرىڭ، ئاندىن دەپ بېرەي.

گۇلزار لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، مەڭزىگە قانغۇچە سۆيدى:

— ئەمدىغۇ دەپ بېرەرسىز؟

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشتىن چۈشكەن دى-لەيسەم ئاچا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ ئالەمچە خۇشاللىقتىن قىنىغا سىغماي قالدى. قەلبى مېھىر - مۇ-ھەببەتنىڭ قىيامى بىلەن تولغان بۇ گەۋدىلەر مەھكەم قۇچاقلاشتى، ياشلىرى بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ئەخمەت ئاكا خىيالغا چۆككەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قىزى مۇسابىقىگە قاتنىشىشتىن ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك ھەم جاپالىق مۇساپىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئە-دى. شۇنداق، تاغقا چىقىش ماھىرلىرىمۇ كۆزلىگەن ئاخىرقى چوققىغا غەلىبىلىك چىققاندا، ئۆرىسىرى بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يوللارغا ئەنە شۇ نەزەر بىلەن قارايدۇ.

*   *   *

1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى. بۇ دەل باھار بايرىمىنىڭ ھارپىسى بولۇپ، ھاۋا تولىمۇ سوغۇق ئىدى. غۇر - غۇر سوقۇپ تۇرغان قېۋرال شامىلى يۇزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. دەل شۇ كۈنى ئەخمەت تۆمۈر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇشتا 1989 - يىلى بېيجىڭدا مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەرنىڭ سەنئەتلىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنىڭ گۈلزارنى ئېلىپ تېزدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. ئەخمەت ئاكا ئۇقتۇرۇشنى تۇت-قىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى خۇشاللىق بىلەن ئەندىشە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالغان ئىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچە يىراق بىر ناھىيىدىكى كىچىككىنە بىر قىزنى

ئۇنتۇپ قالماي، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن قىزىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىگە تۇشلۇق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئادەتتىكى مۇسابىقىلەرگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىن يىغىلغان كۈچلۈك رىقابەتچىلەر قاتنىشاتتى. ئۇ، قىزىنى سىناپ باقماقچى بولدى.

— قىزىم، بۇنداق چوڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشتىن قورقمامسىز؟

— سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا ھەرگىز قورقمايمەن، دادا!

8 - فېۋرال. ئاقسۇ - ئۈرۈمچى تاشيولىدا ئاپتوبۇس گويا بەر ئانا تەۋرەتكەن بۆشۈككە ئوخشاش يەڭگىل تەۋرەنگىنىچە مەنزىلگە قاراپ چاپماقتا. سەپەر ھاردۇقى يەتكەن يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مۈگدەشكە، بەزىلىرى خىيال سۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتوبۇس ئىچىنى زېرىكىشلىك كەيپىيات قاپلىغان ئىدى. ئوتتۇرا رەتتىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقتا ئەخمەت ئاكا قۇچىقىدىكى قىزىنىڭ يۇمران چېچىنى يۈزىگە تەگكۈزگىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا بىر خىل جىددىيلىك ۋە تەقەززالىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

توساتتىن يۈرەكنى تىترىتىدىغان يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاپتوبۇس ئىچىنى بىردىنلا تىمتاسلىق قاپلىدى، يولۇچىلارنىڭ دىققىتى ناخشىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ناخشا چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى. بىراق، گۈلزارنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسىنى ئورۇندۇقلار توسۇۋالغان ئىدى. ناخشا تۈگەش بىلەن ئاپتوبۇس ئىچىنى قىزغىن ئالقىش ساداسى قاپلىدى. يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ زېرىكىشى ۋە

هاردۇقنى بىر ناخشا بىلەنلا تۈگىتىشۋەتكەن بۇ قىزغا تەشەككۈرى ۋە رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەشتى. گۈلزار ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە ناخشا ئېيتتى، ئۇ خەنزۇچە ناخشا ئېيتقاندا، ئاپتوبۇستىكى خەنزۇ يولۇچىلار ھەيرانلىق ۋە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قېلىشتى. يولۇچىلار بۇ زېرىكىشلىك ئۇزۇن يولنى خۇددى ئويۇن زالىدا ئولتۇرغاندەك كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇردى. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا، ئۇلار ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ خوشلاشتى. شۇ تاپتا گۈلزار سەپەرداشلىرىنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىدىن قانچىلىك ئۇرۇن ئالغانلىقىنى سەزدىمىكىن ؟!

18 - فېۋرال، ئۈرۈمچى.

ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگىنىگە 10 كۈن بولۇپ قالدى. بۇ 10 كۈن جىددىي تەييارلىق ۋە جاپالىق مەشقلەر بىلەن 10 مىنۇتتەكلا تېز ئۆتۈپ كەتتى. 13 - چېسلا ناخشا تەقسىماتى ئېلان قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇزىكا مۇھەررىرى خەيرىنسانىڭ گۈلزارنىڭ مۇزىكا يېتەكچىسى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئۇزاق مۇددەت سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئايال گۈلزارنى كۆرۈپلا سەل ئەنسىرەپ قالدى: «بالا بەكلا كىچىك تۇرىدۇ، تەييارلىق مۇسابىقىسىگە پەقەت بەش كۈنلا ۋاقىت قالدى، بۇنداق قىسقا ۋاقىتتا ئۆگەتكەنلىرىمنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تەلەپكە لايىق ئورۇندىيالارمۇ؟» خەيرىنسا ئاچىنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. گۈلزار ناخشىنى ھەرقانچە ياخشى ئېيتقان بىلەن، مۇسابىقىدە ئورۇندايدىغىنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يات بولغان يېڭى ناخشىلار ئىدى. ئەقىللىق گۈلزار بىر قاراپلا خەيرىنسا ئاچىنىڭ ئۆزىگە گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى.

— خەيرىنسا ئاچا، ئالدى بىلەن ناخشىلارنىڭ تېكىستىنى

ئېيتىپ بەرسلە ، يېزىۋالاي ، — دېدى ئۇ دادىللىق بىلەن تەلەپ قىلىپ .

شۇنىڭ بىلەن مەشىق باشلاندى . ئەمەلىيەت خەيرىنسا ئاچىنىڭ ئەندىشىسىنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋەتتى . گۈلزار ئۆزىنىڭ سەنئەتتىكى تالانتى ۋە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇنى قايىل قىلىۋەتكەن ئىدى . خەيرىنسا ئاچا ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئەقىللىق ، ئوماق قىزنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى . بەش كۈن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى . بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئەجىر ۋە ماڭلاي تەرلىرىنى سەرپ قىلغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئۆزى ئىسپاتلىسۇن !

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ رېپىتىس زالى سۇرلۇك تۈسكە كىرگەن ئىدى . بۇ يەرگە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ، بالىلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر سارىيىدىن ئىبارەت بەش ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى ھەم مۇتەخەسسىسلەر يىغىلغان بولۇپ ، ئۇلار بۇ قېتىم شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك كۆرەككە قاتنىشىدىغان ئۆسمۈر سەنئەتچىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەم تاللاپ بېكىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى . بۇ ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىش ياكى قاتنىشالماسلىقنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ پەيت بولۇپ ، ئۇسسۇل ، مۇزىكا ، ناخشىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى .

مۇسابىقە باشلاندى . قانچىلىغان تەقەززالىق كۆزلەر سەھنىگە تىكىلگەن ئىدى . ئۇسسۇل ، مۇزىكا تۈرلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ، ناخشا گۇرۇپپىسى بويىچە نۆۋەت ئالدى بىلەن

گۈلـزارغـا كەلدى . ئۇ ، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ناخشا ئېيتىدىغان بـەش ئۆسـمۈر ئـىچـىـدە يـېـشـى ئەڭ كـىچىك ناخشىچى ئىدى . سـەھنـىـنـى يـەنە بىر قېتىم جىمجىتلىق قاپلىدى . هاياجانلانغان ، تـەقـەززا بـولـغـان ئەخـمـەت ئاكـا قـىزىنىڭ كىيىمىنى تۇتقىنىچە سـەھنـىـنـىـڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇ قىلىنىڭ ئۇستىدە تـۇرۇۋاتـقـانـدەك ، بىر پەستىن كېيىن هايات ـ ماماتلىق تەقدىرى بەلگىلىنىدىغاندەك جىددىي كەيپىياتتا ئىدى .

پـەردە ئېچىلدى . سەھنىدە گۈلزار پەيدا بولدى ، ئۇ ئالا ـ يـېـشـىـل چـىـراغلارنىڭ نۇرىدا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزىگە خۇددى چـىـمـەنلىكتە چاقناپ تۇرغان كىچىككىنە قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك كۆرۈنەتتى . دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن پىشكەللىك يۈز بەردى : تـوكـتـىـن چـاناق چىقىپ ، تەگكەش قىلغۇچىنىڭ مۇزىكا ئاۋازى سـەھنـىـگە ئاڭلانماي قالدى . بىراق ، گۈلزار ئادەمنى هەيران قال- دۇرىـدىـغـان تـەمـكـىـنلـىـك ۋە دادىـللـىق بىلەن مىكروفوننىڭ تـۇتـقـۇچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى . ئۇنىڭ يېقىملىق ، هېسسىياتقا باي شوخ ناخشىسى سەھنىدە ياڭراشقا باشلىدى :

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ
سانلىرىنىڭ چېكى يوق .
ئاداش بولاي دېسەممەن ،
كۆز قىسىدۇ ، گېپى يوق .

ئېيتىڭلارچۇ ، يۇلتۇزلار ،
مەن دوستلۇققا يارامدىم .
هەممىڭلارنىڭ قېشىغا
مېهمان بولۇپ بارامدىم .

سـەھنـىـدە هېـسـسـىيات بىلەن هەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئـوبـرازلـىق يـارىـتـىـش هەممىلا ناخشىچىنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان

ئاسمان ئىش ئەمەس. ئاۋازى خېلى ياخشى ناخشىچىلارمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، توققۇز ياشلىق گۈلزار بۇ تەلەپنى شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدىكى، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ۋە چىرايىدىكى ئىپادىسى ئېيتىۋاتقان ناخشىنىڭ تېكىستى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. باھالىغۇچىلار سەھنىدە گويا ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنى قىزىقىش ۋە ھەۋەس بىلەن ساناۋاتقان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز تىلىدا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىۋاتقان خىيالچان بىر سەبىي بالىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى كۆردى. ئۇ، بەشىنچى ناخشىنى ئېيتىپ بولار - بولماي، زال ئىچىنى ئۇزاققا سوزۇلغان قىزغىن ئالقىش ساداسى قاپلىدى. دەل شۇ چاغدا ھاياجىنىنى باسالماي قالغان ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت سارىيىنىڭ باشلىقى سەھنىگە چىقىپ، گۈلزارنى دەس كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى ھەم «كىچىك پاشا، كۇچا بۇلبۇلى» دەپ ئۇنى ماختاپ كەتتى. سەھنىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ساداسى قاپلىدى. تاللاش مۇسابىقىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا مەملىكەتلىك كۆرەكتە ئىككى ناخشا ئېيتىش تاپشۇرۇلدى. ئەسلىدە بەلگىلىمە بويىچە بىر ناخشا ئېيتىشىمۇ بولاتتى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز گۈلزارنىڭ تېخىمۇ زور ماھارەت ۋە رىقابەت روھى تەلەپ قىلىدىغان مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە قانداق نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىڭىز. بۇ جەرياندىكى ھالال تەر، كۆز يېشى ۋە ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەرنى تەسەۋۋۇر كۆزىڭىزگە قالدۇردۇق. ئىشىنىمەنكى، توققۇز يىللىق مۇساپىنىڭ بىرىنچى قەدىمى سىزنى چوقۇم قىزىقتۇرىدۇ.

## سەنئەتكارلار ئائىلىسى

كۆز يېشى — ئىنسان روھىدىكى پاكلىق، ئالىيجانابلىقنىڭ جىلۋىسى، قاشتېشىدەك سۈزۈك قەلبلەردىن مۇھەببەتلىك تۇيغۇلار ھارارىتىدە چاقنىغان شەبنەم، ھەربىر تامچە ياشقا خۇشاللىق بىلەن ئازاب يوشۇرۇنغان. مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەنە شۇنداق مەنىلەر ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى كۆردۈم.

ئەخمەت ئاكىنىڭ دادىسى 40 - يىللاردا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتكۈزۈپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم مائارىپچى ئىدى. بۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئۆز پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسىگە ئەزەلدىن سەل قارىغان ئەمەس ئىدى. بىراق، 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆتۈرۈلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت تەتۈر قۇيۇن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان جۇڭگو زىيالىيلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ بېشىغىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدى.

1969 - يىلى ئۇنىڭ دادىسى دەھشەتلىك زەربىلەر ۋە زىيانكەشلىك تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى.

ئەخمەت تۆمۈر ئەگرى - توقاي ھايات يولىدا ھارماي ماڭدى، بۇ يول ئۇنى سەھنىگە چىقاردى.

1979 - يىلى ئۇ خەلق سازەندىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ماھىر راۋابچىنىڭ قىزى دىلەيسەم بىلەن توي قىلدى. سەنئەت ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغان بۇ بىر جۈپ يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشى يېڭى ھايات مۇساپىسىدىن، يېڭى ئۈمىدتىن دېرەك بېرەتتى. كېيىنكى يىلى ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى گۈلزار دۇنياغا

كەلدى. ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئەگىشىپ قىزنىڭ دۇنياغا كېلىشى بۇ ياش ئاتا ـ ئانىنى چەكسىز خۇشال قىلدى. گۇلزار دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئانىسىنىڭ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ، مەيلى ئۆيدە ياكى ئۆمەكنىڭ رەپىتىس زالىدا بول- سۇن، خىلمۇخىل ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ۋە سەنئەت توغرىسىدىكى تۈگىمەس مۇنازىرىلەر ئارىسىدا چوڭ بولدى. بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ، يۇمراق قەلبىدە سەنئەتكە بولغان ئوتلۇق تۇيغۇلارنى يېتىلدۈردى، ئۇنىڭ ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان چۆچۈك تىللىرى بەئەينى مېغىز تۈتۈپ ئالا ـ سېرىق بولۇشقا باشلىغان كۆچا كىشمىش ئۆرۈكنىڭ تاتلىقلىقىنى ئەسلەتسە، ئېيتىۋاتقان ناخشىغا قاراپ ئارانلا دەم ـ دەم تۈرۈپ قوللىرىنى ئۇسسۇلغا كەلتۈرۈشى كىشىنىڭ ئاجايىپ مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ بالىلىقىدىكى ئەڭ روشەن ئالا- ھىدىلىكى شۇ ئىدىكى، ئۇ ئاسانلىقچە يىغلىمايتتى، يات كىشىلەرنى كۆرگەندە ئۇنچىۋالا يېتىرقاپ كەتمەيتتى، تولىمۇ شوخ ھەم كۈلگۈنچەك ئىدى. ئۇ، ئۈچ ياشقا كىرىپلا ناخشا ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ھەربىر ناخ- شىنى ئۆگەتكەندە بۇ ئەقىللىق قىز بىرنەچچە قېتىمدىلا ناخشىنى تولۇق تۇتۇۋالاتتى.

1983 ـ يىلى ئەخمەت ئاكا ۋە ئايالى دىلەيسەم تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقان «يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق كىنودا قوشۇمچە رول ئېلىۋاتاتتى، قارايدىغان باشقا ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۈچ ياشلىق قىزى گۇلزارنى بىللە ئېلىۋالغان ئىدى. گۇلزار رول ئېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ، ئۆگىنىۋالغان ناخشىلارنى ئېيتىپ ئويناۋا- تاتتى. ئۇنىڭ ئوماق ھەرىكەتلىرى، شوخ، يېقىملىق ناخشا

ئاۋازى رېژىسسورنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇنجى قېتىم كىنو ئېكرانىغا چىقىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دېھقان قىزى گۈلنارنىڭ ئوبرازىنى جانلىق، تەسىرلىك يارىتىپ، رېژىسسورنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇ ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئېكراندىكى قىياپىتى — ئۇنىڭ ئاچلىقتىن نالە قىلىشلىرى، ئاخىر دادىسىنىڭ قۇچىقىدا دوختۇرخانىغا كېتىۋېتىپ جان ئۈزۈشى كىنو كۆرۈۋاتقان ھەربىر تاماشىبىنغا «توت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكلىرىنى ئەسلىتىپ، كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. بۇ ھەقتە «ئاقسۇ گېزىتى»، «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ئارقا - ئارقىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ گۈلزارنى تونۇشتۇردى.

1984 - يىلى كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئىلى، قاراماي قاتارلىق شەھەر، ۋىلايەتلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئويۇن قويدى. توت ياشلىق گۈلزار ئاشۇ قېتىم توت پەردە، ئىككى كۆرۈنۈشلۈك دراما «ئاقتۆت» تە خارلانغان يېزا ئائىلى زۆرەمنىڭ قىزى زۈلپىيە رولىنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ھەربىر ناخشىسى، ھەربىر سۆزى تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى:

ئاھ ئاپا، جېنىم ئاپا،
كىم سېنى قىلدى خاپا.
مەن يىغلايمەن ئاھ ئۇرۇپ،
دادامدىن كەلمىگەچ ۋاپا...

ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان بۇ تەسىرلىك ناخشىسى سانسىز كىشىلەرگە: ئېھ، ئاتا - ئانىلار، سىلەر ھاياتلا بولساڭلار باللىرىڭلارنى ماڭا ئوخشاش يېتىم قىلماڭلار، ئۇلارمۇ

چوڭ بولۇپ، ۋەتەنىنىڭ ئىگىسىگە ئايلانسۇن، ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىگە قانسۇن، دېگەن يۈرەك سۆزىنى خىتاب قىلدى.

1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆرۈمچىدە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن گۈلزار ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ بېكىتىشى بىلەن بۇ كۆرەككە قاتناشتى ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا توققۇز ناخشا ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ، شۇ قېتىم باھالىغۇچىلار تەرىپىدىن «ئالاھىدە مۇكاپات» قا ئېرىشتى.

1986 ـ يىلى كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدا سەييارە ئويۇن قويۇش سەپىرىنى باشلىدى. بۇ قېتىممۇ گۈلزار ئۆمەككە قوشۇلۇپ، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا 34 مەيدان ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك «ماي تىياتىرى» دا ئويۇن قويغاندا، كەيپىيات تېخىمۇ تەسىرلىك بولدى. تاماشىبىنلار كۇلۇبقا پاتماي قالغان ئىدى. گۈلزارنىڭ ناخشىسى تۈگەش بىلەن تەڭ تۈركىيىدىن ساياھەتكە كەلگەن ئالتە نەپەر دوست سەھنىگە چىقىپ گۈلزارغا بىر دەستە ئەتىر گۈل سوۋغا قىلدى. كۇلۇبتا ئۇزاققا سوزۇلغان قىقاس ـ چۇقانلار ۋە ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئۆمەكتىكى بارلىق ئارتىسلارمۇ تاماشىبىنلار قاتارىدا تەنتەنە قىلىشتى.

## دوستلۇق ئەلچىسى

ھەربىر گۈل ـ گىياھدىن، ئۇچار قۇشلىرىدىن سەنئەت پۇراپ تۇرىدىغان كۇچا دىيارىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن گۈلزارنىڭ قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە نەپىس ئۇسسۇلى ۋە يېقىملىق ناخ-

شىسى بىلەن قانچىلىغان چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇرغانلىقىنى خېلى كۆپ كىشىلەر بىلمىسە كېرەك.

1987 ـ يىل 6 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چەت ئەللىك مېھمانلارغا ئويۇن قويۇپ بەردى. گۈلزارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، چەت ئەللىك دوستلارنى ھەيران قالدۇردى. ئىتالىيىدىن كەلگەن سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرى گۈلزارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ قىزدا تالانت بار، يېتەرلىك تەربىيىلەنسە سەنئەتنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد چوڭ» دەپ باھا بەردى ھەمدە ئۆزلىرى ئاڭلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىتتىخوۋنىڭ يۇرۇشلەشكەن مۇزىكا لېنتىلىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. ياپونىيىنىڭ نارا شەھىرىدىن كەلگەن ئايال يازغۇچى شى لۇمۇ چيەنفېزى خانىم ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قەلىمىنى ئۇنىڭغا يادىكار قىلدى.

1988 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ياپونىيىلىك ساياھەتچى بېيسۇن يېڭزى خانىم يەتتە ياشلاردىكى قىزى بىلەن كۇچاغا كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار 30 غا يېقىن چەت ئەللىك دوست بىلەن بىر قاتاردا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆردى. بۇ سورۇندىمۇ گۈلزار شوخ ئۇسسۇلى ۋە يېقىملىق ناخشىسى بىلەن چەت ئەللىك دوستلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ئويۇن ئوتتۇرىسىدا ئۇ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ماس ھالدا ھېلىقى ياپونىيىلىك قىزچاقنى ئەدەپلىك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇسسۇلغا تارتتى ھەمدە پائالىيەتنىڭ ئاخىرىدا بوينىدىكى مارجانىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى.

شۇ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە ياپونىيىدىن كەلگەن مېيپلار ساياھەت ئۆمىكى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزىسىدىكى دالىغا چېدىر تىكىپ قىسقا مۇددەت دەم ئېلىۋاتاتتى. ناھىيىلىك پارتكوم

ئۇلارنىڭ تەلپىگە ئاساسەن كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمكىنى هال سوراش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يېزىغا ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا كىچىككىنە گۈلزارمۇ ئۆمەككە قوشۇلۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ناخشىلارنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە كۇچانىڭ يەرلىك ئۇسسۇلى بولغان كۇچا سەنىمىنى كۆرسەتكەم، نەپىس ھەرىكەتلىرى بىلەن ئورۇنداپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كىم ئويلىغان دەيسىز؟ سەنئەت ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن گۈلزار يۈرەكلەرگە دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچقۇچى سۆيۈملۈك ئوبراز سۈپىتىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى.

1988 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمكى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەمدە ياپونىيە يىپەك يولى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيىنىڭ نارا شەھىرىگە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن باردى. 6 ـ كۈنى ئۇلار ئىككىنچى قېتىملىق ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، بىر جۈپ ئەر ـ ئايال بىر قىزچاقنى يېتىلىگىنىچە سەھنىگە چىقىپ كەلدى. بۇ، دەل شۇ يىلى 4 ـ ئايدا كۇچاغا ساياھەتكە كەلگەن بېيسۇن يېگزى خانىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىدى. ئۇلار گۈلزارنىڭ ئانىسى دىلەيسەم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، گۈلزارنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە گۈلزارغا يازغان بىر پارچە خەت بىلەن ئۇنىڭغا ئاتاپ تىككەن ياپونچە بىر قۇر كىيىم ـ كېچەكنى گۈلزارغا ئالغاچ كېتىشنى ئۆتۈندى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان:

«قىزىم گۈلزار، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ كېلەلمىگىنىڭىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ئىدۇق. ياپون خەلقى سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، كېلەل-

مەپسىز . سىز قىزىمغا سوۋغا قىلغان ھېلىقى مارجان ئائىلىمىزنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۇكى بولۇپ قالدى . كەلگۈسىدە ئىمكانىيەت يار بەرسە توكيوغا چوقۇم كېلىڭ . مەن سىزنى قىزىمدەك كۆرۈپ ، بۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكىپ ئەۋەتتىم ، قوبۇل قىلغايسىز . »

ياپونىيىلىك بۇ ئاق كۆڭۈل ئانا يولدىشى ۋە قىزىنى ئېلىپ توكيودىن 800 كىلومېتىر يول بېسىپ ناراغا كەلگەن ئىدى .

شۇ مەزگىللەردە يەنە شەھەرلىك كۆرگەزمىخانىنىڭ كۇچا بۆلۈمىدە قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە قىزىقىدىغان يازغۇچى شى لۇمۇ چيەنفېزى خانىم بارلىق ئارتىسلارغا خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى . گۈلزارغىمۇ بىپەك رەختتىن تىكىلگەن ياپونچە ئېسىل كىيىم ـ كېچەك ، سومكا ، ئەينەك قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى ھەمدە كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى . خەتكە تۇتاشتۇرۇلغان ئىككى يۈرەكنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ ، بىرسىگە نارا ، يەنە بىرسىگە كۇچا دەپ يېزىلغان ئىدى . خەتتە : « سىلەرنىڭ گۈلزاردەك كىچىك تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭلارغا چىن قەلبىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇيمىز . كىچىك ناخشىچى گۈلزار نارا بىلەن كۇچانىڭ دوستلۇق قەلبىنى تۇتاشتۇرغۇچى ئەلچى بولۇپ قالدى ... » دېيىلگەن .

ئۆمەك ئويۇننى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا ، نۇرغۇنلىغان ياپونىيىلىك دوستلار يىغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككەن ھالدا ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىقتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۇچاغا ساياھەتكە كەلگەن ھېلىقى مېيىپ دوستلارمۇ بار ئىدى .

## سەمىمىي قەلب، ئوتلۇق تىلەكلەر

گۈلمۇ يوپۇرماقلىرى بىلەن گۈزەل. دۇنيادا بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ يەككە-يىگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھېچقانداق شەيئى يوق. مەيلى ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار بولسۇن، ئۇلار پەقەت ئۆز خەلقى بىلەن شان-شەرەپكە ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولالىغان. مەن گۈلزارنىڭ ئائىلىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تۆۋەندىكى خاتىرىلەر سۆھبەت جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسمى.

1-خاتىرە. 1984-يىلى كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى شىمالىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە، غۇلجىنىڭ سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە چۈشۈپ، قىسقا مۇددەت ئويۇن قويىدى ھەمدە بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ جەرياندىكى گۈلزارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق بىر ئىشتىن ئۇلارنىڭ ئوتلۇق تىلەكلەر بىلەن تولغان سەمىمىي قەلبىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا ياتاققا قايتىپ كىرگەن گۈلزار ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ياستۇق ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەت بىلەن چىرايلىق قاتلاپ قويۇلغان كۆڭلەكنى كۆردى. ئەسلىدە بۇ نەرسىلەرنى ئالدىنقى كۈنى گۈلزارنىڭ سەھنىدىكى ماھارىتىنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەن بىر ئايال قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. خەتكە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

«سۆيۈملۈك قىزىم گۈلزار، سىزنىڭ ۋە ئانىڭىزنىڭ درامىدىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلار مېنىڭ بېشىمدىنمۇ ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، كېچىدىن بېرى يىغلاپ چىقتىم

ھەمـدە ئاددىي بولسىمۇ بۇ كۆڭلەكنى سىزگە ئاتاپ تىكتىم. سىز-نـىـڭ مۇشـۇ كـۆڭـلـەكـنى كىيىپ مېنىڭ، جۇملىدىن سۇيدۇڭ خـەلـقىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇگۇن ئاخشامقى ئويۇندا بىرنەچچە ناخشا ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

شـۇ كـۈنـى كـەچ ئويـۇن رەسـمىي باشلىنىشتىن بۇرۇن، گـۇلـزار ھېلىقى ئايال سوۋغا قىلغان كۆڭلەكنى كىيىپ، بار ئىش-تىياقى بىلەن ناخشا ئېيتىپ بەردى. توساتتىن گۇلزارنىڭ ئاۋازى تـوخـتـاپ قـالـدى. پـەسـتـە بـولسا قىقاس - سۈرەنلەر ئەۋجىگە چـىـقـتـى. ئەسلىدە ھېلىقى ئايال بىر قولىدا ئۆزىنىڭ قىزىنى كۆ-تـۈرگـىـنـىـچـە سـەھـنـىـگـە چىقىپ، يەنە بىر قولىغا گۇلزارنىمۇ ئېـلـىـۋالغان ئىكەن. ئۇ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن ھالـدا تـامـاشـىـبىنلارغا قاراپ مۇنداق دېدى: «كۆرۈڭلار، مانا بۇ ئۇيـغـۇر قىزى بىزنىڭ ھازىرقى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى ناخشى-چىمىز.»

تـامـاشـىـبىنلار ئالقىش ياڭراتتى، گۇلزارغا بەس - بەس بـىـلـەن قـولـلـىـرىنى سوزۇشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ گۇلزارنىڭ نـاخـشـىـسـى ئاشـخـانـا ۋە دۇكانلاردىكى ئۈنئالغۇلاردىن ياڭراشقا باشـلـىـدى. ئەخـمـەت ئاكا ۋە دىلەيسەم ئاچا ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كـوچا ئايلانغاندا، كىشىلەر ئۇلارنى ئورىۋېلىپ ئەھۋال سورىدى، ئۆيـلـىـرىـگە تەكلىپ قىلىشتى ھەمدە ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

2 - خـاتـىـرە. 1989 - يـىـل فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرى. بۇ، گـۇلـزارنـىـڭ ئۇرۇمچىدە مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە تەييارلىق قى-لـىـۋاتـقـان چـاغـلـىـرى ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ناخشا ئېيتىشنى مـەشـق قىلىش ھەم قېپقالغان دەرسلىرىنى تەكرارلاش بىلەن ئۆ-تـۈۋاتـاتـتى. دەل شۇ كۈنلەردە كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى

قارامای خەلقىدىن ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇشقا مې-
ڭىپ، ئۈرۈمچىدە گۈلزار بىلەن ئۇچراشتى. ناھىيىلىك پارتكوم
شۇجىسى لى توڭدىنىڭ تەكلىپى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ قو-
شۇلۇشى بىلەن گۈلزار دادىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆمەككە
قوشۇلۇپ قارامايغا يۈرۈپ كەتتى. بىرىنچى مەيداندىكى ئويۇندىلا
گۈلزار بىرلا ۋاقىتتا ئاللە ناخشا ئېيتىپ، قاراماي خەلقىنىڭ يۈ-
رەك تارىنى چەكتى. ھەر خىل تەلەپلەر، تەشەككۈر بىلەن
تولغان باغاقچىلەر سەھنىگە قاردەك يېغىشقا باشلىدى.
ئويۇن ئارىلىقىدا گۈلزار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئەھۋاللى-
شىش ئارزۇسى بىلەن دەم ئېلىش ئۆيىگە كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمەيتتى. تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان
ھەر خىل بۇيۇملارنى سوۋغا قىلسا، چوڭلار ئۇنى قۇچىقىغا
ئېلىپ، ئۇنى - بۇنى سورايتتى. ئويۇن ئاخىرىدا قاراماي شەھەر-
لىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى
ھاياجانلانغان قاراماي خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن،
گۈلزارنى 1000 يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ
خەۋەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، نېفت مىنىستىرلىقىدىكى
بىر رەھبىرىي يولداشنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ، بۇ ئىشقا قىزىقىپ،
كېيىنكى مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە كۇچاغا
چۈشۈپ، گۈلزارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەندىن
كېيىن، رازىمەنلىكىنى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ
خوشلاشتى.

3 - خاتىرە. گۈلزارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇناسىۋەتلىك
رەھبىرىي يولداشلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم قوللىشىدىن ئاير-
رىلغان ئەمەس. مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىشنىڭ
ئالدى - كەينىدە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇ-
نۇن گۈلزارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى

سۇرۇشتۇرۇپ تۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەققىدە يولىيورۇق بەردى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىسلەردىن خۇاڭ دېجۇڭ خانىم ۋە خەيرىنسا ئاچىلارمۇ گۈلزارنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئورۇندايدىغان ناخشىلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىغا ئاز بولمىغان ئەجىر سىڭدۈردى.

1988 - يىلى گۈلزار ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان 16 شەھەر ئۆسمۈرلىرىنىڭ سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تاللاندى. بىراق، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ياپونىيىگە زىيارەتكە چىقىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىدا بولغاچقا، قىزىغا قاراشقا ۋاقتى يەتمەيتتى. بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى جۈەن بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، بالىنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكى ۋە تۇرمۇشىغا ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولدى ھەمدە ئۈچ ئايغىچە ئۇنىڭغا قارايدىغان ۋە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، گۈلزارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى خاتىرجەم قىلدى. شۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئورۇندىغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە 120 دۆلەتنىڭ ئەلچىخانا خادىملىرىغا ئويۇن قويۇشقا تاللىنىپ، ئۇلارنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى گۈلزارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بىر ئالتۇن بۆشۈك. مەن بۇ ئورۇندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۆمەك باشلىقى ئەخمەت ئابدۇللا گۈلزار ھەققىدىكى تەسىراتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: گۈلزارنى ئۈچ يېشىدىن باشلاپلا ئۆمىكىمىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئارتىسى بولۇپ قالدى. دېسەك لاپ ئۇرغانلىق بولمايدۇ.

1984 - يىلى ئۇ «ئاقىۋەت» دېگەن درامىدا رول ئالغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچىلىك بولغان ھەر قېتىملىق سەييارە ئويۇن قويۇشقا تولۇق قاتناشتى. بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مۇزىكا ۋە ئۇدار سېزىمى جەھەتتە پەۋقۇلئاددە تالانتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، نەپەس ۋە ئاۋاز پەردىسىنى ئىشلىتىپ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىمۇ ئۆزگىچە ماھارەتكە ئىگە. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭدا رىقابەت تۇيغۇسى تولىمۇ كۈچلۈك. ئۆزىدىن چوڭ ناخشىچىلار بىلەن بەسلىشىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ. بۇ خاراكتېر بەلكىم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىغا تۈرتكە بولغان ئىچكى ئامىل بولسا كېرەك.

تۇغرا، بىزنىڭ ئەنە شۇنداق سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ھەم سەنئەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىمىز بولغاچقىلا، بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز ۋە سەنئەت ئىشلىرىمىز پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالىغان.

## كۆڭۈلدىكى پاراڭلار

گۈلزارنىڭ دادىسى ئەخمەت ئاكا 30 ياشلاردىن ھالقىغان خۇش چاقچاق ئادەم. ئۇ 80 - يىللاردىن ھازىرغىچىلىك 50 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل لەپەر، ناخشا تېكىستى، ئالتە پارچە سەھنە ئەسىرى يېزىپ، ۋىلايەت دائىرىسىدە كۆپ قېتىم ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ ئادەم يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان تولىمۇ خىيالچان بولۇپ قاپتۇ. بولۇپمۇ ياپونىيىگە چىقىپ كىرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىغان، مەسىلىلەرگە باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ. سۆھبەت ۋە پاراڭلار جەريانىدا ئۇنىڭ ئائىلە، پەرزەنت ۋە سەنئەت ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىنىڭ خېلىلا قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ

جەھەتتە ئۇ ئۆز تەسراتىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ئادەم ئۇچۇن يۇرت كېزىش، دۇنيانى چۈشىنىش تولىمۇ مۇھىم ئىكەن، گەرچە ياپونىيىدە تۇرغان ۋاقتىمىز ناھايىتى قىسقا بولغان بولسىمۇ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە نۇرغۇن يېڭى ئۇچۇرلارغا ۋە يېڭى قاراشلارغا ئىگە بولدۇق. خۇسۇسەن مېنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلغىنى، ياپونىيىنىڭ تەرەققىي قىلغان پەن ـ تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى بولماستىن، بەلكى مۇشۇ خىل ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسى بولدى. ياپونىيىدىكى ھەربىر ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى پۈتۈن مىللەت ۋە ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان، شۇڭا ئۇلاردا ئۆز ۋەتىنىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قىممەتلىك روھىي ھالەت شەكىللەنگەن. مېنىڭچە، بۇ بىزنىڭ چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىشىمىزغا ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىسى ھېسابلىنىدىغان ئائىلىنىڭ پەرزەنتلەرگە كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىگە بۇ جەھەتتە قانداق تەلەپ قويۇۋاتقانلىقىنى، ئىككى بالىسىنى قانداق قىلىپ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بۇ ئىشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئىستىقبالىدىن بەزى قۇربانلارنى بېرىپتۇ. قىزىغا بېرىلگەن 1000 يۈەن مۇكاپات پۇلنى بانكىغا بەش يىللىق ئامانەتكە قويۇپ، گۈلزارنىڭ كېيىنكى تەربىيىلىنىشىگە سەرپ قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ يەنە ياپونىيىدە كۆرگەن بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: 1980 ـ يىلى ياپونىيە يېپەك يولى جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى كۇچاغا كېلىپ، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىسى نىساخان

ئاچا، تۇردى ئاكا قاتارلىقلارنىڭ ئۆيۈنىنى كۆرگەن ئىكەن. ئارىدىن توقۇز يىل ئۆتۈپ ياپونىيىگە بارغان چېغىمىزدا، شۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى سىنئالغۇدىن كۆردۇق. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدىم. شۇنچە يىراق مەملىكەتتىكى يات بىر مىللەت بىزنىڭ سەنئىتىمىزگە شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەردە، ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلالمىغانلىقىمىزدىن ئەپسۇسلاندىم. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ سەنئەتكارلىرىمىز ئاللىقاچان ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى. بىراق، ئۇلار قالدۇرغان سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش ھەم تەتقىق قىلىش يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. ئىلاج بولسا ئۇلارغا قەبرە تېشى ئورنىتىپ، مۇۋاپىق پەيتلەردە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى نامايان قىلساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ؟!

## خاتىمە

زىيارىتىم ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى. قەلبىم ئۈمىد بىلەن ھاياجان، تىت - تىتلىق بىلەن تەقەززالىق ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئەۋجىدە دولقۇنلايتتى. كۆز ئالدىمدىن پۈتۈن ھاياتىنى مىللەتنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاشقا بەل باغلىغان ھەم بۇ يولدا تەر تۆكۈۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرى كەتمەيتتى. ئۇلار 19 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تار ھەم كونا ئۆيدە ياشىماقتا!

مەن شەرت - شارائىتى ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولغان نۇرغۇن ئائىلىلەرنى كۆرگەن ئىدىم. بۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ياشاشتىكى مۇددىئاسى ۋە باشقا كۆپ جەھەتلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ نېمىگە

تىت - تىت بولغانلىقىمنى بىلىۋالدىم. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە شۈنداق سوئال قويدۇم: ئەگەر هازىردىن باشلاپ هەربىر ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئەنە شۈنداق كۆڭۈل بۆلسە، 10 — 20 يىلدىن كېيىن جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ سۈپىتىدە قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلەر ئىدى - هە؟

1990 - يىل 2 - ئاي، كۇچا - ئاقسۇ

# مۇڭتار كۈيى

## مۇقەددىمە

ئادەم يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىمۇ ياشىشى كېرەك ، ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈلدىكىدەك يول يوق . بىراق ، قانداق يا-شاش ، قايسى خىل ھايات يولىنى تاللىۋېلىش ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن ئوخشاش ئەمەس . ئىرماش - چىرماش ، ئەگرى - توقاي ھايات يولىدا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر گويا مىڭلىغان - ئون-مىڭلىغان سوئال بەلگىسىدەك نېمىلەرنىدۇر ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ . ئۇلار نېمىنى ئىزدەيدۇ ؟ بەزىلىرى ھوقۇق - ئىمتىياز ئىز-دەيدۇ ، بەزىلىرى پۇل - مەئىشەت ئىزدەيدۇ . لېكىن ، شۇنداقلارمۇ باركى ، ئۇلار ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارى-تىشتىن باشقا ھېچنېمە ئىزدىمەيدۇ . كېچە - كۈندۈز ماڭلاي تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ ، يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ ، ئېرىشكە-نىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بەدەل تۆلىسىمۇ قىلچە ۋايسىمايدۇ . ئۇلار ھەقىقەتەن دەۋرىمىزنىڭ پىداكارلىرى ، كېلەچەكنىڭ ئە-گىسى بولۇشقا مۇناسىپ . ئۇ ، ئەنە شۇ يولدا ئۆز مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئۈمىدلىك ياشلارنىڭ بىرى .

### 1 . « تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار »

قىزلارنىڭ تىنىقىدەك يېقىملىق باھار شامىلى دىماغلارغا

ئۇرۇلۇپ، ھەممە ياقنى يېشىللىق قاپلاش ئالدىدا تۇرغان مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا، قەدىمكى يىپەك يولى لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن، تارىم ۋادىسىدىكى مەرۋايىت — ئاقسۇ شەھىرى ئاجايىپ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى. بۇ يەردە 1991 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئاقسۇ باھارى» سەنئەت كۆرىكى قىزغىن داۋام قىلىۋاتاتتى. كۆرەكتە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى 12 ئۆمەك ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلاتتى.

25 - چېسلا چۈشتىن بۇرۇن شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويىدىغانلىقى جاكارلانغاندا، بۇ يەرگە يىغىلغان باشقا كەسىپداشلىرىغا ئوخشاشلا ئۇنىمۇ جىددىيلىك تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى كۆرەك ئۇ ھاياتىدا قاتنىشىپ باققان ئەڭ چوڭ سەنئەت مۇسابىقىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلار ئىچىدە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە مەلۇم تەسىرگە ئىگە كۈچلۈك رىقابەتچىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسا تەكلىماكان گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ چەت ناھىيىدىكى ئانچە تەسىرگە ئىگە بولمىغان ئۆمەكنىڭ ئاددىي غېجەكچىسى ئىدى. بىراق، ئۇ قىلچە ھودۇقمىدى، ئىككى يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ئۇنى غەلىبە قىلىش ئىشەنچىگە ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان تەمكىن تەبەسسۇم، كۆزلىرىدىكى ئۈمىد نۇرلىرى گويا كىشىلەرگە: «بىز قۇم بارخانلىرى تۈۋىدىن كەلدۇق، بىراق تاغنىڭ كەينىدە تاغ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار» دېگەندەك قىلاتتى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا شايار ناھىيىلىك ئۆمەك ئويۇنىنى باشلىدى. بەزى كىشىلەر (ئاپتورمۇ دەل شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى) ئويلىغاندەك، دەسلەپتە كەيپىيات تازا ياخشى بولمىدى. بىراق، ئېلانچى: «ھازىر ئۆمىكىمىزنىڭ ياش

غېجەكچىسى پولات ئاقنىياز ئۆزى ياسىغان يېڭى چالغۇ مۇڭتار بىلەن ‹مۇڭتار كۈيى › دېگەن مۇزىكىنى ئورۇندايدۇ » دېگەندە ، نەچچە يۈزلىگەن جۈپ كۆز تەئەججۈپ ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى ، شۇئان سەھنىدە ئوتتۇرا بوي ، ئاق پىشماق كەلگەن 24 ياشلاردىكى بىر يىگىت پەيدا بولدى . ئۇ بويىنىغا بىر باشلىق ، ئۈچ ساپلىق ئۆزگىچە بىر خىل چالغۇنى ئېسىۋالغان بولۇپ ، مىللىي چالغۇلار ئائىلىسىدىكى بۇ يېڭى ئەزا ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ، ئۇ تاماشىبىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن ، قىزغىن چاۋاك ساداسى ئىچىدە ئۆزى ئىجاد قىلغان « مۇڭتار كۈيى » دېگەن مۇزىكىنى ئورۇنداشقا باشلىدى . ياشلار ئۇسلۇبىغا ھەم قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆزگىرىشچان بۇ مۇزىكا بىردىنلا كەڭ تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى . بولۇپمۇ كۆپ خىل ئىقتىدارلىق ئېلېكترونلۇق يېڭى چالغۇ — مۇڭتاردىن تارالغان سېھرىي كۈي گاھ ئەزىم دەريادەك دولقۇنلاپ يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلسە ، گاھى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان يېقىملىق بۇلاق سۈيىدەك مۇڭلىنىپ كىشىلەرگە ئۆزگىچە لەززەت بېغىشلىدى . مۇزىكا تۈگىگۈچە زال ئىچىنى بىرنەچچە قېتىم ئۇزاققا سوزۇلغان ئالقىش ساداسى قاپلىدى . بۇ ، تاماشىبىنلارنىڭ مۇڭتارغا ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىگە بولغان مۇھەببىتى ھەم ئۈمىدىنى ئىپادىلەيتتى . ئۇ ئەنە شۇنداق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆزى ئىجاد قىلغان « سايرا ، مۇڭتار » ، « ياشا ، ئانا » ، « تارىم ۋادىسى » قاتارلىق بىرقانچە يېڭى ناخشىلارنى كەينى - كەينىدىن ئورۇنداپ ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا جاۋاب قايتۇردى . ئۇ ، ئەڭ ئاخىرقى ناخشىنى ئورۇنداپ بولغاندا زال ئىچىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن چاۋاك ۋە قىقاس - سۈرەنلەر قاپلىدى . شۇ تاپتا تاماشىبىنلار مۇڭتارغا ئادىل باھا بېرىپ ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەۋاتاتتى .

كۆرەك ئاخىرىدا ئۇ ، تاماشىبىنلارنىڭ رايىغا ماس ھالدا باھالىغۇچىلار تەرىپىدىن « ئەڭ مۇنەۋۋەر ئارتىس » مۇكاپاتىغا ؛ ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلىپ مۇڭنار بىلەن ئورۇندىغان « مۇڭنار كۈيى » دېگەن مۇزىكا « 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى » غا ئېرىشتى .

ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ھەم ۋىلايەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ ، « مۇڭنارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ـــ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىختىرا بوپتۇ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىكى بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇرالىشىدا ئۈمىد چوڭ » دېيىشتى .

## 2 . خىيال بىلەن رېئاللىق ئارىلىقىدا ...

پولات تەكلىماكاننىڭ ئىسسىق شامىلى يۈزگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ، قۇملۇق بويىدىكى چەت ناھىيە ـــ شايارنىڭ تويبولدى يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇزاق مۇددەت سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلىگەن پېشقەدەم سازەندىلەر ئىدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ دادىسى ئاقنىياز ئاكىنىڭ ئىسكىرىپكا چېلىشتا خېلى ماھارىتى بار ئىدى . گەرچە ئۇلار كېيىنكى مەزگىلدە مائارىپ ساھەسىگە ئالمىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆيىدىن ھەر خىل ئۇيغۇر سازلىرىنى ئايرىمايتتى . تارلاردىن ئۇرغۇپ چىققان يۈرەكلەرنى تىترەتكۈچى مۇڭلۇق كۈيلەر ، شوخ سادالار كېيىنكى مەزگىلدە پولاتنىڭ قەلبىدە سەنئەتكە بولغان ھەۋەس ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ ، ئۇنىڭ بۇ ساھەگە قەدەم بېسىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىدى . ئۇ ، 1983 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇزىكا ( غېجەك چېلىش ) كەسپىگە قوبۇل قىلىندى . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم سەنئەت گۈلزارلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ

مەكتەپ ئۇنىڭ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇۋېلىشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. كىشىلەر تەرىپىدىن «ھاياتنىكى شېرىن چۈش» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ قىسقىغىنا ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى ئۇ چۈشتەكلا ئۆتكۈزۈۋەتمىدى. ۋىجدانىدىن ئۇرغۇپ چىققان غايە ۋە ئىرادە ئۇنى ئىرىشىشقا، تەر تۆكۈشكە ئۈندەيتتى. كىشىلىك ھاياتتا ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدىغان كىشىلەردىلا مانا مۇشۇنداق روھ بولىدۇ. بۇ خىل روھ ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە شان - شەرەپ ئاتا قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز كەسپىدە ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەيلا قالماستىن، بوش ۋاقىتلاردا يەنە ئاۋاز تەربىيىلەش سىنىپلىرىغا كىرىپ دەرس ئاڭلاپ، ئېلېكترونلۇق گىتار بىلەن ناخشا ئېيتىش ماھارىتىدە مەلۇم ئاساس يارىتىۋالدى. 1986 - يىلى بۇ مەكتەپنى ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملاپ، ئۆز يۇرتى شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى.

دۇرۇس، ئوقۇغۇچىلىق ھايات ھەقىقەتەنمۇ شېرىن چۈشكە ئوخشىشىدۇ. ئادەم ئوقۇش پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە تۈنجى قەدەم باسقاندا گويا ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدىن زېمىنغا قاڭقىپ چۈشكەندەك، ئۆز ۋۇجۇدىدا سىلكىنىش پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يېڭى ياشاش مۇھىتى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادەمنى ئويغا سالىدۇ، ئازابلايدۇ، چۆچۈتىدۇ. ئىرادىسىز، غايىسىز كىشىلەر ئەنە شۇنداق جىددىي تۇرمۇش قاينىمىدا كۆپۈكتەك لەيلەپ، زىددىيەت تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلىنىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، جاسارەتلىك كىشىلەرلا قاينام ئىچىگە دادىللىق بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆز قەلبىدىكى نۇرلۇق قىرغاققا قاراپ ئۈزلۈكسىز غۇلاچ تاشلايدۇ.

پولات دەل كېيىنكىلەرنىڭ تىمسالىدىن ئىدى. ئۇ، ھاياتىنىڭ قىممىتى يېڭىلىق يارىتىشتا، دېگەن ئەقىدىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. بوش تۇرغاندا دەۋرنىڭ، رىقابەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان كۈندىن باشلاپلا ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويدى. دەسلەپتە ئۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسپىي ماھارىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئاساسىدا ئۇنىۋېرساللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، راۋاب، تەمبۇر قاتارلىق مىللىي چالغۇلارنى چېلىشنىمۇ زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى ھەمدە مۇزىكا ۋە تېكىست ئىجادىيىتى بىلەنمۇ پائال شۇغۇللىنىپ مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ئىجاد قىلغان 15 پارچىدىن ئارتۇق ئاھاڭ ۋە تېكىستلىرى دەۋر روھىغا باي، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ھەم ياشلار ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «تارىم ۋادىسى» دېگەن ناخشىسى 1988 - يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

بىراق، ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەيتتى. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ۋە سەھنە ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار پىكىر يۈرگۈزۈشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان پولاتنى ئويلاندۇرماي قالمىدى. 1989 - يىلى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر «جىن» كىرىپ، ئۇنى زادىلا ئارام تاپقۇزمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - ھوشىنى قانداق قىلىپ ھەم ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى، ھەم مىللىي ئۇسلۇبتىكى ناخشىلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئېلېكترونلۇق ئۇنىۋېرسال مىللىي چالغۇنى ئىختىرا قىلىش تۇيغۇسى چىرمىۋالغان ئىدى. ئەگەر بۇ خىل چالغۇ بارلىققا كېلىدىغان بولسا، سەھنىدىكى

نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقنى تۇگىتىشكە، ئارتىس بىلەن تاماشىبىنلار ئۆتتۇرىسىدىكى ۋاقىت ئۇزۇكچىلىكىنى ئازايتىپ، سەھنە كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۇرۇشتە زور ئۇنۇم هاسىل قىلغىلى بولاتتى.

ئۇ، چەكسىز خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان ئىدى، بىراق كاللىسىدا ئېنىق بىر لايىهە يوق ئىدى. پات - پاتلا دىلتاردىن ئىبارەت يېڭى چالغۇنى ئىجاد قىلغان خوتەنلىك ئابدۇللا مەجنۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۇرەتتى. بۇ خىل چالغۇ كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇنداشتا ئۆزگىچىلىك يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، جىددىي، ئۆزگىرىشچان ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى ناخشىلارنى ئورۇنداشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايتتى. «توغرا، مەن ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدىغان، تېخىمۇ ئۆزگىچە بىر چالغۇنى ياساپ چىقىشىم كېرەك» دەپ شىۋىرلايتتى ئۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ هېسسىياتىغا دوستلۇق، قايىللىق، رىقابەت گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

## 3. ئىزدىنىش ۋە مۇۋەپپەقىيەت

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى. بىر ئىش خىيالىغا كەلدىمۇ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان پولات ئاخىر ئىشنى باشلىدى. بىراق، بىر مەسىلە — غېجەكنى ئېلېكتىرونلاشتۇرغىلى بولۇش - بولماسلىق ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى. ئۇ، گويا يىراقتىكى مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن هەممىنى ئۇنتۇغان سەۋدايى ئاشىقتەك تەنها هالدا خىيال سۇرۇپلا يۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇ خىيال ئىچىدە قولىدىكى غېجەكنىڭ كامالچىسى بىلەن ئېلېكتىرونلۇق گىتارنىڭ تارىنى چېكىپ تاشلىغىنىنى تۇيماي قالدى. تۇيۇقسىز چىققان ئۆزگىچە بىر خىل

مۇڭلۇق ئاۋاز ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى، روھلاندۇردى. ئۈمىد ئۇنىڭغا ئىشەنچ، جاسارەت ئاتا قىلماقتا ئىدى. ئۇ، دەسلەپتە مىڭ بىر جاپادا گىتار بىلەن غىجەكنى بىرلەشتۈرۈپ باققان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چالغۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالغان ئىدى. بىراق، ئۇ قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەستىن، تېخىمۇ زور شىجائەت بىلەن بۇ خىل يېڭى چالغۇنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە توختىماي ئىزدەندى ھەمدە گىتار، غىجەك، ئۆزبېك راۋابى قاتارلىق ئۈچ خىل چالغۇنى بىرلەشتۈرگەندە، قۇرۇلمىسى ئىخچام، شەكلى كۆركەم بولغان بىر خىل يېڭى چالغۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە بايقىدى. ئەمما، بۇ ئۈچ چالغۇنى ئاددىي ھالدا مۇنداقلا چېتىپ قويغان بىلەن ئىش پۈتمەيتتى. ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ ناخشىلارغا تەڭكەش قىلغاندا بىر خىل چالغۇنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان، بىرنەچچە خىل ئۇسلۇبتىكى ناخشىلارنى ئورۇندىغاندا ئۈچ خىل چالغۇنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان، ئۆزىگە خاس ئاۋاز تېمبىرىغا ئىگە بولغان بۇ خىل چالغۇنى ياساش ئۈچۈن ھەممىنى باشتىن قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن قانچە - قانچە كېچىلەر ئۇيقۇسىز، قانچە - قانچە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئويۇنسىز ئۆتتى. بىراق ئۇ، زېرىكمەستىن، قىلچە ۋايسىماستىن ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلەن ئانىسى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق دىئالوگلارنىڭ قانچە قېتىم بولغانلىقىنى ھېسابلاش تەس ئىدى:

— بالام، تامىقىڭنى ئىسسىقىدا يەۋال، — دەيتتى ئانىسى قەغەز دۆۋىسى ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر جىجىلاپ ئولتۇرغان پولاتقا.

— مانا ھازىر ... — ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويماي شۇنداق دەيتتى. بىر چاغلاردىكى يېنىك پۈشۈلداشلار ۋە خورەك

ئاۋازى ئۇنــى خــيالدىن ئويغىتاتتى . بۇ ، تۇن تەك بولغان چاغلار بولۇپ ، ئالدىدىكى ئاش ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان ئىدى .

مــەلۇم يەكشەنبە كۈنى ئۇ بازاردا بىرنەچچە دوستلىرى بىــلــەن ئۇچــرىــشــىپ قــالــدى . ئۇلار ساقال ــ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ ، كــۆزلــىرى قىزىرىپ كەتكەن پولاتنى كۆرۈپلا چاقچاق ياغدۇرۇۋەتتى :

ــــ قــانــداق ، ئاغــىــنــە ، يــىــقــىندىن بىرى كەم سۆز ، كەم دىــدارلــىــشىپ ، بىزدىن قېچىپلا يۈرىدىغان بولۇپ كەتتىڭ ، خەق بىلسە بولمايدىغان بىرەر دەردىڭ بارمۇ ـ يە ؟

ــــ راست ، ئورۇقلاپ ، كېسەل چىرايلا بولۇپ قاپسەن !

ــــ بىرسىگە كۆيۈپ قالغان گەپ شۇ .

ــــ ها ... ها ... ها ...

پــولات مــىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتىن باشقا ئۈندىمىدى . شۇ تــاپــتــا ئۇنــىــڭ چاقچاقتا ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك پاراڭلارغا رايــى بــارمــايــتــتى . كاللىسىغا كىرىۋالغان يېڭى چالغۇ ھەققىدىكى خــيال ئۇنى ئالدىرىتاتتى ، ئۆز يېنىغا چاقىراتتى . ئۇ ، دوستلىرىنــىــڭ بــىــرەر ــ يــىــرىــمــدەم ئىــچــىــشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش تــەكــلــىپىنى باھانە ـ سەۋەب بىلەن رەت قىلىپ قايتىپ كەلدى . دوســتــلــىــرى تــۇرۇپلا غــەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالغان پولاتنىڭ كەينىدىن تەئەججۈپ بىلەن قاراپ قېلىشتى .

« شــامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ » دېگەنــدەك ، ئۇنىڭ نــىــمــە كــويــدا يــۈرۈۋاتــقــانــلــىــقى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ، كــەســىپداشلىرى ۋە تونۇش ـ بىلىشلەر ئارىسىغا تارقالدى . بەزىلــەر گــۇمــان بىلەن قاراپ باش چايقاشتى ، بەزىلىرى مازاق قىلىپ ئۆســەك ســۆز تــارقــاتقانمۇ بولۇشتى . ئۇنى يېقىندىن قوللاپ ، يارــدەمدە بولغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى . بىراق ئۇ ، ئەپقاچتى گەپلەر

ئالـدـدا چۈشكۈنلىشىپ كەتمىدى ، قوللاش ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ ئۆزىـنـى يـوقىتىپمۇ قويمىدى ، باشتىن ـ ئاخىر تەمكىنلىك بىلەن ئىشـىـنـى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىككى يـىـلـمۇ ئۆتۈپ كەتتى . بۇ جەرياندا ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 800 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىدى . بۇ ھازىرقى شارائىتتا جـىـق پـۇل ھېسـابلانـمـىـسـىـمـۇ ، مـائاش بـىـلـەن تـۇرمـۇش كـەچـۈرـىـدىغانلارغا نىسبەتەن ئاز دېگىلى بولمايتتى . يېزىق ئۇسـتـىـلـىنىڭ تارتمىسىغا توشۇپ كەتكەن باغلام ـ باغلام قەغەزدىن ئۈنـىـڭ نـەچـچە يۈز قېتىملاپ لايىھە سىزغانلىقىنى ھېسابلاش تېخـىـمۇ تەس ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ يېڭى چالغۇنىڭ ئاساسىي گـەۋدىـسـىـنى قۇراشتۇرۇشتا كەينى ـ كەينىدىن يەتتە قېتىم مەغـلۇپ بـولـۇپ ، سـەككـىـزـىـنچى قـېـتـىـمدا دەسلەپكى قەدەمدە مـۇۋەپـپـەقىيەت قازاندى . بىراق ، ئىشنى بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلـغـىـلـى بـولـمـايتتى . ئۇ يەنە تۆت ـ بەش ئايلاپ باش چۆكۈرۈپ ئىشـلـەش ۋە بىرنەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ، تېخىمۇ ئىنـچـىـكـىـلـىـك ۋە زېـھـىـن تـەلـەپ قـىـلـىدىغان ئېلېكترونلۇق قـۇرۇلـمىلارنى ئورنىتىش ، پەدە بېكىتىش ۋە زىنننەتلەش قاتارلىق جـەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى — مۇڭتار ئاخىر دۇنياغا كەلدى .

## 4 . « بۇ تېخى باشلىنىش »

ئۇ ، مـۇخـبـىرنىڭ ئاخىرقى سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ئۇنـىڭ كۆزلىرىدە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى جىلۋىلەندى . ئەمما ئۇ ، چىرايىغا بىردىنلا جىددىيلىك يۈگۈرتۈپ :

ـــ دەسـلـەپـكى قـەدەمـدە مـۇۋەپپەقىيەت قازاندىم دېسەم ئارتـۇق كـەتـمەيدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭدا يەنىلا بەزى يېتەرسىزلىكلەر

مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق مىللىي چالغۇ قىلىپ چىقىش ئىرادەم بار، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

ئۇ، ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيىتىنى «بۇ تېخى باشلىنىش» دەپ خاتا ئېيتمىدى. شۇنداق، مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىششقا ئايلىنىشى لاپ گەپ ئەمەس.

1991 - يىل 4 - ئاي، ئاقسۇ



# ئوت نافشى

« ئىختىيارسىزلا ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم : مەن زادى ئۆلۈكمۇ ـ تىرىكمۇ ؟ ئۆلۈكمەنمىكىن دېسەم مېڭىپ يۈرۈپتىمەن ، ئۇنداقتا تىرىكلىكىمنىڭ بەلگىسى قېنى ؟ مەن ئارقامغا قارىدىم ، ئەگرى ـ توقاي ھايات يولىدا ئانچە ـ مۇنچە ئىزلىرىم قاپتۇ . بىراق ، ئالدىمدا تۇرغىنى تېخىمۇ يىراق ، تېخىمۇ مۇشەققەتلىك بوز يەر ئىدى . مەن بۇلۇت ۋە تۇمانلارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نۇرلۇق ئۇپۇق گىرۋىكىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم ... »

بۇ ياش رەسسام پەرھات ئىبراھىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىلغان ئۆزى ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى ، ئەمەلىيەتتە مۇخبىرنى قىزىقتۇرغىنىمۇ دەل ئۇنىڭ مۇشۇ خاتىرىسى . دۇرۇس ، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش ئۆزىنى بىلىش ۋە چۈشىنىشنىڭ روشەن ئالامىتى ، بۇ خىل ئالامەت ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى رىقابەت روھىغا باي ، ئىجادچان كىشىلەردىكى قىممەتلىك ئالاھىدىلىك ، بىراق بۇ خىل ئادەملەر ئارىمىزدا زادى قانچىلىك بار ؟

## 1

بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك تاشقى شەيئىلەرنىڭ تەسىرىنى

ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلىدىغان نازۇك دەۋر ، شۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن ئادەتتىكى ئىشلارمۇ سىنىڭ هايات يولىنى تاللىشىڭغا ، ئۆمۈرلۈك كەسپىڭنى بەلگىلىشىڭگە سەۋەبچى بولىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . شۇنداق ، پەرهاتنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە رەسسام بولۇپ قېلىشىغىمۇ ئۇ يەتتە - سەككىز ياش ۋاقتىدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىش سەۋەبچى بولغان ئىدى .

1963 - يىلى ئۇ ئاقسۇ شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى . بىر كۈنى « ئاقسۇ گېزىتى » نىڭ بىر رەسسامى ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ بەردى . سىزغاندىمۇ شۇنداق ئوخشىتىپ سىزغان ئىدىكى ، ئۇ ئەينەكتىكى هالىتى بىلەن ئاق قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن سۈرىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ هەيران قالدى . شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ يېنىدىن قەغەز ، قېرىنداشنى ئايرىماي ، بوش ۋاقىت تاپسىلا ئۇنى - بۇنى سىزىدىغان بولدى . بەزىدە ئۇ ، رەسىم سىزىشقا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشىپ كېتەتتى . بۇ ئىش ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى . بىر كۈنى ئەمدىلا مائاشىنى ئې- لىپ كىرگەن دادىسى ئۇنىڭغا قولىدىكى پۇلنى تەڭلەپ :

— بالام ، مۇشۇ پۇلنى ساڭا بەرسەم نېمىگە خەجلىگەن بولاتتىڭ ؟ — دېدى سىناش نەزىرى بىلەن .

— كىتاب ئالغان بولاتتىم ، دادا ، — دېدى ئۇ هېچ ئىك- كىلەنمەستىن .

شۇنىڭدىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭغا باللارغا ئائىت رەسىملىك كىتابلارنى ئېلىپ بېرىدىغان بولدى . بۇ ، قارىماققا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىك ئىشلار ئىدى . بىراق ، دەل مۇشۇ ئىش ئۇنىڭ باللىق قەلبىگە ئوت ياقتى ، رەسسام بولۇش ئىستىكى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان ئىدى ، ئۇ چۈشىدىمۇ رە-

سىم سىزىپ چۈش كۆرىدىغان بولدى. ئەپسۇسكى، رەسساملىق
ئۇنچە ئاسانمۇ ئىش ئەمەس ئىدى. ئىسمى - جىسمىغا لايىق مۇ-
كەممەل بىر رەسسام بولۇش ئۈچۈن، گۈزەل سەنئەت قانۇنىيىتى
ۋە نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگىلەش كېرەك ئىدى. ئۇ، مۇشۇ
نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپنىڭ گۈزەل
سەنئەت سىنىپلىرىدا بىلىم ئېلىشنى خىيالىغا پۈكتى. بىراق، زا-
مانىنىڭ قوپال چاقچىقى ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى بىر دەمدىلا
كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

1970 - يىلى ئۇ ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈت-
كۈزۈش ئالدىدا تۇرغاندا، ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ بالىسى دېگەن
قالپاق بىلەن ئوقۇشتىن توختىتىلىپ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ دۆڭ-
قوتان يېزىسىغا «قايتا تەربىيە» گە ئەۋەتىلدى. كۈتۈلمىگەن بۇ
زەربە ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە قاتتىق ئازار بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ-
نىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئوتنى ئۆچۈرەلمىدى. ئۇ، ئېغىر جىسمانىي
ئەمگەك شارائىتىدىمۇ رەسىم ۋە ھۆسنخەت مەشقىنى توخ-
تاتمىدى. قەغەز - قەلەم ئۆكسۈپ قالغاندا، يەر ۋە بارمىقى
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوبدان قورال بولدى. ئارىدىن سەككىز ئاي
ئۆتكەندە ئۇنىڭ «ھۈنىرى» كارغا كېلىپ قالدى. ئۇ،
ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ ئىستا-
نوكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ زاۋۇتنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا
قاتناشتۇرۇلدى.

## 2

تەقدىرنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ قىزىق، گاھىدا ئۇ سەن ئىن-
تىلگەن گۈلنىڭ شولىسىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ - يۇ، ئۈزۈشكە
ئىمكان بەرمەيدۇ. بىر چاغلار ئۆتكەندە شۇ گۈلنىڭ ئۆز كۆك-

سۇڭگە قانداق تاقاپ قويۇلغانلىقىنى تۇيماي قالسەن . ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ھايات ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئۇنتۇلماس چاقچاق قىلدى ، غايىب بىر روھ ئۇنىڭ بالىلىقىدا جاراھەتلەنگەن دىل يارىسىنى ئەملەشكە ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاراڭغۇ بوشلۇقنى يورۇتۇشقا سەنئەت نۇرى ئەۋەتكەن ئىدى . بۇ نۇر ئۇنىڭ رەسساملىق مەشقىدىكى چەمبەرسىمان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئۇنى « × » شەكىلدىكى ئېچىۋېتىلگەن يولغا باشلاپ كىردى . بۇ ، سەنئەت ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان ، ئەمما قاتمال زاماندا تېگىرقاپ يۈرگەن بىر ئادەم ئۈچۈن مۆجىزىلىك ئامەت ئىدى .

1976 - يىل 4 - ئايدا خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، مەشھۇر رەسسام جۇ ۋېيمىن « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۇچاغا كەلدى . بىراق ئۇ ، بۇ يەرگە كېلىش بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى ، بۇ چاغدا پەرھات خەلق ئەسكەرلىرى كىچىك ئەترىتىنىڭ زاپخوزى ، سوراقچىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى . بىر كۈنى بىر خەنزۇ رەسسام دوستى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ بىر چەتكە تارتتى - دە ، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ شىۋىرلىدى . پەرھات چۆچۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن « قاچقۇن جىنايەتچى » جۇ ۋېيمىن ھەققىدىكى خەۋەر ئىدى . ئۇ ، دوستىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ ، سەل تەشۋىشلىنىپ قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىق بولۇپ ، سېزىلىپ قالسا تۈرمىگە سولىنىش خەۋپىمۇ بار ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئوت بىردىنلا كۈچلۈك لاۋا پەيدا

قىلىپ ، ئۆزىدىكى تەشۋىشلەرنى ھەش - پەش دېگۈچە كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى .

پەرھات كىچىكىدىنلا خەنزۇ قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ چوڭ بولغاچقا ، ھەم مەكتەپتە خەنزۇچە دەرسنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭغاچقا ، خەنزۇچە سەۋىيىسى ياخشى ئىدى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇ ماھارىتى ئوبدان ئەسقاتتى . ئۇ پروفېسسور جۇ بىلەن كۆرۈشۈپلا كونا تونۇشلاردەك چىقىشىپ كەتتى ھەم ئۇنى دەرھال ئۆز ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردى . قىزىقارلىق يېرى شۇكى ، ئۇ كۈندۈزلىرى باشقىلار بىلەن ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ « قاچقۇن » نى ئىزدەيتتى ، كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ ئۆيگە سولىنىۋېلىپ پروفېسسور جۇ بىلەن پاراڭلىشاتتى . ئۇلارنىڭ سۆھبىتى يېرىم كېچىگىچە ، گاھىدا تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلاتتى . پروفېسسور نەزەر دائىرىسى كەڭ ، بىلىمى چوڭقۇر ئادەم بولۇپ ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ سەنئەت ، پەلسەپە ، ئېستېتىكا ھەققىدىكى تەلىماتلىرى ھەم رەسساملىقتىكى ھەر خىل ئۇسلۇب ، ئېقىملار بىلەن پىششىق تونۇش بولۇپلا قالماي ، ئۆزىمۇ بۇ جەھەتتە مۇستەقىل نەزەرىيىۋى قاراش شەكىللەندۈرگەن ئىدى . پەرھات ئۇنىڭ سۆزلىرىنى گويا چوڭ ئانىسىنىڭ قىزىقارلىق چۆچەكلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئاڭلاۋاتقان سەبىي بالىدەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سەنئەتكارنىڭ قىممىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇزاق مۇددەت قاراڭغۇ جاڭگالدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ئادەم توساتتىن ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالغاندەك پەرھاتنىڭ كۆز ئالدىنى پاللىدە يورۇتۇۋەتتى . « ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆمرى تولىمۇ قىسقا ، ئەمما ھەقىقىي سەنئەتكار بولىمەن دەيدىكەنسەن ، ئاشۇ قىسقا ھاياتىڭنى مىڭ يىل ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىتقا ئۇزارتىش ئۈچۈن تىرى-

شىنىڭ كېرەك » . پروفېسسورنىڭ بۇ سۆزلىرى پەرھاتنىڭ سەنئەت ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىگە مەھكەم ئورنىشىپ ، ئۇنىڭ رەسىم ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىكى ئەڭگۈشتەرى بولۇپ قالدى . پروفېسسور جۇ پەرھاتنىڭكىدە تۇرغان بىر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ تۈزەتتى ۋە پىكىر بەردى ھەمدە تېما بەلگىلەپ مەشىق قىلدۇرۇپ ، ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئاي پەرھات ئۈچۈن ئەستىن چىقمايدىغان سەنئەت كۇرسى بولۇپ قالغان ئىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ پەرھاتنىڭ رەسىم ئىجادىيىتىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . ئۇزاق ئۆتمەي ئىشچىلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئالتە پارچە ئەسىرى « شىنجاڭ گېزىتى » ، « ئاقسۇ گېزىتى » قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ ، ئۇنىڭ رەسساملىق ھاياتىدىكى تۇنجى مېۋىسى بولۇپ قالدى .

جۇڭگولۇقلارغا بەخت ۋە ئىستىقبال ئېلىپ كەلگەن ئىلىم - پەن باھارى پەرھاتقىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچتى ، 1979 - يىلى ئۇنىڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا گۈزەل سەنئەت خادىمى سۈپىتىدە يۆتكىلىپ كېلىشى بۇلبۇل بوستانىنى تاپقاندەكلا ئىش بولدى . ئۇ ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ زور ئىشتىياق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى ھەم شۇ يىلى 12 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا دۇغ بوياق ، تېز سىزما ژانىرلىرى بويىچە 26 پارچە ئەسەر ئىجاد قىلىپ ، مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى . بۇ جەرياندا ئۇ نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇپ كىرىپ ، رەسساملىقتىكى كومپوزىتسىيە ، پېرسپېكتىۋالىق مۇناسىۋەت ، رەڭ قانۇنىيەتلىرى ھەمدە گۈزەل سەنئەتتىكى ھەر خىل ئۇسلۇب ، ئېقىملار بىلەن پىششىق

تـونۇشتى . ئارقىدىنلا ئادەم ئاناتومىيىسىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆز-لۈكـىـدىـن ئۆگـىـنـىـپ ، ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ ماڭدى . شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماي بوياق رەسـىـم ئىـجـادىيىتىگە كىرىشتى . ئۇنىڭ « مىسكەر » ناملىق ماي بـوياق رەسىمى 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن « يـاشلارنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى » دە 2 ـ دەرىـجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . 1982 ـ يىلـى ئۇنىڭ « كۇسەن ئۇسـسـۇلـى » ، « قـەلـب نـاخـشىسى » ، « مەشرەپ » ، « ياڭرا ، مـېـنـىـڭ شوخ ناخشام » قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون دائىـ-رىسىدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى . بۇنىڭ ئىچىدە « كۇسەن ئۇسسۇلى » ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىدە 1 ـ دەرىـجـىـلـىـك مـۇكـاپـاتـقـا ئـېـرىـشتى . شۇ يىلى ئۇ جۇڭگو رەسـسـاملار جـەمئـىـيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە ئاقسۇ ۋىلايـەتـلـىـك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا قوبۇل قـىـلـىـنـدى . 1985 ـ يىلـى يەنە ئـۇنىڭ « قـىـزچـاق » ، « قايـ-تىلانماس تارىخ » قاتارلىق ماي بوياق رەسىملىرى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

## 3

جـەمئـىـيـەتتە ھازىر « شائىرلار كۆپىيىپ كەتتى » دېگەن ئەپـقـاچـتـى گـەپلەر مەلۇم بازارغا ئىگە بولۇپ قالدى . ئەمەلىيەتتە راسـت شـۇنـداقـمۇ ؟ دۇرۇس ، بىزدە شائىر بولۇش ئۈچۈن قەلەم تـەۋرىـتـىـۋاتـقـانلار خېلى كۆپ ، ۋاھالەنكى شائىرلىق كامالىتىگە يـەتـكـەنلەر ساناقلىقلا ، رەسساملىقمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش . بـىـز بـاغچىلاردا ، كۆل بويلىرىدا ، دەريا ساھىللىرىدا مەنزىرە سىـ-زىـپ يۈرگەنلەرنى ؛ تەقلىدىي يوسۇندا ھەر خىل گۈل نەقىشلىرى

ۋە ئادەمنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بىراق، ئۇلارنى سەنئەتكارلىق نۇقتىسىدىن رەسسام دەپ ئېيتالايمىزمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، سەنئەتكار دېگەن ئەرزان نام ئەمەس، ئۇ تارىخ يۈكلىگەن ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان كىشىلەرلا نائىل بولالايدىغان ئالىي ئۇنۋان! ئەپسۇسكى، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ مۇھىم ساھەلىرىدىن بىرى بولغان رەسىم ئىجادىيىتى گەرچە غازى ئەمەت، ئابدۇكېرىم نەسرىدىن قاتارلىق مەشھۇر سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ چىققانلىقى بىلەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىر پۈتۈن مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنىلا ئاجىز ئورۇندا تۇرماقتا، بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئۆزىمىزدىن! مانا بۇ مۇخبىر بىلەن پەرھاتنىڭ سۆھبىتىدە بولۇۋاتقان يۈزەكى پاراڭلار. پەرھاتنى ئويلاندۇرىدىغىنى، قىينايدىغىنى، ئىجادىيەتتە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئۈندەيدىغىنى دەل مۇشۇ نۇقتا. ئۇ، مۇخبىرغا ئۆز تەسىراتلىرى بىلەن قوشۇپ مۇنداق بىر كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى:

1986 - يىل پەرھات ئۈچۈن باللىق دەۋرىدىكى ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغان خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. ئۇ ئىمتىھان بىلەن مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاچقان سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، بىر يىل ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايدىغان، قەدىرلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان بىر يىل ئىدى. «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش!» ئۇ ئەنە شۇنداق ھەرىكەت مىزانى ئىچىدە بۇ بىر يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. كاللىسىدىكى چۇۋالچاق بىلىملەر سىستېمىلىشىپ، نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەر يېشىلىپ، تېخىمۇ

كەڭ بىر دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىجادىيەت بىلەنمۇ پائال شۇغۇللىنىپ، «تەخسە ئۇسسۇلى»، «يۇرتۇمنىڭ كۈز مەنزىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. يىل ئاخىرىدا مەكتەپ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىجادىيىتى سۈپىتىدە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئۈچ كۈن ئىچىدە «جەمئى-يەت» دېگەن تېمىدا بىر پارچە رەسىم سىزىشنى تاپشۇردى. بۇ، ئۇلارنىڭ بىر يىل جەريانىدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەمەلىي ئىمتىھان ئىدى. كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلار ھەش - پەش دېگۈچە سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. بەزىلىرى ھەتتا شۇ كۈنىلا پۈتكۈزۈپ تاپشۇردى. بىراق، پەرھات ئۇنداق ئاسان بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ خىيالغا چۆككەن بولۇپ، كاللىسىغا كىرىۋالغان بىر سوئال ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى ۋە تەپەككۇرىنى تىنىمسىز غىدىقلىماقتا ئىدى. جەمئىيەت ـــ ئۇنىڭ بەدىئىي جاۋابى زادى نەدە؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەر شارى پىرقىرايتتى، يۇلتۇزدەك چېچىلغان ئادەملەر گويا قاچاندۇر يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى ئىزدەۋاتقاندەك تى-نىمسىز مىدىرلايتتى. ئۇ ئويلايتتى، خىيال سۈرەتتى. مانا ئەمدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزگە تونۇشلۇق بولغان يېزا - قىشلاق، شەھەر - بازارلار، ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ ئۇياقتىن - بۇياققا سوزۇلغان يوللار، ئالدىراش ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنا ۋە ئادەملەر، رەت - رەت بىنالار، ئۈزلۈكسىز جىرىڭشىپ تۇرغان تېلېفونلار ... كەلدى.

پەرھات ھەرقانچە ئويلىغان بولسىمۇ قانائەتلەنگۈدەك بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. بىراق، ئىزدەۋاتقان نەرسىنىڭ ئۆز روھى بىلەن رىئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى نامەلۇم بىر نۇقتىدا ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. دەل ئاشۇ

نۇقتىدا دېڭىزدىن چاچراپ چىققان بىر تامچە قۇياشنى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ، كىشىلەر تېخى بايقىمىغان يېڭى بىر كارتىنىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. پەرھاتنىڭ ئىزدەۋاتقىنى دېڭىزنىڭ ئاشۇ تامچىسى ئىدى. بىراق، ئۇ زادى نەدە؟ پەرھات «ئىزدەش» نى داۋام قىلدى. ئىزدەش ئۇنى كوچىغا باشلاپ چىقتى. ئۇ ئۇرۇم- چىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى كەچ كىرگۈچە پىيادە ئايلاندى. ئۇنىڭ كۆرگىنى تەسەۋۋۇرىدىكى ھېلىقى كۆرۈنۈشلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۆزىنى ئەينەن سىزىپلا قۇتۇلسۇنمۇ؟ «ياق، ياق!» ئۇ ئىختىيارسىز باش چايقىۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئىككىنچى كۈنىمۇ شۇ تەرىقىدە ئويلىنىش ۋە كۆزىتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئاخىرقى بىر كۈنلۈك مۆھلەت قالغان ئىدى، بىراق ئۇ ھېلىقى «تامچە» نى ئىزدەپ تېپىش ئىرادىسىدىن ئازراقمۇ يالتايمىغان ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ سە- ھەر ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بازارغا قاراپ پىيادە يول ئالدى. ماڭا ـ ماڭا شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈككە يېتىپ كەلدى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، مېڭىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. كۈن چۈشتىن كېيىنكە قىيسايغاندا ئۇ ھارغىن ھالەتتە دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، دوقمۇشتىكى رىشاتكىغا يۆلەنگىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ خىيا- لىدا ھېلىقى «تامچە»، كۆزى بولسا ئەتراپتىكى ھەر خىل كۆرۈنۈشلەردە ئەگىيتتى. شۇ ئەسنادا بىرىنچى يول ئاپتوبۇسى ئۇنىڭ ئالدىدىكى بېكەتتە توختاپ، چۈشىدىغانلار بىلەن چىقىدىغانلار ئالمىششقا باشلىدى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى ئاپ- توبۇس ئاستىدىكى بوشلۇقتىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئالدىراپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان نۇرغۇن پۇتلارغا مەركەزلەشتى، «تاپتىم!» پەرھات خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە مەكتىپىگە قاراپ چاپتى. بىرنەچچە سائەت-

تىن كېيىن ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئاق قەغەزدە « جەمئىيەت » دۇنىياغا كۆز ئاچتى . ئۇنىڭغا سىزىلغىنى ھەر تەرەپكە ، ھەر خىل ھالەتتە نېمىگىدۇر ئالدىراش كېتىۋاتقان پۇتلار ئىدى . بۇلار يالاڭ ئاياغ ، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن ، يەنە ... يەنە تۈرلۈك قىسمەتلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پۇتلار ئىدى . ئۇنىڭغا نەزەر تاشلىغان ھەرقانداق بىر كۆز تەخسىدىكى لەگمەن چۆپىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن ھايات يولىدا ئۆز تەقدىرى ئۈس- تىدە ئىزدىنىۋاتقان ھەر خىل خاراكتېردىكى ئادەملەرنى كۆرەلەيتتى . بۇ رەسىم تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇستازلارنىڭ ۋە نوپۇزلۇق سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى .

شۇ يىلى پەرھاتنىڭ « قىزنىڭ ئېغىرلىقى ۋە تويلۇق » ناملىق ھەجۋىي رەسىمى ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت - ژۇرنال باشقۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئې- رىشتى . بۇ شەك - شۈبھىسىزكى ، ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى .

## 4

مەن ئۇنى ئىزدەپ بارغىنىمدا ئۇ ئىدارىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىكەن . ئۇ مېنىڭ زىيارەت قىلىش مەقسىتىمنى قوبۇل كۆرگەن بولسىمۇ ، ھە دېگەندىلا ۋاقىت چىقىرالمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈن كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم . ئۈچىنچى كۈنى بىز يەنىلا ئاشۇ جىددىيلىك ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ سۆھبىتىمىزنى باشلىدۇق . ئۇ گەرچە ئاقسۇدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ ، كىشىگە تۇغما كۇچالىقتەك تۇيغۇ بېرەتتى . ئۇنىڭ ھەر

بىر ئېغىز سۆزىدىن بۇ يۇرتقا بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ تارىختىن بۇيان كۇسەن نامى بىلەن ئاتىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ سېھىرلىك ماكاننىڭ مىڭئۆيلىرىنى، ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىسىنى، سەنئەت پۇراپ تۇرىدىغان قايناق بازارلىرىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنى ۋە قېتىقچى قىزلارنى رەسساملارغا خاس نەزەر بىلەن تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەزىبىلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەبىئىي، ھېسسىياتقا باي، خاراكتېر يارىتىشتىكى چىنلىقى بىلەن ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان تېز سىزمىلىرى ۋە بىر قىسىم دۇغ، ماي بوياق ئەسەرلىرىگە كۇچانىڭ بۇ خىل تەبىئىي ھەم روھىي مۇھىتى ناھايىتى روشەن مۇجەسسەملەنگەن ئىدى. بۇ، بەلكىم پەرھاتنىڭ رەسىم ئىجادىيىتىدىكى روشەن ئالاھىدىلىك بولسا كېرەك.

مەن بىرنەچچە كۈنلۈك مۇخبىرلىق پائالىيىتى جەريانىدا ئۇنىڭ يەنە بىر سىرىنى بايقىۋالدىم. ئۇ خىزمىتى ھەرقانچە ئالدىراش ۋە جىددىي مەزگىللەردىمۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئىجادىيەت پىلانىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدىكەن. بوش ۋاقىت بولسىلا ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە كۆرگەزمىگە قويۇلغان «مۆلجەر تاغ بورانلىرى»، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدا»، «سۈت ساتقۇچى قىز»، «قەدىمىي شەھەرنىڭ كېچىسى»، «كۈلال»، «كۈلكە»، «قۇملۇقتىكى سەپەر»، «قارا، ئۇنىڭ تەلەتىگە»، «موللا مۇسا سايرامى»، «ل. مۇتەللىپ»، «بىلال ئەزىزى»، «تەجەللى»، «نىمشېھىت»، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» قاتارلىق 800 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەمگەك ھەم قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش بەدىلىگە كەلگەن.

پەرھاتىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە يەنە كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئاسان چۈشمەيدىغان نۇرغۇن پىنھان ئىزلار بار. بۇ ئىزلار گەرچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدەك كەڭ دائىرىدىكى كىتابخانلارغا زوق بەخش ئېتەلمىسىمۇ، بىر سەنئەتكارنىڭ ۋەتەن ھەم خەلق ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشۇشتەك سەمىمىي يۈرىكىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. 80 ـ يىللاردىن بۇيان ئۇ خىزمەت ۋە ئىجادىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆز تالانتىنى كۆپ قېتىم نامسىز ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلدى. 1984 ـ يىلى ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ل. مۇتەللىپ ھەققىدىكى خاتىرە كۆرگەزمىسىنىڭ سۈرەتلىرىنى ئىشلەپچىققاندىن سىرت، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا بەنە ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ تارىخىي كۆرگەزمە سۈرەتلىرىنى سىزىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر جەمئىيەتتە كەڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانۇن، مائارىپ تەربىيىسىگە دائىر 600 پارچىغا يېقىن تەشۋىقات رەسىمى سىزىش بىلەن بىرگە، 1980 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت كۇرسىدا دەرس ئۆتۈپ، 500 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىدى. ئۇلاردىن 26 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ھەرقايسى سەنئەت مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىندى.

ئۇ ھازىر تېخىمۇ قايناق ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن كوچا تارىخىدا ئۆتكەن كومپىراجىۋادىن نىساخان ئانىغىچە بولغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بەدىئىي پورترېتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان «كوچا سىمفونىيىسى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ماي بوياق تام رەسىمى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

شۇنداق، ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر ئوت بار. بالىلىقىدا تۇتاش-
قان بۇ ئوت هازىر تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئۇنىڭ روهىي ئالىمىدە
قۇياشتەك يېلىنجىماقتا. ئىشىنىمىزكى، ئۇ نۇرغۇنلىغان قەلبلەرگە
مۇھەببەت ۋە هارارەت بەخش ئېتەلەيدۇ!

1993 - يىل، ئاقسۇ

# يىلتىز كۆكلەيدۇ

## مۇقەددىمە

مەن ئۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈۋېتىپ ئىختىيارسىز چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. ئۇ ئەمدى بىر دىرېكتور — ئىگىلىك ياراتقۇچىلا ئەمەس، ھاياتنى، سەنئەتنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئىجادكار بولۇپ گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ئۇ تېخى يېقىندىلا «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئۇلاپ بېرىلگەن «كېچىكىپ كەلگەن باھار» ناملىق پوۋېستىدا بىر بەختسىز قىزنىڭ كەچۈرمىشىگە ياش تۆككەن بولسا، يەنە بىر قىسىم داستان - شېئىرلىرىدا تۇرمۇشقا، رېئاللىققا ۋە كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئوتتەك شائىرانە ھېسسىياتى بىلەن نامايان قىلغان ئىدى. ئالدىمدا يەنە ئۇنىڭ بەش ئەۋلاد ئائىلە تارىخى ئەكس ئەتكەن 20 بابلىق قولىيازمىسى تۇراتتى. ئۇنى گەرچە مەتبۇئاتلارغا بەرگۈدەك مۇكەممەل بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە يىلتىزىنى ئىزدەش ئېڭى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن ئىدى. بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، بىزدە ئۈچ ئەۋلادنىڭ نېرىسىنى بىلمەسلىكتەك ئىللەت ساقلانغان. بىراق، قازاق، قىرغىز قېرىنداشلىرىمىز يەتتە ئەۋلادقىچە ئېنىق دەپ بېرەلەيدىكەن. بۇ،

پاكىتتقا ئۇيغۇن گەپ ئىدى. ئويلاپ باقسام، مەنمۇ بوۋامنىڭ نېرىسىنى ئۇقمايدىكەنمەن. ئەتراپىمدىكى خېلى كۆپ كىشلەر- دىن سورىۋىدىم، ئۇلارمۇ ماڭا ھەيران بولغاندەك قاراپ باش چايقاشتى. ئەجەبا، ئۇ ... ؟

مەن يەنە ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە ھەپتىدە بىر چىقىدىغان « پاختا خەۋىرى » ناملىق گېزىتنى ۋە ئۇ يازغان بىر قىسىم خەۋەر - ماقالىلارنىمۇ ئوقۇپ چىقتىم. مەزكۇر گېزىتنىڭ مەلۇم سانىدىكى ئىبرەت سەھىپىسىگە مۇنداق قۇرلار بېسىلغان:

« جەنۇبىي تارىم پاختا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ئۆمەر توختى تارىم دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ كۆنسېرى ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، تەشكىلنىڭ رۇخستىنى ئالماي شەخسىي ساياھەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېتىپ، زاۋۇتقا تەھدىت سېلىۋاتقان كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش جېڭىگە قاتناشمىغان. بۇ زادى قانداق ئىستىل ... ؟!»

قارىماققا ئاددىي كۆرۈنگىنى بىلەن، ماختاشمۇ، تەنقىدمۇ، ئەقەللىي پىكىر - تەلەپلەرمۇ بار بولغان: سەھىپىلىرى رەڭدار، ئىخچام، مەزمۇنلۇق بۇ گېزىت شىركەتنىڭ ئىچكى قىسىمىدىكى ھەرىكەت رىتىمىدىن، كۆڭۈل ئازادىلىكىدىن، مول مەدەنىيەت مۇھىتىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك، ئۇ ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئىگىلىك تىكلىگەن ئىدى. تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى چوڭ بىر شىركەتنىڭ نەچچە مىليونلاپ پۇلىنى ئۇيان - بۇيان قىلالايدىغان دىرېكتورى بولۇپلا قالماي، مۇھەررىرى ھەم مۇخبىرىمۇ بولغان ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇ ياراتقان مۆجىزىلەرنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەندەك بولدۇم ھەم شۇنداق ئويلىدىم: « شىنجاڭدىكى نەچچە يۈزلىگەن دىرېك- تورلار ئىچىدە ئۇنىڭدەكتىن قانچىسى باردۇ ؟ »

# 1

ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا خەرىتىدىكى شەكلى بەئەينى يىراقلارغا نەزەر تاشلاۋاتقان تۆگىنىڭ باش قىسمىغا ئوخشىشىدىغان خىلۋەت ماكان — شايار ناھىيىسى بار. ئېلىمىزنىڭ ئەڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرى جىمىرلاپ تۇرغان زۇمرەتتەك پايانسىز دېڭىزغا سايە تاشلاپ تۇرسا، ئۇ يەر دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ... يەر كۆلىمى ئازراق كەم تەيۋەن ئۆلكىسى بىلەن تەڭلىشىدىغان، تارىختا كۆسەن خانلىقىغا تەۋە بولغان بۇ يۇرتنىڭ خەن دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىپ، زىرائەت ۋە كېۋەز تېرىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان سان - ساناقسىز تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، موللا ئەلەم شەھيارىدەك مەشھۇر كلاسسىكلارنى يېتىشتۈرگەن؛ بوستانتوغراق قەدىمكى شەھىرى، ئەگمە يانتاق قەدىمكى شەھىرى، تاشدۆڭ قەدىمكى شەھىرى، ئۈچقات قەدىمكى شەھىرى، ژىدىق قەدىمكى شەھىرى، بوتباش قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەم تارىم، شالدىراڭ دەريا بويلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ئوخشاش سىر - مۆجىزىلەرنى ئۆز قويىنىدا ساقلاپ كەلگەن بۇ يۇرت تارىخ قەدىمگە ماس ھالدا بۈگۈنگىچە ئۇلاشتى. ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تارىخ بۇ زېمىنغا يەنە بىر قېتىم ئېغىر سوئال قويدى: «قېنى، شايارلىقلار قانداق قىلاركىن؟»

1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ياغقان قار كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ

كۆزنى چاقاتتى. ناھىيىلىك پاختا شىركىتىنىڭ يىغىن زالى يۈز-
دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بىلەن تولغان بولۇپ، شۇ تاپتا
ئۇلار تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى يېڭى دىرېكتورنىڭ ئېلان
قىلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنى - بۇنى دەپ
پىچىرلىشاتتى. چىرايلىرىدىن تەقەززالىق، خىلمۇخىل پەرەز ۋە
ھۆكۈملەر ئەكس ئېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئەمدىلا 26
ياشقا كىرگەن كېرەم قاسىم ئىسىملىك ياشمۇ بار ئىدى. سائەت
توققۇزدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى پارتكومىنىڭ
شۇجىسى قاتارلىق كىشىلەر زال ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، كۆپ-
چىلىك بىردىنلا جىم بولۇشتى. يىغىن باشلانغاندىن كېيىن،
شۇجى تۆۋەندىكىلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ:

— ھازىر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ
قارارى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن
كېرەم قاسىمنىڭ پاختا شىركىتىگە دىرېكتور بولغانلىقىنى ئېلان
قىلىمەن! — دەپ جاكارلىغاندا، زال ئىچىنى بىر پەس تىمتاسلىق
قاپلاپ، ئارقىدىنلا ئۇزاققا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى
ياڭرىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇن
ھالەتتىن بىزار بولۇپ، يېڭى ھاۋاغا، يېڭى پەللىگە ئىنتىلىۋاتقان
يۈرەكلەرنىڭ ئورتاق دولقۇنلىنىشى ئىدى. كىشىلەر خېلىدىن
بېرى كۆڭۈللىرىگە پۈككۈشكەن ئىش ئاخىر رېئاللىققا ئايلانغاندەك
خۇشاللىنىپ، تۇشمۇتۇشتىن كېرەم قاسىمغا قاراشتى. ئاز
ساندىكى تاتارغان، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن كىشىلەرمۇ
يوق ئەمەس ئىدى. بىراق، بۇ ئىش ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق
كېرەم قاسىمغا شۇنداق تاسادىپىي تۇيۇلدىكى، ئۇ گويا بىر پارچە
ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك يۈزلىرى قىزىرىپ، بەدەنلىرى
تىترەپ، چېكىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇ-
جۇدىدىكى نومۇس ۋە غۇرۇر كۈچى شان - شەرەپ تۇيغۇسىدىن

غالىب كېلىۋاتاتتى . توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېلىپ قالدى : شىركەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ، يەنى 1958 ـ يىلى ئۇنىڭ دادىسى پاختا زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان . بىراق ، ئۇزاق مۇددەت ھۈنەرگە تايىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ كەلگەن بۇ ئادەم يېڭى خىزمەت مۇھىتىغا كۆنەلمەي چىقىپ كەتكەن ئىدى . بۇ گۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ ، ئۆز ئوغلىنىڭ دەل شۇ شىركەتنىڭ دىرېكتورى بولغانلىقىنى بىلسە قانداق ھېسسىياتقا كېلەر ؟

يىغىن قىزغىن داۋام قىلىۋاتاتتى . كوپېراتىپ رەھبەرلىرى شىركەتنىڭ چىقىش يولى ھەققىدىكى ئويلىغانلىرى ۋە كۈتىدىغان ئۈمىد ـ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى . ئاخىرىدا كېرەم قاسىمنى ئامىنىڭ ئالدىدا ئىرادە بىلدۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى . ئۇ يەنىلا تاساددىپىيلىق ھېس قىلغان بولسا كېرەك ، گاڭگىرىغان ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىردەم تۇرۇپ قالدى . ئۇ ھازىرغىچە تالاي جاپالارنى تارتىپ بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، بۇنداق كۆپ ئامىنىڭ ئالدىدا سەھنىگە چىقىپ سۆزلەپ باقمىغان ئىدى . ئىككىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىنغاندا بولسا ۋۇجۇدىدىن چاقماق چېقىلغاندەك بولدى ـ دە ، قەددىنى رۇسلاپ ، گۈس ـ گۈس دەسسىگىنىچە سەھنىگە چىقىپ مىكروفوننىڭ ئالدىغا كەلدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ۋە كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ئىدى . قولىدىن ھەقىقىي ئىش كېلىدىغان ، جىگەرلىك كىشىلەرلا بىرەر مۇشكۈل ئەھۋالغا دۇچ كەلسە ئەنە شۇنداق ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇ دەقىقە ئىچىدىكى ئويلىنىشتىن كېيىن قىسقىلا قىلىپ مۇنداق دېدى :

— مەن شىركەتنىكى ئامىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئاكتىپچانلىقىغا تايىنىش ئارقىلىق ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ

ئورۇنداپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تىرىشىمەن. ئىشچى - خىز-
مەتچىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، ناھىيىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا
بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشىمەن!

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ زال ئىچىنى يەنە
بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ساداسى قاپلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىرېكتورلۇق ھاياتى باشلاندى. تۇرمۇش تەرتىپى، شەكلىمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ تۈپتىن ئۆزگەردى. خېلى مەزگىلگىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئىشنى زادى نەدىن باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت قىيىن سوئال نېرۋا سەزگۈلىرىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ، بىردەممۇ تىنچ قويمايتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ھېس قىلدىكى، بىرەر ئىش ھەققىدە ئويلاش، پىلان تۈزۈش ئاسان بولغان بىلەن، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئەنە شۇنداق خىيال ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە ئىزتىراپ چېكىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن پېشكەل-لىك يۈز بەردى. شىركەتتە بىر ئىقتىسادىي دېلو پاش بولدى. ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى بولمىغان كېرەم قاسىممۇ گۇمانلىق دەپ قارىلىپ، 14 نەپەر تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

بۇ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ئامراق بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت بولدى. ئۇلار ئۇنى بىراقلا كاردىن چىقىرىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئىغۋالارنى تارقاتقانلىقىنى ئاز دەپ، يۈز تۇرانە ھاقارەتلەپ، تېخىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلماقچى بولدى. ناھەق ئىشلارنى كۆرسە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان كېرەم قاسىم بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر سالماق، ئېغىر بولۇپ، قەلبىدىكى غەزەپ ئوتلىرىنى بېسىۋالدى. ئەگرى - توقاي ھايات يوللىرى ئۇنىڭغا «ئاچچىقنىڭ دورىسى سۈكۈت» دېگەن قائىدىنى ئوبدان

ئۆگەتكەن ئىدى . ئۇ ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خىزمىتىنى نورمال ئىشلەشكە تىرىشتى . ئۇ ئۆزىگە ، ئائىلىغا ، تەشكىلگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى ، ھەق ـ ناھەق ئاخىر ئايدىڭلىشىدۇ دەپ ئويلايتتى . بىراق ، ئۇ يەنە بىر قېتىم شۇنى بىلىپ يەتتىكى ، كىشىلىك تۇرمۇش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىكەن ، ئادەملەر تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدىكەن . سەن قانچە سەمىمىيلىك بىلەن بىر گۈزەل غايە يولىدا تىرىشقانسىرى ، ئالدىڭنى توسىدىغان دوقال ، ئاۋارىچىلىقلارمۇ شۇنچە كۆپىيىپ بارىدىكەن .

ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىغان ھالدا خىيالغا چۆككەن ئىدى . كۆز ئالدىغا شوخ ـ مەسۇم بالىلىق چاغلىرى ، نامرات بولسىمۇ قايناق ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى ، «قايتا تەربىيە» ئېلىش مەزگىلىدىكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر بىر ـ بىرلەپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قېيىن ھەم جاپالىق مەزگىللەر ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ يۇرتتا ماڭمىغان يوللىرى ، قىلمىغان ئىشلىرى ئاز دەمسىز ؟ ئۇ ، ئوتۇنچى بولۇپ جاڭگاللارنى كېزىپ باققان ، تاشيول ئىشچىسى بولۇپ يول ياسىغان ، خۇمداندا ئىشلەپ كېسەك قۇيۇپ باققان ئىدى ؛ ئۇ ، دېھقان بولۇپ ئورغاق ، كەتمەننى ، ياغاچچى بولۇپ رەندە ، ھەرىنى ئىشلىتىپ باققان ئىدى ؛ ئۇ ، جۇۋازچى بولۇپ ياغ تارتقان ، ھەتتا مۇئەللىم بولۇپ بور بىلەن دوسكىغا خەتمۇ يېزىپ باققان ئىدى ...

ئۇنىڭ ئەسلىمىسى ئۆزى تۇنجى قېتىم پاختا شىركىتىگە كىرگەن يىللارغا ئۇلانغاندا ، ۋۇجۇدى نېمىشقىدۇر تىترەپ ، كۆزلىرىدە ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى . بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى . ئادەتتە ھەممە نەرسىنىڭ يىلتىزى ، مەنبەسى بولغانغا ئوخشاش ، ئادەمدىكى ھەۋەس ، ئىن-

تىلىشىنىڭمۇ مەلۇم ئىشلار بىلەن چېتىشلىقى بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىلىق قەلبىگە ساقلىنىپ قالغان بەزى ئالاھىدە تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر كېيىنكى مەزگىلدىكى ھايات پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. كېرەم قاسىمنىڭ ئائىلە تارىخى ئەكس ئەتكەن 20 بابلىق قولىيازمىسىدا مۇنداق قۇرلار بار: «1963 ـ يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئائىلىمىز تولىمۇ نامرات، تۇرمۇشىمىز ناچار بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا مەكتەپكە يېلىڭ ھەم يالاڭ ئاياغ باراتتىم. بىر كۈنى مەكتەپ ماڭا بىر كىلوگرام پاختا، ئىككى مېتىر كاجىنى قۇتقۇزۇش ھېسابىدا بەردى. مەن شۇ چاغدا تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان پاختىنى تۇنجى قېتىم قولۇم بىلەن تۇتۇپ كۆردۈم. ئۇ تولىمۇ ئاق ھەم يۇمشاق ئىدى. ئانام ماڭا ئۇنىڭدىن بىر پاختىلىق ئىشتان تىكىپ بەردى. نېمىشقىدۇر تەنلىرىم يايراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا، قەلبىمگە ئىللىق ھارارەت تارالغاندەك بولدى ... »

1972 ـ يىلى كېرەم قاسىم يېڭى مەھەللە يېزىسىدا «قايتا تەربىيە» ئېلىۋاتقاندا، پاختا زاۋۇتىغا ئىككى نەپەر خادىم ئالىدىكەن دېگەن خەۋەر تارالدى. ئۇ ئاڭلاپلا خۇشاللانغان، ھاياجانلانغان ھالدا ئولتۇرالماي قالدى. دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئىزدەپ، قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى. بىراق، چېنىققان ۋاقتى قىسقىكەن، دەپ قايرىلىپ تەلىپى رەت قىلىندى. ئۇ ئىلگىرى مەكتەپكە ئورۇنلىشىپ بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئەمما دەل مۇشۇ سەۋەب بىلەن خىزمىتىدىن بوشىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىزغىنلىق تەڭرىنى تەسىرلەندۈردى بولغاي، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ئىشلىرى ئوڭغا تارتىشقا باشلىدى. ئۇ كوپېراتىپقا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاسقان چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ماگىزىنچى بولۇپ

ئورۇنلاشتى . ئۇ پاختا زاۋۇتىدا ئىشلەش ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ ، بىر سىستېمىدا ئىشلىيەلىگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى . ئۇ ، بۇ يەردە يەرلىكتىن ياۋا چىگە سېتىۋالاتتى . يىغىلىپ بەش ـ ئون تونىنىغا يەتكەندە ، قاتار تىزىلغان تۆگىلەرنى يېتىلەپ ، ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ، پاختا شىركىتىگە ئۆتكۈزەتتى . بىراق ، ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىدىغىنى شۇ ئىدىكى ، ئۇ مىڭ بىر جاپادا شۇنچە يۈكنى ئەكەلگەن بىلەن ئىش بېجىرىدىغان ئادەم تاپالماي نەچچە كۈنلەپ كۈتۈشكە مەجبۇر بولاتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەمگە ئىسسىقلىق ۋە روھ بېغىشلايدىغان ئاپئاق پاختا ئارىسىدا ئىشلەۋاتقانلار ھەرگىزمۇ لايغەزەل ، تىرىكتاپلاردىن بولماسلىقى كېرەك ئىدى . ئەجەبا ، بۇ شىركەتتىكىلەر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ؟ ئۇ ئاچچىقلىناتتى ، بوغۇلاتتى .

1973 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇنىڭ غايىسى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى . ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پاختا پرىيوم كۇرسىغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ، خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتتى ، گويا ئۇزاق مۇددەت قەپەس ئىچىگە سولىنىپ قالغان قۇش بىردىنلا ئەركىنلىككە ئېرىشىپ ، بوشلۇقتا پەرۋاز قىلغاندەك ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن ھېس قىلدى . پۇخادىن چىققۇچە ۋارقىرىغۇسى ، سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كەلدى . ئۇ كۇرسقا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن 15 كۈن كېچىكىپ بارغىنىغا قارىماي ، پاختا ھەققىدىكى بىلىملەر قايىنىمىغا شۇنداق كىرىپ كەتتىكى ، ئۈچ ئاي ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى . كۇرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، تويبولدى يېزىلىق پاختا زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىنىپ پرىيومچى بولدى . قىزىق ئىش ، ئۇ دەل پاختا شىركىتى قۇرۇلغان يىلى ، يەنى 1954 ـ يىلى تازا تومۇز

ئىسسىقتا، ئەمگەك قىزىغان ئورما ئېتىزىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىدى. ئەجەبا، تەقدىر ئۇنىڭ هاياتىنى پاختىدىن ئىبارەت ئاق، يۇمشاق، لېكىن جاپاسى تولا ئوقەت بىلەن باغلىۋەتكەنمىدۇ؟

ئۇ بۇ يەردە پاختىكارلار بىلەن تۇغقانلاردەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ۋەزىپىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقتىن، 1976 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ تەقدىرلەندى ھەم كېيىنكى يىلى شۇ پونكىتنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مانا ئەمدى تەشكىلنىڭ كۆزى ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان، تاپشۇرۇلغان ئىشنى كۆڭۈل كەلتۈرۈپ ئورۇندايدىغان بۇ يىگىتكە چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. 1979 - يىلى ئۇ ناھىيىلىك پاختا شىركىتىنىڭ كەسپىي ھەم پىرىيوم بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ يۆتكەلدى. ئۇ، بۇ يەردىمۇ ئۆگىنىشنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا پىششىقلاپ، ئۈزلۈكسىز نەتىجە ياراتتى.

1980 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پاختا شىركىتىنى تەرتىپكە سېلىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. بۇ، ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى بولۇپ، كىشىلەر تېخىرقاش ھەم ئويلىنىش ئىچىدە يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويۇۋاتاتتى. قۇرۇلغاندىن بۇيان گاھ يۇكسىلىپ، گاھ چېكىنىشتەك ھالەتنى تەكرارلاۋەرگەن، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سانىنىڭ ئاز، ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قالاقلىقى تۈپەيلىدىن سېتىۋالىدىغان پاختىسى 30 مىڭ دەندىن ئاشمايدىغان پاختا شىركىتىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلانغان ئىدى. شۇ قېتىم كېرەم قاسىم تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تەرتىپكە سېلىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ پرىيوم، كەسپىي خىزمەت، بىخەتەرلىك، ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە زاۋۇت باشلىقلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنامىسى

قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تەدبىر تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ، بۇ ئىشنىڭ ناھىيىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. نەچچە كېچە ئۇخلىماي ئويلىنىش، تەجرىبە-ساۋاقلارنى پۇختا يەكۈنلەش ئارقىلىق كارخانا ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان 15 تۈرلۈك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يېزىپ چىقتى. ۋىلايەتلىك كارخانا تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى ئۇ تۈزگەن لايىھىنى ئاممىدىن پىكىر ئېلىش، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ۋە باشقا ناھىيىلەردىكى ئوخشاش كەسىپلەرگە سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ دەپ بېكىتتى...

كېرەم قاسىم ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى قوللاپ چالغان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى-دە، بىردىنلا يەڭگىللەپ، دىرېكتور بولغاندىن كېيىن ئۇچرىغان دىشۋارچىلىقلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. قەلبىدە يانغان ئىشەنچ، ئۈمىد نۇرلىرى ئۇنى داۋاملىق ئالدىغا قاراشقا ئۈندەيتتى.

تەكشۈرۈش تويتوغرا ئالتە ئاي داۋام قىلدى. ھەتتا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى قاتارىدا تەكشۈرۈلدى. پاكىت ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، ئۇنىڭ پاكلىقىنى، ھالال ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پىتنە-پاساتچىلارنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ، دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا جىمىقىشتى.

كېرەم قاسىم يەنىلا شۇنداق سالماق ھەم تەمكىن ئىدى. كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىنى ئالدىراپ قىزىپ كەتمەسلىككە، ئىشنى پۇختا، ئەمەلىي قىلىشقا

ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. خېلى مەزگىلدىن بۇيانقى كۆزىتىش ھەم تەتقىق قىلىشلار ئارقىلىق شىركەتنى قايسى يول بىلەن روناق تاپقۇزۇش مەسىلىسىدە ئېنىق قارارغا كېلىپ بولغان ئىدى.

ئۇ ئىشنى تۈزۈم ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلىدى، ئىلگىرىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان كونا قائىدىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، رىقابەت خاھىشى كۈچلۈك گەۋدىلەنگەن، پرىنسىپلىرى مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش، زامانغا لايىق باشقۇرۇش تەرتىپلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇنۇمدىن زىيىنى كۆپ بولىدىغان ئېغىر ئەمگەك سىجىللىقىنى ئازايتتى. مەسئۇلىيەت ئېنىق، مۇكاپات ـ جازا نەق بولغاچقا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى كۈچىيىپ، ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ، بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بوش ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. دەسلەپكى تۆت يىلدا پىرىيوم، ھېسابات، بىخەتەرلىك ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەلىرى بويىچە 13 قارار كۇرس ئېچىپ، 650 ئادەم قېتىم تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1986 ـ يىلى باج پايدىسى 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى. شىركەتنىڭ شارائىتىمۇ ياخشىلىنىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 550 نەپەرگە يەتتى.

ئۇ، گەرچە شۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى بىر باشلىنىش دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللار ياتاتتى...

## 2

1987 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كېرەم قاسىم پاختا شىركىتىگە دىرېكتور بولۇپ يەتتىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا يەنە بىر خىرىس ۋە رىقابەتنى كۈتۈۋالدى.

شۇ كۈنى شىركەتنىڭ يىغىن زالىغا يىغىلغان يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قىزىق بىر «ئويۇن» نى كۆرۈۋاتاتتى. شۇ تاپتا بۇ يەردە پاختا شىركىتىنى خېرىدار چاقىرىپ هۆددىگە بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. بۇ شايار تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. كىشىلەر هەيران بولغان هەم قىزىققان هالدا بىر ـ بىرىنى يېڭىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلانغان ئۈچ رىقابەتچىگە هەۋەس بىلەن قارىشاتتى. رىقابەتچىنىڭ بىرسى كېرەم قاسىم بولۇپ، ئۇ يەنىلا سالماق، تەمكىن كۆرۈنەتتى. بۇغداي ئۆڭ چىراي، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن رىقابەتچىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىشەنچ كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. يىغىن باشلىنىپ، ئالدى بىلەن ناهىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى هۆددىگە بېرىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن ئۈچ نەپەر رىقابەتچى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆز قىلىپ، پىلان، تەسەۋۋۇرلىرىنى بايان قىلدى. يېرىم كۈن داۋام قىلغان «دىرېكتورلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسى» دە كېرەم قاسىم رىقابەتچىلىرىنى يەڭدى. هۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ ئۇنى هۆددىگەرلىككە تەكلىپ قىلغانلىقىنى جاكارلىغاندا، كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ تەبرىكلىدى، تەكلىپنامىگە ئۆز ئارا ئىمزا قويۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، هۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ:

— هازىر ھۆددىگەر تەرەپ ئىككى نەپەر ياردەمچىنى تاللاپ بېكىتسە بولىدۇ، — دەپ ئوقتۇردى.

زال ئىچىنى تىمتاسلىق قاپلىدى. كۆپچىلىك كىمنى تاللاركىن، دېگەندەك كېرەم قاسىمغا تەقەززالىق بىلەن قارىشاتتى. كېرەم قاسىمۇ دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي، بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېقىن ئۆتكەن ئەل - ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم ئۇزاق مۇددەت بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرى كەلدى. بىراق، ئۇ ھۆددىگەر، شىركەتنىڭ قانۇنىي ئىگىسىگە ئايلانغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتى زور بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭغا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىقتىدارلىق ئادەملەر لازىم ئىدى. توساتتىن ئۇنىڭ قەلبى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى – دە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزى بىلەن دىرېكتورلۇقنى تالاشقان ئىككى نەپەر «رەقىبى»نى ياردەمچىلىككە تاللىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ، كىشىلەرگە كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ تۇيۇلدى بولغاي، بىر - بىرىگە لاپپىدە قاراشتى، ئاندىن ھەيران بولغان، تېڭىرقىغان ھالدا ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ تاپتا كېرەم قاسىمنىڭ «رەقىبى» نى ئۆز يېنىغا تارتىشى ئۇلارنىڭ ئىددىيىسىدىن ئۆتمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئىدى. كونىلاردا «ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دېگەن گەپ بار، «بىر قەپەس ‹تۇتۇشقان› بولدۇق. ئۇلاردا يۈرەك، ئەقىل، جاسارەت دېگەن نەرسە بولمىسا دىرېكتور بولىمەن دەپ مەيدانغا چۈشمەيتتى» دەپ ئويلايتتى كېرەم قاسىم.

* * *

ئۇ شىركەتنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن «ئۆزىگە ئۆزى

خوجا بولۇش ھوقۇقى» كۈچىيىپ، تېخىمۇ ئەركىن، بىمالال ئىشلەش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قابىل ئىككى ياردەمچىگە ئىگە بولغاچقا، ئەقىل خەزىنىسى بېيىپ، ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى.

تويبولدى، مازار غوجام، يېڭى مەھەللە قاتارلىق جايلار-دىكى پاختا زاۋۇتلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يېزا باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن بولۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سۈرئىتى ئاستا، سۈپىتى ناچار، بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولمىغاچقا، ھالى خاراب ئىدى. ئۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ناھىيە رەھبەرلىرىگە ئېيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئۈچ زاۋۇتنى سېتىۋېلىش بىلەن بىرگە، ئالتە مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يېڭىدىن ئۈچ پاختا زاۋۇتنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ پاختا كۆلىمىنى كېڭەيتىش پىلانىغا پۇختا ئاساس تىكلەندى. 1990 - يىلىغا قەدەر ئۇ سۈپەت ۋە ئۈنۈم ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئا-ساسىي نىشان قىلىپ، ئەسلىدىكى كونا، قالاق ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا تۆت مىليون يۈەن سەرپ قىلدى. 40 نەچچە ئادەمنى ھەرقايسى كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، 25 ئادەم قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، 80 نەچچە ئادەم قېتىم ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. كې-يىنكى يىلى ئۇ پاختا كۆلىمىنىڭ كېڭىيىش ۋەزىيىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، بەش مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قايلۇر، بورىقاي

قاتارلىق جايغا يېگىدىن ئىككى زاۋۇت قۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە كىشلەرنىڭ پاختىچىلىقنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىپ، ناھىيىنىڭ پاختىچىلىققا ئائىت تەشۋىق ـ تەربىيە، يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىش ۋە نەق مەيدان يىغىنلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىدى. تېرىلغۇ، پەرۋىش ۋە يىغىۋېلىش مەزگىللىرىدە بىر تۈركۈم خادىملارنى ئىشلەپچىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ، دېھقانلارغا ھەر جەھەتتىن ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.

1992 ـ يىلى ناھىيىنىڭ پاختا تېرىلغۇ كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40 مىڭ مو كۆپىيىپ، 220 مىڭ موغا يەتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇ، بىر تەرەپتىن دېھقانلارغا ئوگايلىق يارىتىپ بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن پاختىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن نۇرباغ، يېگىئېرىق، يانتاقباش قاتارلىق جايغا ئۈچ سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە سېتىۋېلىنغان پاختا مەھسۇلاتى 370 مىڭ دەنگە يېتىپ، شايار تارىخىدىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. شۇ يىلى بۇ شىركەت ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ پاختىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. كېرەم قاسىممۇ ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا سىستېمىسىدىكى 10 مۇنەۋۋەر دىرېكتورنىڭ بىرى بولۇپ تەقدىرلەندى.

## 3

« ئەقىل ـ پاراسەتكە دائىر ھېكايىلار » ناملىق كىتابتا جەنۇبىي ئامېرىكىدا بولۇپ ئۆتكەن « ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرۈش » تىن ئىبارەت قىزىقارلىق بىر ۋەقە بار. ئۇنىڭدا، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ئوت ئاپىتىدە قاپسىلىپ قېلىپ، ھاياتى

خەتەر ئىچىدە قالغان بىر توپ ساياھەتچىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر ئوۋچى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقى تەسۋىرلەنىدۇ . كېرەم قاسىمنىڭ ھايات خاتىرىسىدىمۇ « ئوتنى دۈملەپ ئۆچۈرۈش » ئارقىلىق زور بىر ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىغا ئائىت بىر ھېكايە بار . بۇ دەل 1991 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، پاختا سېتىۋېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش خىزمىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە يۈز بەرگەن ئىش ئىدى . شۇ كۈنى جىددىيچىلىكتىن چارچاپ ھالى قالمىغان كېرەم قاسىم ئەمدى بىر « ئۇھ » دەپ چۈشلۈك تاماقا ئولتۇرغاندا ، ئۇنىڭ شوپۇرى چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغان ھالدا كىرىپ كەلدى ھەم تويبولدى زاۋۇتىدىكى پىششىقلىنىش ئالدىدا تۇرغان پاختا دۆۋىسىگە ئوت كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى .

كېرەم قاسىمنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى . گويا مۇھىم بىر بازىنىڭ قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھەربىي قوماندانداك چىرايىغا جىددىي تۈس ئېلىپ ، قولىدىكى ھورى پۇرقىراپ تۇرغان ئىسسىق ئاشنى جاققىدە شىرەگە قويغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئاپەت يۈز بەرگەن جايغا قاراپ ئاتلاندى ...

تاغدەك يوغان بىر پاختا دۆۋىسى پاراسلاپ ئاۋاز چىقارغىنىچە گاھ يالقۇن چىقىرىپ ، گاھ قويۇق ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈپ كۆيۈۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا تايلاپ قويۇلغان پاختا ، چىگىت ، كېۋەز دۆۋىلىرى كۆپ بولۇپ ، قىممىتى 17 مىليون يۈەندىن ئاشاتتى . بۇ شاياردىكى نەچچە مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىككى يىللىق مائاشىغا باراۋەر كېلىدىغان سان ئىدى . ئەگەر ئوت ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېلىنمىسا ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى .

ئاپەت رايونىغا نەچچە مىڭ ئادەم ــــ ئەتراپتىكى دېھقانلار ، ئوقـۇغـۇچىلار ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يىغىلغان بولۇپ ، قوشۇن تـەرتـىپسىز ھەم قالايمىقان ئىدى . ھەربىر داس سۇ ئوت ئۈستىگە چېـچـىلغاندا نەچچە مېتىر ئېگىزلىككە ئۇچقۇنلار كۆتۈرۈلەتتى . ئەگـەر بـۇ ئۇسـۇل داۋامـلـىـشـىۋەرسە ، تاسادىپىي شامال چىقىپ قالـىدىغان بولسا ئەتراپتىكى پاختىغا ئوت تۇتىشاتتى ـ دە ، چاپىـ قـىـنـى ئالـىـمـەن دەپ كۆزنى قارىغۇ قىلىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چـىـقاتتى . شۇ تاپتا بۇ قوشۇن تەدبىرلىك ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بـىـر قـومـانـدانغا تولىمۇ موھتاج بولۇۋاتاتتى . بىرپەستىن كېيىن نـاھىيە رەھبەرلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى . كۆپچىلىك تېز گىنىسىز قىـ لـىـۋاتـقـان ئوتـقـا قـارىـغـانـدا قانـداق قـىـلـىـشـنـى ......ـچە چىرايلىرىدىن تاقەتسىزلىك ، جـىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى . ئادەم كۆپ يەردە گەپ كۆپ بولىدۇ دېگـەندەك ، كىشىلەر ئۇنـى ـ بۇنـى دېيىشىپ ئويلىغانلىرىنـى ، چـارە ـ تـەدبـىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى . بەزىلەر ئۈمىدسىزـ لەنگـەن ھـالدا : « ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەيدىغان بولدى ، ئەمدى ئۆچـۈرۈۋېـلـىـش مۇمـكىن ئەمەس » دەپ خۇرسىناتتى . بەزىلەر كـۆيـۈۋاتقان پاختىنى دۆۋىسىنى تاشلىۋېتىپ ، ئەتراپتىكى پاختىنى دۆـ ۋىـلىرىنى تېزدىن يۆتكەشنى تەشەببۇس قىلدى . بۇنداق قىلغاندا كـۈتـۈلـمىگەندە بوران ياكى شامال چىقىپ قالسا ئاقىۋىتى بەرىبىر ئوخـشاش بولاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىۋالا كۆپ پاختىنى بىر ھەپـتـىـدىـمۇ يۆتكەپ بولغىلى بولمايتتى . شايار ناھىيىسىدە ئوت ئۆچـۈرۈش ئەتـرىـتـى بـولـمـىغاچقا ، يەنە بەزىلەر تېزدىن كۇچا نـاھـىـيـىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ ئۇلارنى يـاردەمـگـە چـاقـىـرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . بىراق ، 80 كىلومېتىر ئارىـلىقتىن كېلىپ بولغۇچە ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايتتى . قانداق قىـ لـىـش كـېرەك ؟ كېرەم قاسىم چوڭقۇر خىيالغا چۆكـكەن ئىدى . شـۇ تـاپـتـا ئۇنىڭ « ئەقىل ماشىنىسى » تېز ـ تېز ئىشلەۋاتاتتى .

ئۇ ھەر قېتىم بىرەر جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئەنە شۇنداق تەمكىنلىك ھەم سالماقلىق بىلەن بىر پەس ئويلىنىۋالاتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى: ئوت ئۆچۈرۈش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قالايمىقان قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاش، قوشنا زاۋۇتتىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى تېزدىن يۆتكەپ كېلىش بىلەن بىللە، يېقىن ئەتراپتىكى كىگىز - پالاسلارنىڭ ھەممىسىنى دەرھال بۇ يەرگە توپلاش.

شۇنىڭ بىلەن قوشۇن جەڭگىۋار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا كىرىشتى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 80 پارچە بىرىزېنت پالاس، 200 پارچە كىگىز تەييار بولدى. كېرەم قاسىم بۇلارنى سۇغا چىلاپ، كۆيۈۋاتقان پاختا دۆۋىسىنى يوچۇق قالدۇرماي يېپىپ «دۇملەش» كە قوماندانلىق قىلدى. ئۇ ئالىقاچان ئويلاپ يەتكەن ئىدىكى، بۇنداق قىلغاندا ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئەتراپقا يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماي، قۇتراۋاتقان ئوت ئەجدىھاسىنىڭ نەپەسلىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، جايىدىلا «بوغۇپ ئۆلتۈرۈش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى تېزلا ئۈنۈم بەردى. ئىككى سائەتلىك كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن ئوت ئاخىر ئۆچۈرۈۋېلىندى. كۆپچىلىكنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. كېرەم قاسىمۇ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىل تىنىدى.

بىرنەچچە كۈن ئىلغاش، قۇرۇتۇش ۋە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق زىيان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە — 93 مىڭ يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. 17 مىليون يۈەنلىك غايەت زور زىياننىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىستراخوۋانىيە شىركىتى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈلگەن ئەمەلىي زىياننى تۆلەپ بەردى.

شىركەتنىڭ كېڭىيىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كېرەم قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان مەسىلىلەرمۇ كۆپىيىپ باردى. ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇ پاختىدىن ئىبارەت بىرلا يولدا قىستىلىپ تۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى بارا - بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى. تىنىمسىز سوئاللار ئىچىدە ئىلگىرى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا، ئېچىلمىغان يوللارنى ئېچىشقا تىرىشتى.

1991 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ھاۋا ئوچۇق. شىركەت دەرۋازىسىنىڭ ئىچى - سىرتى ئەتىياز ئاپتىپىغا قاقلانغىنىچە قۇرۇق پاراڭ سېلىشىۋاتقان بىر توپ ئادەم بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى بىر ئالغۇدەك كۈلكە - چاقچاقلىرى ئىشتىن ئېشىپ قېلىۋاتقان نەچچە يۈز ئىشچىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان كېرەم قاسىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ، كارىدورغا چىقىپلا ئۆزى ئەڭ ياقتۇرمايدىغان بىر مەنزىرىنى كۆردى. ئۇ باشقا مەنزىرە ئەمەس، دەل شىركەتتىكى بىر نەچچە يۈز ئىشچىنىڭ قولى ئىشتىن سېلىككىنىگە بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغان، بېجىرىم تۇرۇپ قىلغىلى ئىش تاپالمايۋاتقان، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۆزلىرى نائىلاج خورلاۋاتقانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ھالەت ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالغا قاراپ: «ئاھ، ئۇلۇغ دىيار، قارا ئوغلانلىرىڭغا» دەپ توۋلىۋەتكىلى تاس قالدى. بىراق، توۋلىمىدى، ھاياجىنىنى بېسىۋالدى. راست ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان قىرانلىق چاغلىرى، ئۇلار كىندىك قېنى تۆككۈلگەن، ئۆزلىرى ئاپىرىدە بولغان بۇ تۇپراقتا قان - تەر تۆكۈشى، بايلىق يارىتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ياراتقان تەگرىم ئۇلارغىمۇ ئۆتكۈر كۆز، كۈچلۈك بىلەك، ئەقىل - پاراسەتلىك كاللا ھەم بېجىرىم تەن ئاتا قىلغانغۇ؟!

كېرەم قاسىمنىڭ خىيالى بىردىنلا ھېلىقى كۆرۈنۈشتىن ئوچتى. بىراق، نېمشقىدۇر ئىچى قاتتىق ئېچىشتى. ئىنسانغا بىكار تەلەپلىكتىن ئارتۇق خورلۇق بولماس! يەنە كېلىپ بۇ ئۇ-نىڭ ئۆزى ئۇچۇنمۇ بىر خورلۇق ئىدى. شۇ مىنۇتتىنا چىگىش خىياللار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق سوئال قويدى: «مەن دىرېكتور بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارغا يارىتىدىغان شارائىت ـ ئىمكانىيەتنى قاچانغىچە ۋۇجۇدقا كەل-تۈرمەيمەن؟»

ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ تەنھا ھالدا يەنە بىر پەس خىيالغا چۆكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بېرى شىركەت دەرۋازىسىغا تۇنجى قېتىم كىرگەنلەردىن رويخەت ئۇ-چۇن سورالغان سوئاللار كەلدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— مەدەنىيەت سەۋىيىڭىزچۇ؟

— نېمىگە قىزىقىسىز؟ قانداق ئالاھىدىلىكىڭىز بار؟

...

«ئەمدى تاپتىم» دېۋەتتى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا. شۇ تاپتا ئۇ «ئەقىل ماشىنىسى» نىڭ يەنە بىر قېتىم ئۈنۈملۈك ئىشلەپ بەرگەنلىكىدىن خۇرسەن بولغان ئىدى.

1992 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەھەر، كېرەم قاسىم ئويلىغانلىرىنى شىركەت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇپ، قىزغىن قوللاشقا ئېرىشتى. ئۇ شىركەت قارىمىقىدىكى بارلىق خىزمەتچىگە يېڭىدىن «رويخەت جەدۋىلى» تارقىتىپ، ھەممەيلەنگە «ئارتۇقچىلىقى»، «قىزىقىدىغىنى» گرافىسىنى ئەينەن، تولۇق تولدۇرۇشنى تاپىلاپ،ئاخىر ھەربىر كىشىنىڭ

ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ چىقتى. روۋيخەتتە ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى دەل «سەنئەت تالانتىم يوقىرى»، «بىر قانچە خىل سازنى چېلىشنى بىلىمەن»، «يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئېيتىشقا بەكمۇ قىزىقىمەن» دېگەن سۆزلەر بولدى.

دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىشتىن ئارتۇق ئىش يوق، شۇنداقلا تەدبىرلىك، ئىدىيىلىك ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئىشىنىڭ قىيىنمۇ يوق. يېڭىدىن تولدۇرۇلغان روۋيخەت جەدۋىلىدىن 14 نەپەر كىشىنىڭ تالانتلىق سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. شۇ تاپتا ئۇلارمۇ چەكسىز شادلىققا چۆمگەن ئىدى. كىشىگە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىشقا قويۇلۇشتىن ئارتۇق بەخت بار دەمسىز؟

تەمكىن كېرەم قاسىمنىڭمۇ بۇ تاسادىپىيلىقتىن شىركەت تارىخىدا بىرەر ئۆزگىچە يېڭىلىق چىقىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇردى. ئىش ئويلىغان يەردىن چىقتى. 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە كەلگەندە، بۇ شىركەت قارىمىقىدىكى «ئاق ئالتۇن سەنئەت ئۆمىكى» مۇنتىزىم تەشكىللىنىپ، ئوركېستىر، ئۇسسۇل، يالغۇز كىشىلىك ناخشا، لەپەر، ئېپىزوت قاتارلىق ژانىرلاردا جاپالىق رەپىتىسىنى باشلىدى. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بۇ ئۆمەك ناھىيىلىك كىنو - تىياتىرخانىدا تۇنجى مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى. 1200 كىشىلىك كۇلۇبنىڭ بىرمۇ ئورنى بوش قالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆمەك ناھىيە تەۋەسىدە كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەرنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىدىكى مۇلازىمەت تۇرىدىن باش تارتماي، بارغانلا يېرىدە قارشى ئېلىندى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ماختىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. شايار ناھىيىسىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى بۇ ئۆزگىچە يېڭىلىقتىن تولىمۇ رازى بولدى.

« ئاق ئالتۇن سەنئەت ئۆمىكى » نىڭ 1993 ـ يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىگە مۇنۇلار ئېنىق يېزىلغان : « ئۆمىكىمىز 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى 16 ناھىيە ، 80 دىن ئارتۇق يېزا ، مەيدان ، ئۆتەڭ ، كەنتلەردە 65 مەيدان ھەقلىق ، 12 مەيدان ھەقسىز ئويۇن قويدى . 73 جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى . ئۆمەكنىڭ ئوركېستىرى قوشنا ئورۇنلارغا بېرىپ ، 21 مەيدان مۇزىكا چېلىپ بەردى . ھازىر ئۆمىكىمىز كۈنسايىن روناق تېپىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانا ، تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدىكى تۇنجى كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ شەكىللەندى . ئۆمەك بۇ يىل ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇق قامداپلا قالماي ، شىركەتكە 1642 يۈەن ساپ پايدا تاپشۇردى . »

رويخەت جەدۋىلىدىكى ئالاھىدىلىكى ، قىزىقىشى بويىچە رەتلەنگەن تىزىملىكتىن قوشۇمچە كەسپكە تەشكىللەشكە بولىدىغانلارنىڭ سانى 150 كە ، كەسىپ تۈرىنىڭ 24 كە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى .

1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، شىركەت « ئاق ئالتۇن سەنئەت ئۆمىكى » نىڭ ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىپ بولۇپلا ، باشقا كەسىپ تۈرىدىكى ئۇستىلارنىڭ ئىشىغا تۇتۇش قىلدى . 30 كۈن ئىچىدە ياغاچچىلىق ، ماشىنىچىلىق ، رېمونتچىلىق ، كىراكەشلىك ، ساتىراشلىق ، بورداقچىلىق ... قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ئۇسكۈنە ، ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلىدى ، تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تۇرغۇزدى ، كىرىم كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىپ بەردى . شۇنداق قىلىپ ، 24 كەسپنىڭ 22 سىگە 64 نەپەر كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئۇستىلارنىڭ قەلبى ئەمدى ئەمىن تاپتى ، شادلاندى .

*           *           *

1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھاۋا يەنىلا ئوچۇق بولۇپ، دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر توپ «ھۈنەر-سىز» لەر تەقەززالىق ئىچىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىرېكتورغا تېزراق ئىش بېرىشنى ئىلتىجا قىلىشاتتى.

— سىلەر ئەمگەك قىلالامسىلەر؟ مۆجىزە يارىتالامسىلەر؟

دىرېكتورنىڭ بۇ سوئالىدىن ئۇلار تېڭىرقىغاندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئارىدىن بىرنەچچە تەنتەك:

—ئەمگەكنى بىزدەك ئوغۇل بالا قىلمىسا كىم قىلاتتى، — دېگىنىچە كۆكرىكىنى كەردى، كۆپچىلىك بىردەك ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

دىرېكتورنىڭ كۆڭلى يەنە بىر قېتىم ئەمىن تاپتى. ئارقىدىنلا ئۇ سەل ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدە نۇرغۇن ئىرادىلىك، يىراقنى كۆرۈپ يەتكەن كىشىلەر ئىچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدى 1000 مودىن، كەينى بىرقانچە يۈز مودىن بوز يەر ئېچىپ، سۇيىگە قاندۇرۇپ كۆچەت تىكىپ، كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، زىرائەت تېرىپ، ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى چاقتى. ناھىيىمىزنىڭ گۈلباغ يېزىسىدىن چىققان راخمان ئىسمايىل بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. باشقا ناھىيىلەردىكى نەچچە يۈزلىگەن دېھقانلارمۇ ئىككى بىلىكىگە، ئەقىل ـ پاراسىتىگە، ئەڭ مۇھىمى سىياسەتنىڭ كەڭلىكىگە تايىنىپ، ئىزچىل ھالدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرمەكتە. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قارا تال يېزىسىدىكى ۋاڭ گۇزى ئەسلىدە ئىچكىرى ئۆلكىدىن قۇرۇق قول كەلگەن. ئۇ قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە بوز

يەر ئېچىپ كېۋەز تېرىپ، داڭلىق پاختىكارغا ئايلاندى. ئەمدىكى گەپ سىلەردە. قاتنىشى قولايلىق، سۈيى ئەلۋەك زېمىن بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قايلور يېزىسى تەۋەسىدىكى قومباغ سىلەرنىڭ نىشانىڭلار بولسۇن.

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدىغان كەڭ يايلاق — قومباغ شايار تارىخىدا بىر قانچە قېتىم ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىنمۇ ياكى تەبىئىي ۋە سۈنئىي شارائىتلارنىڭ يار بەرمىگەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ تاشلىنىپ قالغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قومباغنى ئەزەلدىن شايارلىقلار ماكان تۇتۇپ، كۆكەرتىپ، بايلىقىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. 1803 - يىلى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق چوڭ كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان، ئاپەتتىن ئامان قالغان ئاھالىلەر تويبولدى تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن.

1932 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ كۇچادىكى ساقچى ئىدارىسى قومباغنى بىر قېتىم ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاتلىرى ئۈچۈن بىدە تېرىغان. ئۇلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن تاشلىنىپ قالغان. 1965 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە مەزگىلىدە قايدۇلۇقلار يەنە بىر قېتىم ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈپ شال تېرىپ باققان، كېيىن ئۇلارمۇ تاشلىۋەتكەن.

ئەجدادىمىزدىن قالغان «يەر ئەسكى ئەمەس، ئەر ئەسكى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بۈگۈنكى كۈندە سىياسەتنىڭ كەڭلىكىدىن قومباغ ئاخىر ئۆز ئىگىسىنى تاپتى.

1992 - يىل 3 - ئاي، كېرەم قاسىم ئاخىرقى بىر تۈركۈم «ھۈنەرسىز» لەرنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قومباغقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ قومباغدا كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياشلار مۇلازىمەت كارخانىسى قۇرۇلدى. ھازىر

بۇ كارخانا 500 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈككە، يىللىق تىجارەت پايدىسى 100 مىڭ يۈەنگە يەتكەن كىچىك تىپتىكى كارخانا بولۇپ قالدى. كارخانا قۇرۇلغاندىن 1994 ـ يىلغا قەدەر بىرقانچە 100 مو يەر ئېچىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، 60 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخ تىكىلگەن. 1993 ـ يىلى ئىچىدە 180 مو يەرگە ھەر خىل زىرائەت تېرىلىپ، 80 مىڭ كىلوگرامغا يېقىن ھوسۇل ئېلىنغان. 28 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىنغان، شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە 300 مودىن ئارتۇقراق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

قۇمباغ ئۆز ئوغلانلىرىغا شادلىق ئاتا قىلدى. نەچچە قېتىم ئۆزلەشمىگەن بۇ زېمىننى شايار دىيارىدىكى تەدبىرلىك، پەم ـ پاراسەتلىك كارخانىچى كېرەم قاسىم باشچىلىقىدىكى ئاددىي، ئەمما شىجائەتلىك ئەزىمەتلەر ئۆزلەشتۈرۈپ، سۈيىگە قاندۇردى. ئۇلارنىڭ ماڭلاي تەرلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى چاقتى.

ۋاھالەنكى، شايار دىيارىدىكى ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان بىپايان زېمىن ئۇلارغا ئىپتىخارى بىلەن تەلپۈنمەكتە! بەلكى، «قۇمباغ ئەسلى مېنىڭ كىندىكىم! مەنمۇ قۇمباغدەك سۈيۈمگە قېنىپ يېشىللىققا پۈركىنەي، شايار ئەزىمەتلىرى ئەجدادىنىڭ مەندىكى ئۆچەي دەپ قالغان ئىزلىرىغا يېڭىۋاشتىن جان ئاتا قىلسۇن» دەپ خىتاب قىلماقتا.

## 4

1993 ـ يىلى شايار ناھىيىسىدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، پاختا مەھسۇلاتى %10 كېمىيىپ كەتتى. بۇ، پاختىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كې-

تەلمىگەن بولسىمۇ، شايارلىقلارنى يەنە بىر قېتىم ساۋاقتا ئىگە قىلىپ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا بىر تۈركۈم كەسىپ ئىگىلىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئاپتوماتلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەچكە، تېخنىكا كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياج كۈنسايىن ئېشىۋاتاتتى. بۇ، ئەزەلدىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان كېرەم قاسىم ئۈچۈن ئالتۇندەك پۇرسەت بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات سودا كوپىراتىپى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ھەم يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتلاملارغا كۆپ قېتىم چېپىش ئارقىلىق، شىركەت قارىمىقىدا يۈز نەچچە كىشىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئېچىشنى قولغا كەلتۈردى. 1994 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن قابىل تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تاللانغان 200 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىنى ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تارىخ، سىياسەت كەسىپلىرى بويىچە بىر ئايلىق كونسۇلتاتسىيىگە ئۇيۇشتۇردى. بۇلاردىن 188 نەپىرى دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلىقتىن، شىركەت ئاچقان ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم مەكتەپ بىلەن شىركەت بىرلىشىپ ئاچقان كارخانا ئوتتۇرا تېخنىكومى بارلىققا كەلدى. ئۇلار سىنتۇۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش مەزگىلىدە ئۆز زاۋۇتلىرىغا بېرىپ پراكتىكا قىلسا، بوش ۋاقىتلاردا يىغىلىپ دەرس ئوقۇغاچقا، ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك، ھەم ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتەك قوش ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1994 ـ يىلى شايار ناھىيىسى 300 مىڭ مو كېۋەز تېرىش،

30 مىڭ تونna ساپ پاختا ئېلىش ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى 100 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت « 331 قۇرۇلۇشى » لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . پاختا شىركىتى بۇ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ ، دېھقانلارنى 5000 تونna سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق چىگىت بىلەن تەمىنلەپلا قالماي ، 2 ـ ئايدا ناھىيە چاقىرغان تايانچ كادىرلارنى ۋە تېخنىكا كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا 60 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى . تېرىلغۇ مەزگىلىدە 40 نەچچە نەپەر خادىم ئاجرىتىپ ، ھەربىر دېھقان ئائىلىسى بىلەن سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامى تۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى . 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كۈتۈلمىگەن مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ ، ئون نەچچە مىڭ مو كېۋەز نابۇت بولغاندا ، شىركەت ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا دەرھال 100 تونna ئۇرۇقلۇق چىگىتنى ھەقسىز ياردەم قىلدى . مول ھوسۇلنى مول پىتى ، بىخەتەر يىغىۋېلىش ئۈچۈن تۆت مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ پاختا زاۋۇتىنى 12 گە ، سېتىۋېلىش نۇقتىسىنى 18 گە يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ، 700 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ پۈتۈن زاۋۇتتا يۈرۈشلەشكەن بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى . ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 36 كىشىلىك ئىقتىسادىي ساقچىلار ئەترىتى قۇرۇپ ، قوغداش خىزمىتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى .

شۇنداق قىلىپ ، 1980 ـ يىلى ئاران يۈز نەچچە ئادىمى ، 400 مىڭ يۈەن مۇقىم مۈلكى بار بۇ شىركەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1088 نەپەرگە ، مۇقىم مۈلكى 24 مىليون يۈەنگە يەتكەن ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىستىقباللىق تايانچ كارخانىغا ئايلاندى . 1993 ـ يىلى باج ـ پايدىسى مىليون يۈەندىن ھالقىغان كارخانا بولۇپ ، ۋىلايەت تەرىپىدىن تەقدىرلەندى . 1994 ـ يىلى باج نىسبىتى كېمەيگەن

ئەھۋالدا باج پايدىسى 9 مىليون يۈەندىن ئاشتى. تاپشۇرغان بەرلىك باج 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۆتكەن يىلى پاختا مىقدارى 650 مىڭ دەنگە، دېھقانلارغا تارقىتىلغان زاكالەت پۇلى 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەھسۇلات 75% ئاشقان ئەھۋال ئاستىدا تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۇنۇملۇك ئىشلەنگەنلىكتىن، ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چوڭ يىغىن ئېچىپ، شىركەت دىرېكتورى كېرەم قاسىمنى 6,000 يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پاختا ـ چىگىت شىركىتىمۇ 25 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

## 5

شىركەت روناق تېپىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرگەنسېرى كېرەم قاسىم شۇنچە سالماق، تەمكىن، كىچىك پېئىل بولدى. يۇرتقا، خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق، ساۋابلىق ئىشلا بولسا قىلدىكى، كىچىككىنە ئىشتىمۇ بىپەرۋالىق قىلمىدى. شايارلىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشى، شىركەتنىڭ 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مېيىپلارغا ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئۇ شىركەتكە ۋاكالىتەن مائارىپ، مېيىپلار، ئاپەت رايونلىرى، يول قۇرۇلۇشى ۋە بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن بىمارلارغا 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم ـ ئىئانە قىلدى. بۇنى خوتەندىن چىققان كېرەم ئىمىننىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمىسىمۇ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ھەم بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېتىشىپ چىققان بىر كارخانىچىنىڭ ۋەتەن، خەلقنى ھەردائىم ئېسىدە چىڭ تۇتۇشتەك

ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. تۆۋەندە كېرەم قاسىم ۋەكىللىكىدىكى شايار ناھىيىلىك پاختا شىركىتىنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئەكس ئەتكەن ئۇششاق ھېكايىلار ئىچىدىن بىر نەچچىسىنى تاللاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز:

**1-ھېكايە:** شايار ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە 43 كىلومېتىر كېلىدىغان تارىم يېزىسىنىڭ يولى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ياسالمىغاچقا، قاتناش قۇلايسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ يېزىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ناھىيە بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مەبلەغ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن يەنە 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە تاشلىنىپ قالغان ئىدى. كېرەم قاسىم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال يولنىڭ كۆۋرۈك ۋە سۈگۈچ قۇرۇلمىسى ئۈچۈن شىركەت نامىدىن 120 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ياردەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يول ئومۇميۈزلۈك پۈتۈپ، نەچچە مىڭلىغان دېھقانلارغا ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ئەمەلىي ئىشتىن بىرسى ۋۇجۇدقا كەلدى.

**2-ھېكايە:** بۇ 1991-يىلى بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئىدى. پاختا شىركىتىدە فەن زىپىڭ ئىسىملىك بىر ئايال ئىشچى بولۇپ، ئۇنىڭ 13 ياشقا كىرگەن ئوغلى ئاق قان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىلاردا جىددىي داۋالاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولماي ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئىدى. بىر كۈنى فەن زىپىڭ گېزىتتىن شاڭخەيدىكى مەلۇم دوختۇرخانىنىڭ بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاپ، ئۈنۈمىنى 80% كە يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ئۇچۇر قانداق قىلسام يۈرەك

پارەمنى قۇتقۇزۇۋالارمەن دەپ ھەسرەتكە چۆككەن بۇ ئانىغا ئازراق ئۈمىد بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، شاڭخەيگە ئاپىرىپ داۋالاتقۇدەك خىراجەتكە چىقىنالمايتتى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر سىناپ بېقىش نىيىتىدە ھېلىقى گېزىتنى كۆتۈرگىنىچە، بىر بېسىپ - ئىككىلى بېسىپ دىرېكتور ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. كېرەم قاسىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ھېسداشلىق قىلغان ھالدا بار كۈچى بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم شۇ كۈنىلا فەن زىيىڭنىڭ يولدىشى تۇرۇشلۇق سۇ ئىدارىسىغا كېلىپ، ئىدارە باشلىقى خالىق ئىمىن بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، بىرلىكتە قۇتقۇزۇۋېلىشنى بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئورۇن 40 مىڭ يۈەندىن جەمئىي 80 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، بالىنى تېزدىن شاڭخەيگە يۆتكەپ، داۋالىتىشقا دالالەت قىلدى. بۇ كۈتۈلمىگەن شاپائەتكە نېمە دېيىشنى بىلمەي قالغان ئەر - ئايال ئىككىيلەن تەسىرلەنگەنلىكىدىن يىغلىۋەتتى. گەرچە ئۇلار يېرىم يىل داۋالىتىپ، بالىسى ئاخىر ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتى ھەم بۇرچىنى ئاخىرغىچە يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان تەشكىلگە قانداقمۇ رەھمەت ئېيتماي تۇرالىسۇن؟

**3 - ھېكايە:** شىركەت ئىشچىسى غوپۇر ھاكىمنىڭ 19 ياشقا كىرگەن ئوغلى كىچىكىدىنلا بىر خىل پالەچ كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ، ئورنىدىن تۇرالماي كۈن ئۆتكۈزگەن. سەككىز نوپۇسلۇق بۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئون نەچچە يىلدىن بېرى داۋالىتالماي كەلگەن.

1992 - يىلى كېرەم قاسىم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە يوقلاپ كېلىپ ئەھۋال سورىدى. ياشلىق باھارىغا قەدەم قويغان بىر يىگىتنىڭ بىچارە ھالىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ئېچىشتۇردى. ئۇ دەرھال 7000

يۈەن پۇل ھەل قىلىپ بېرىپ، بالىنى تېزدىن داۋالىتىشنى تاپى-لىدى. بىر يىل داۋالاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، نورمال كىشىلەرگە ئوخشاش ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ئىشلىيەلەيدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا: «بالىمىزنى شىركەت قۇتقۇزۇۋالدى» دەپ رەھمەت ئېيتىشتى. ئۇ يىگىت ھازىر پاختا شىركىتىگە ئورۇنلى-شىپ، بىر كىشىلىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقتا.

**4 - ھېكايە:** 1992 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، كېرەم قاسىم ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن با-لىلار بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلگەن پىئونېرلار پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ يىغىلىشقا ھەرقايسى ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ئاتا - ئانىلار ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 20 گە يېقىن ئادەم سىرتتىن ئىشتىراك قىلىنغان ئىدى. پائالىيەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى نەپەر ئوماققىنە پىئونېر قىز كېرەم قاسىمنىڭ بوينىغا گالستۇك تا-قاپ، بىر دەستە گۇل سوۋغا قىلدى. بۇ، مەكتەپنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىن چىققان بىر ئىسلاھاتچىغا بولغان ھۆر-مىتى ھەم مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيتتى. رىتىملىق داقا - دۇمباق ۋە مىزگان ساداسى ئىچىدە رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن 600 دەك ئۆسمۈر مەيدانغا چۈشكەندە ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان بىر گۈزەل كۆرۈنۈش نامايان بولدى. سەھنىدىن ئورۇن ئالغان كېرەم قاسىم ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرغان مەسۇم چىرايىغا، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداۋاتقان شوخ، مەردانە ھەرىكىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز ھاياجانلاندى، ۋۇجۇدىغا ئىسسىق بىر ئېقىم تارىلىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىكى باللىق ئەسلىمىلىرى بىلەن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرى

بـولـغان . ئاشۇ نامرات ، جاپالىق يىللاردا قايناق ، قىزغىن ئۇقۇغۇ-
چىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ، ئىلىم ئىگىلەش تەشنالىقىدا
چـاڭـقـىـغـان قەلبىگە ئاجايىپ گۈزەل غايىلەرنى پۈككەن ئىدى .
بـىـراق ، ئۇ تـولـۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈشكە ئاپەتلىك
يـىـللار بـاشـلـىـنـىـپ ، ھەمـمـە ئـىـش كـۆپـۈككە ئايلاندى . ئۇ ،
بـۈگـۈنكىدەك ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەتكە قاتناشقاندا ئۆز ئارزۇ-
لـىـرى قـايـتىدىن بەرق ئۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلمەيدۇ دەمسىز ؟
شـۇ تـاپـتـا ئۇنـىـڭ كـۆز ئالـدىـدا تـىـخىمۇ گۈزەل بىر كېلەچەك
پارلايتتى ...

پائالىيەت ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى سۆزگە تەكلىپ
قـىـلـدى . ئۇ ئۆزىـنـىـڭ ئوقـۇغۇچىلىق چاغلىرى بىلەن ھازىرقى
دەۋرنـى سېلىشتۇرغان ھالدا تەسىرلىك سۆزلىدى . بالىلاردىن بىر
مـىـنـۇت ۋاقتىنىمۇ قولدىن بەرمەي تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ۋەتەن ـ
مـىـلـلەتنىڭ يارامىلىق ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد
قـىـلـدى ھەم ئۇلارنـىـڭ بـۇ خـىـلـدىـكـى پـائالـىـيىتىنى قوللاش
يۈزىسىدىن 2000 يۈەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

**5 - ھېكـايـە :** 1994 ـ يـىـل 5 ـ ئايغا كەلگەندە ، ئىشچى ـ
خـىـزمـەتـچـىـلـەر سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، شىركەتنىڭ
نـوپۇسى 3000 دىن ئاشتى ، كېرەم قاسىم ئۇلارنىڭ پاراۋانلىق ھەم
سـاقـلـىـقـنى ساقلاش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن ، بىر
قـېـتـىـمـلىق ئومۇمـيۈزلۈك تەكـشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقـىـلىق
40 تـىـن ئارتـۇق ھەر مـىـلـلـەت بـالـىـلىرىنىڭ تۈرلۈك ئاغرىقلار
سەۋەبىدىن مېيىپلىك ھەم روھىي كېسەللىك ئازابىنى تارتىۋاتقان-
لـىـقىنى بايقىدى . ئۇ ، بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ ، مېيىپلارنى
ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قـىـلـىش ئۈچۈن ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر مېيىپلار بىرلەشمى-
سـىـنـى ۋۇجـۇدقا كەلتۈردى ھەم مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ ، شۇ

خىلدىكى كىشلەرنى ئارخىپلاشتۇردى. شىركەتنىڭ «مىيىپلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئەھدىنامىسى» غا مۇنداق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن:

(1) شىركەت دائىرىسىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەم ئۇلارنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى بۇ ئەھدىنامىنىڭ ئوبيېكتى بولالايدۇ؛ (2) مىيىپلار تۇغما مىيىپ، ئىش ئۈستىدىكى مىيىپ ۋە كېسەل سەۋەبىدىن بولغان مىيىپ دەپ تۈرگە ئايرىلىپ، ئالاھىدە، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلەردىن ئىبارەت تۆت خىل پەرق بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ؛ (3) مىيىپلارغا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەت — پاراۋانلىق فوندىدىن 3%، مۇكاپات فوندىدىن 2%، پاي ئۆسۈمىدىن 1%، دارامەت فوندىدىن 1% ئايرىلىدۇ ھەمدە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى خالىس ياردەم بېرىدۇ؛ (4) نىشانلىق داۋالىتىش، ساياھەت قىلدۇرۇش، تۇرمۇش ياردىمى تارقىتىش، ئىستراخوۋانىيىگە قاتنىشىش، تىجارەت يولىغا يېتەكلەش ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ؛ (5) ئىش ئۈستىدە مىيىپ بولغانلارنى داۋالاش ئىشلىرىدا ئەسلى ئورۇن 50% چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل ۋە تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن زور بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە يۇتىدىن ئايرىلىپ ناكا بولغان ئىككى نەپەر ئائىلە - تاۋابىئات كۆكۈلدىكىدەك داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. قولىدىن ئايرىلغان بىر مىيىپ بىلەن يەنە بىر روھىي كېسەل ھازىر جىددىي داۋالىنىۋاتىدۇ. شىركەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق مىيىپ ۋە باشقا بىمارلارنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ داۋالىتىپ، يېقىن مەزگىل ئىچىدە ئۇلارنى ساغلام، بېجىرىم ھالەتكە كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى.

# خاتىمە

زىيارىتىم ھازىرچە ئاخىرلاشتى. بىراق، يۇرتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايە يولىدا ئىزدىنىپ مۆجىزە يارىتىۋاتقان كېرەم قاسىم ۋەكىللىكىدىكى شايار ئەزىمەتلىرىنىڭ كۈرەشلىرى تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. زىيارەت داۋامىدا مەن ئۇ-نىڭ 40 كىشىلىك بىر ئىنگىلىز تىلى سىنىپى ئېچىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئەھۋال ئىدى. ئەپسۇسكى، دەل شۇ پەيتتە بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ ئىختىيارسىز خاتىرجەمسىزلەندىم، ۋۇجۇدۇمنى ئەندىشە تۇمانلىرى قاپلىۋالدى.

بىر يىل ئىلگىرى مەن مەلۇم ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بىلەن پاراڭلىشىپ قالغان ئىدىم. ئۇ ئەسلىدە ×× يېزىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، بىرنەچچە يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش، سىياسەتكە، ئەقىل - پاراستىگە تايىنىش ئارقىلىق ئۆز يۇرتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ياساپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە ئالدىن يۈرۈش قىلغان يېزىلار قاتارىغا ئۆتكۈزگەن. ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ، بۇ يېزىنى سەككىز تۈردە مەملىكەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش پىلانىنى تۈزۈۋاتقاندا، تۇساتتىن ئۆستۈرۈلۈپ، ئۆزىگە ئەزەلدىن ناتونۇش بولغان بۇ ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ كۆڭلىدە نارازى بولغان بولسىمۇ قىيمىغان، ئازابلانغان ھالدا تەشكىلنىڭ قارارىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم بولغاندىن كېيىنكى تەسىراتىنى سۆزلەپ كېلىپ، يېڭى خىزمەت ئورنىدىمۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىگە يۆككەن

ئاشۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا ئۆكۈنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ قېتىم مەن جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى خەۋەر- لەرنى ئاڭلاپ، كېيىرەم قاسىمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم: ئۇنىمۇ ئۆستۈرەمۇ؟ ئەمەلىيەتتە قولىدىن ئىش كېلىدى- غان ئىقتىدارلىق كادىرلارنى ئۆستۈرۈش يامان ئىش ئەمەس. بىراق، ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولسىلا مەيلىغۇ!

1995 ـ يىل 3 ـ ، 4 ـ ئاي، ئاقسۇ



本书包括作者一部中篇小说和几部报告文学佳作。

جاۋابكار مۇھەررىرى : **تۇردى يامغۇر**
جاۋابكار كوررېكتورى : **بەختىيار جەسۇر**

**پۇلسرات كۆۋرۈكى**

( پوۋېست ـ ئەدەبىي ئاخباراتلار )

ئاپتورى : **ئابلىز ئوسمان**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850مم ، 32 / 1
باسما تاۋىقى : 8.875 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5080 —— 1

ISBN7 — 5373 — 0658 — 3/I. 180
باھاسى : 11.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-5373-0658-3

9 787537 306584 >

ISBN7 — 5373 — 0658 — 3

I. 180(民文)　باھاسى : 11.00 يۈەن